ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

## قوش ئايلىق ژۇرنىلى

22-يىل نەشرى

ئومۇمىي 80-سان

2001

باش مۇھەررىر:  **ئابلەت ئىمىن**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:  **پەرىدە ئەمىن**
مۇھەررىر:  **ئەزىز تۇردى**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

## 2001 ـ يىللىق 5 ـ سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«ئىسكەندەرنامە» دىن ............................. مەۋلانا مەنۇچېھرە ھەكىم (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەخرىددىن ئىمىن

«مىفتاھۇل ـ ئەدەب» تىن ...... ئابدۇلقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى (15)

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەر ئوسمان شىپائى

### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

تارىخى رەشىدىي ................................. مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (39)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى ......................... ھېرمان ۋامبېرى (48)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇۋاھاپ قادىر

## تارىختىن ئىزلار

تەقدىرنىڭ سول كۆزى ........................................ ئەزىزى(59)

## مەشھۇر شەخسلەر

ئەلىشىر نەۋائى...................................... (72)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

## دەۋرىمىز سەھىپىلىرىدە

ئىسلامىيەتتىكى ئاياللار ۋە 21 ـ ئەسىردىكى خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ تەقدىرى
.......................................... يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى(85)

*        *

خەتتات: نىياز كېرىم شەرقىي

نەققاش: تۇردى قادىر نازىرى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

*        *

**مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە:** نازاكەت (ئىران رەسىملىرىدىن) ئابدۇۋاھاپ قادىر تەمىنلىگەن.

**مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە:** «مىفتاھۇل ـ ئەدەب» نىڭ قوليازمىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت.

**مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە:** مىرزا ھەيدەر كۆرەگان، رەسسام: مۇختار جۇمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «ئىسكەندەرنامە» دىن①

مەۋلانا مەنۇچىھرە ھەكىم

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەخرىددىن ئىمىن

## ئىسكەندەر ساھىبقىراننىڭ مازاندارانغا بېرىپ دىۋىلەر بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، ئەرجەڭ دىۋىنى مەغلۇپ قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەرنىڭ بايانى

بۇ داستاننى رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ:

جالىنۇس بىلەن ئۇلۇس ھاجى تەرخاندىن ئۇچقىنىچە مازاندارانغا يېتىپ باردى. مىھتەر ئىسفەندىيار مازاندارانىدىكى ئەييارلار بىلەن كىيا مۇزەففەرنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

— بىر ھەكىم خۇداپەرەسلەرنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ، بۇ تەرەپكە پاناھ ئىزدەپ كېلىپتۇ، كۆرۈنۈش تەلەپ قىلىدىكەن، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى كىيا مۇزەففەر. جالىنۇس بارگاھقا كىرىپ ئولتۇردى ۋە ئىسكەندەرنىڭ ئۈستىدىن كۆپ شىكايەتلەر قىلدى.

— ئەگەر ئىسكەندەر بۇ يەرگە قەدەم قويغۇدەك بولسا، — دېدى كىيا تالىپ، — ئەرجەڭ دىۋە ۋە بارلىق دىۋىلەر ئۇنى يوقىتىدۇ.

— مەن قۇرئىدىن ئىسكەندەرنىڭ سىنىڭ قولۇڭغا چۈشىدىغانلىقىنى كۆردۈم، — دېدى جالىنۇس. بۇ گەپتىن كىيا تالىپ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ جالىنۇسنى ئەرجەڭ دىۋىنىڭ غارىغا باشلاپ باردى. جالىنۇسنىڭ كۆزى بىر نەررە دىۋىگە چۈشتى. دىۋىنىڭ بېشىدا نەچچە غۇلاچ مۈڭگۈزى بولۇپ، بەدىنى قاپقارا ۋە ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇ سەپ تارتىپ تۇرغان دىۋىلەرنىڭ قاتارىدا تۇراتتى. كىيا مۇزەففەر، كىيا تالىپ ۋە جالىنۇسلار دىۋىلەرگە تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە دىۋىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابەن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلدى. ئەرجەڭ دىۋە بىر نەررە دىۋىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا جاھارۇم قاف قەلئەسىدىكى ھەزار دەستانغا نامە يېزىشنى بۇيرۇدى. نامە «قەلئەدىكى بارلىق دىۋىلەرنى ئېلىپ بۇ يەرگە كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنى يوقاتقايسەن» دېگەن مەزمۇندا يېزىلدى. ھەزار دەستان ھەم باتۇر، ھەم سېھىرگەر ئىدى. نەررە دىۋە ئەرجەڭ دىۋىنىڭ نامىسىنى ئېلىپ، جاھارۇم قاف قەلئەسىگە قاراپ راۋان بولدى.

بۇ تەرەپتىن نەۋفەل ئىبنى ھامان دەريا بويىغا يېتىپ كېلىپ، چېدىر - بارگاھ تىكىپ ئورۇنلاشتى. ئەمىرمۇ ھەيۋەتلىك قوشۇنلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ بارگاھقا ئورۇنلاشتى. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەرەستۇ بىر خەيرلىك سائەتنى تاللىدى. ئەمىر لەشكەرلىرى بىلەن كېمىگە ئولتۇرۇپ، دەريا بىلەن يۈرۈپ كەتتى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت پەرسەخ كەڭلىكتە بىر قۇرۇقلۇق (ئارال) بار ئىدى. ئۇ يەرگە سەئىد خەتەر كۆھىنىڭ جايلىشىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەتە مازاندارانغا بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئەمىرگە خەۋەر قىلىشتى. ئەمىر قولىغا شەمشەر ئېلىپ باتۇرلار بىلەن ئارالغا چىقتى.

---

① بېشى ئالدىنقى ساندا

سەئىدنىڭ تۆت مىڭ ئادىمى بار ئىدى. ئۇ ئەمىرنى كۆرۈپلا ئۆزىنى ئەمىرنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ، دەرھال مۇسۇلمان بولدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، جازادىن خالاس قىلدى. ئەتىسى ئەمىر يەنە سۇ يۈزى بىلەن يولىغا راۋان بولدى. مۇرات شامىلى چىقىپ، كېمىلەرنى خۇددى ئوق ۋە چاقماقتەك تېزلىك بىلەن ئېلىپ ماڭدى. بىر ئايدىن كېيىن كېمىلەر قۇرۇقلۇققا يەتتى. ئەمىر لەشكەرلىرى بىلەن كېمىدىن چۈشۈپ، قۇرۇقلۇققا چىقتى. ئىسكەندەر مېھتەر نەسىمنى ئالدىغا چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا:

— مازاندىران شەھىرىگە بېرىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇدى. نەسىم مازاندىران شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەر ناھايىتى ھاۋالىق جاي ئىدى. نەسىم بوۋاي قىياپىتىگە كىرىپ، بىر باغ تىكەننى ئۈچىسىغا ئارتتى - دە، كۆزىدىن ياش، بۇرنىدىن ماڭقا ئېقىتقان ھالدا پۈتىدىكى ئەسكى ئاياغنى سۆرەپ، ھەر قەدەمدە بىر توختاپ، ھەر توختىغاندا بىر ھىيلىنى ئويلاپ، بىر ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئاشخانىدا بىر ياش يىگىت ئولتۇراتتى. نەسىم غەللىدىكى پۇللارنىڭ پۈتۈنلەي ئالتۇن ۋە تىللا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئۇنى كۆرگەن يىگىت:

— ئەي بوۋاي، تىكىنىڭنى ساتامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ساتىمەن، — دېدى نەسىم.

— قانچە پۇلغا ساتىسەن؟

— قانچە بەرسىڭىز مەيلى.

— تىكەننى قويغىن، — دېدى يىگىت.

نەسىم تىكەننى يەرگە قويماقچى بولۇپ يەنە ئالدىغا ماڭدى. يىگىت شاگىرتىغا قاراپ:

— بۇ بىزگە كېرەك، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان نەسىم سەگەكلەشتى ۋە كۆڭلىدە «بۇ يىگىت بەلكى سېھىرگەر بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى. ئۇ پۇل ئېلىش ئۈچۈن يىگىتنىڭ يېنىغا باردى. يىگىت ئۇنىڭغا بىر دانە ئابباسىي دىنار بەردى، نەسىم دىنارنى قولىغا ئالدى - دە، ئىككى قىلىپ يىگىتنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بەردى. يىگىت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، بوۋاينىڭ كەم ئىكەنلىكىنى پەملىدى، لېكىن چاندۇرمىدى ۋە ئابباسىي دىنارنى نەسىمگە قايتۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ بەرگىنى ئون ئىككى دىنار ئىدى. يىگىت نەسىمگە قاراپ:

— ئەي بوۋاي، — دېدى، — ئەگەر قونغۇدەك بىرەر جاي تاپالمىغان بولساڭ، مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ، ماڭا مېھمان بول.

نەسىم كۆڭلىدە «قونىدىغان ئوبدان جاي تاپتىم» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇستا يىگىتكە ھەمرا بولۇپ ماڭدى. ئۇلار بىر كاتتا ئىمارەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇستا يىگىت:

— بۇ ئوغرىنى تۇتۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى. شۇ ھامان نەسىم قورشاۋغا ئېلىنىپ مىدىرلىيالماي قالدى، ئۇنىڭ قول - ئايىغى باغلىنىپ، قازناققا سولاپ قويۇلدى. نەسىم ئۆز - ئۆزىگە: «ئەي نەئىم كوسىنىڭ ئوغلى، ئاقىۋەت تاماگەرلىكىنىڭ جازاسىنى تارتتىڭ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردىڭ» دېدى ۋە قازناقنىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. قازناق ئىچىگە ئادەمنىڭ بۇرۇن ۋە قۇلاقلىرى ئېسىلغان ئىدى. بۇنى كۆرگەن نەسىم «يارەب، يارەب، يارەب» دەپ تەكرارلاشقا باشلىدى.

بىر ھازادىن كېيىن نەسىمنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىشتى. ئۇستا يىگىت ئادەملىرىگە:

— پىچاق ئېلىپ كېلىڭلار، بۇ ئوغرىنىڭ كاللىسىنى ئۆزەي، بۇ ئەييار مېھتەر نەسىمنىڭ دەل ئۆزى، — دېدى. نەسىم پەرياد قىلىشقا باشلىدى:

— مەن مېھتەر نەسىم ئەمەسمەن، مېھتەر نەسىمنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىرىمۇ ئەمەس ···

يىگىت:

— سەن مېھتەر نەسىم بولمىساڭمۇ ئۆلتۈرىمەن، — دەپ، نەسىمنى يەرگە يىقىتىپ، كانىيىغا پىچاقنى تاقىدى. نەسىم ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئۆيدىن بىر ئايال چىقىپ چۇقان كۆتۈردى ۋە:

— مېنىڭ قېرىنداشىمنى نېمە قىلماقچىسەن، ئۇنى ئۆلتۈرەمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى. يىگىت:

— ئۇنداق بولسا، بۇنى ساڭا بەردىم، — دېدى - دە، نەسىمنىڭ مەيدىسىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھېلىقى ئايال نەسىمنىڭ قولىنى يەشتى ۋە ئۆزىنى نەسىمنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى.

نەسىم:

www.uyghurkitap.com

— سەن قانداق قىلىپ مېنىڭ سىڭلىم بولۇپ قالدىڭ؟ مېنىڭ ئايال قېرىندىشىم يوق ئىدىغۇ! — دېدى ئۇنىڭغا.

— مېھتەر نەئىم گەردۇسىيەدىن مىسىرغا كەلگەن ۋاقىتتا، — دېدى ئايال، — مېنىڭ ئانامنى ئالغان ئىكەن ۋە شۇندىن كېيىن مەن دۇنياغا كەلگەن ئىكەنمەن. بۇ كىشى، — دەپ يىگىتنى كۆرسەتتى ئۇ، — مېنىڭ ئېرىم بولىدۇ، ئۇنى سەرھەڭ مىسىرى، دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ مېنى مىسىرغا ئېلىپ كەلگەن ۋاقىتتا سېنىڭ ئاتاڭ پەرەڭگىستاندا ئىدى. مەن ھازىر بىرقانچە باللىق بولدۇم.

نەسىم ئورنىدىن تۇردى ۋە يىگىتنىڭ ساقىلىدىن تۇتتى:

— مېنىڭ سىڭلىمنى ئېلىپ، ئىشرەت بىلەن كۆڭلۈڭنى خۇش قىلغىنىڭ يەتمىگەندەك، يەنە مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟ — دېدى.

— شوخلۇق قىلما، — دېدى سەرھەڭ.

— قىلىمەن، — دېدى نەسىم، ئاندىن ئۇ — قازناقتىكى قۇلاق ۋە بۇرۇنلا قانداق ئىش؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ مەن كېسىۋالغان كاپىرلارنىڭ قۇلاق - بۇرۇنلىرى، مەن كۈندۈزى ئاشپەزلىك قىلىمەن، كېچىسى بولسا دەستىبۇردلىق قىلىمەن (قول سالىمەن) …

شۇ سۆز بولۇۋاتقاندا ئۇلارنىڭ يېنىغا ئەبيار چىراي ئون ئىككى ياشلاردىكى بىر ئوغۇل كەلدى، سەرھەڭ ئۇ بالىغا قاراپ:

— تاغاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، قولىغا سۆي، — دېدى.

بالا نەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا سۆيدى ۋە نەسىمنىڭ قولىدىكى ياقۇت ئەنگۈشتەرنى تۇيدۇرماي ئېلىۋالدى، نەسىممۇ بالىنىڭ قۇلىقىدىكى ھالقىنى ئېلىۋالدى. بۇ بالىنىڭ ئىسمى ئەبۇلفەتىھ ئىدى.

ئاز ۋاقىتتىن كېيىن نەسىم قولىدىكى ئەنگۈشتەرنىڭ يوقالغانلىقىنى سېزىپ ھەيران بولدى. شۇ چاغدا ئەبۇلفەتىھ ئەنگۈشتەرنى سۆيۈپ ئاندىن نەسىمگە قايتۇرۇپ بەردى ۋە نەسىمدىن ئۆزىنىڭ ھالقىسىنى قايتۇرۇۋالدى. نەسىم بالىنىڭ ئەبيارلىقتا قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

بابا نەسىم بۇ كېچە شۇ يەردە بولدى، ئەتىسى كىيا مۇزەففەرنىڭ بارگاھىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ يەرگە بارغاندا ئون يەتتە نەپەر مازاندارانلىق ئەبيار مېھتەر ئىسفەندىيارنىڭ يېنىدا تۇراتتى. كىيا مۇزەففەر بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەرجەڭ ھەزار دەستانىنىڭ كەينىدىن شۇنچە دىۋىلەرنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مانا ھازىرغىچە بۇ يەرگە كەلمىدى. بىز ئۆزىمىز تەرەپتىن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىمىز لازىم، — دېدى. تەرەپ - تەرەپكە نامە ئەۋەتىلدى، جۈملىدىن ئەردەشىر شاھ ئالەمگىمۇ بىر نامە ئەۋەتىلدى.

نەسىم ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. ئەمىر ئەرەستۇغا قاراپ:

— ھەكىم، ھازىر بۇ يەردىن قوزغىلىشىنىڭ ياخشى سائىتىمۇ، ئەمەسمۇ؟ قۇرئىگە قاراپ كۆرگىن، — دېدى.

— بىرنەچچە كۈن توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى ئەرەستۇ.

— مېھتەر نەسىم، سېنىڭچە قانداق؟ — دەپ سورىدى ئەمىر.

— ئۇ يەرلەر نىشانسىز جاڭگالدۇر، جاڭگال يولنى توسۇپ تۇرىدۇ، — دېدى مېھتەر نەسىم.

— بىر باتۇر ياغاچچىلار بىلەن دەرەخلەرنى كەسسۇن، — دېدى ئەمىر.

ئىسھاق بىننى ئۇلۇس ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن جاڭگالغا يول ئالدى. مازاندارانلىقلار ئورمانلىقتا يوشۇرۇنغان ئىدى. ئىسھاقنىڭ ئادەملىرىگە ھەر تەرەپتىن ئوق ئېتىپ يۈز ئادىمىنى ھالاك قىلدى. بۇ ئىشنى ئەمىرگە خەۋەر قىلىشتى. ئۇلۇس ئىسھاققا تەنە قىلىپ:

— جاڭگالدا يىرتقۇچلارنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنسىز - دە، — دېدى. ئىسھاق بېشىنى تۆۋەن قىلىپ جىم تۇردى. ئەمىر ئۇنىڭغا يەنە ئۈچ ئادەمنى قوشۇپ يولغا سالدى. ئۇلار جاڭگالغا باردى، ئۆيلىمىغان يەردىن بۇ يەرگە ھەزار دەستان يېتىپ كەلدى - دە، ئەمىرخاننىڭ قىياپىتىدە ياسىنىپ، ئىسھاققا يېقىنلاشتى ۋە:

— ئەي دىلاۋەر، كەلگىن، بىللە بېرىپ قەدەر مەيى ئىچەيلى، — دېدى. ئىسھاق ناپاك ھەزار

دەستاننىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ، جاڭگالنىڭ ئىچىگە كىردى. ھەزار دەستان دىۋە سېھىرگەرلىك ھۈنىرى بىلەن ئۇنى تۇتۇپ، غارنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ قاماپ قويىدى ـ دە، ئۆزى ئىسهاقنىڭ قىياپىتىدە ياسىنىپ، يولۇچى ـ سودىگەرلەردىن بىرمۇنچە ئادەمنى ئۆلتۈردى، بىرقانچە سودىگەر ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ، «ئىسهاق سودىگەرلەرنىڭ گەدىنىگە ئۇرۇپ ئۆلتۈردى» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. ئىسكەندەر سەئىدانغا:

— سەن بېرىپ ئىسهاقنى ئوردىغا قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزۈڭ ئىش بېشى بولغىن، — دەپ بۇيرۇدى. سەئىدان جاڭگالغا يېتىپ باردى. ئىسهاق سەئىدانغا:

— كەل، مەي ئىچەيلى، ئاندىن كېيىن مەن ئوردىغا باراي، — دېدى ۋە سەئىداننىمۇ يۇقىرىقىدەك ھۈنەر بىلەن غارغا ئېلىپ كىرىپ باغلاپ قويىدى ـ دە، ئۆزى سەئىداننىڭ قىياپىتىدە ياسىنىپ، بىرقانچە سودىگەرنىڭ كاللىسىنى ئالدى. سودىگەرلەر يەنە ئىسكەندەرگە سەئىداننىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلدى.

كېچىسى ئەمىر ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىلۇللاھنى چۈشىدە كۆردى. ئىبراھىم خەلىلۇللاھ ئۇنىڭغا: «ئەي پەرزەنت، ئاگاھ بولغىنكى، سەئىداننىڭ سۈرىتىدىكى كىشى ھەزار دەستان دىۋىدۇر. بارغىن، ئۇنى ئۆلتۈرگىن» دېدى. ئەمىر ئورنىدىن تۇرۇپ، خوجا كافۇر بىلەن خوجا سەندەلگە خوجا ئالماسنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. خوجا ئالماس يېتىپ كەلدى، ئەمىر ئۇنىڭغا: «ئوق ۋە يانى ئېلىپ كەلگىن» دېدى.

ئەمىر سەئىداننىڭ چېدىرىغا كەلدى. كىشىلەر ئەمىرنىڭ كەلگەنلىكىنى ھەزار دەستانغا خەۋەر قىلىشتى. ھەزار دەستان چېدىردىن چىقىپ:

— ئەي شەھرىيار نېمە ئىش ئۈچۈن كەلدىڭىز؟ — دېدى. ئەمىر ئوقنى ياغا تارتىپ ئۇنىڭغا قارىتىقان ئىدى، ئۇ ناپاك نەرە تارتىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئەمىر ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئاتتى، ئوق ئۇنىڭ يوتىسىغا تېگىپ تېشىپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ئەمىر نەسىمگە «شەھەردىن ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلىپ كەل» دەپ بۇيرۇدى. مېھتەر نەسىم شەھەرگە راۋان بولدى. ئۇ شەھەردە كىيا تالىپ ئاسترابادنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقان كىيا مۇزەففەرنى كۆردى. نەسىم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆزى قارشى تەرەپتىن تاج كىيگەن، ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى يوق بىر باتۇرغا چۈشتى. «بۇ دىلاۋەر كىم بولىدۇ؟» دەپ سورىدى نەسىم. «بۇ تۇر بەدەمەستتۇر» دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئۇلار بارگاھقا يېتىپ كېلىشتى. نەسىم «خۇدايا، بۇ دىلاۋەرنىڭ يامانلىقىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىنى سالامەت قىلغىن» دېدى.

— خۇداپەرەسلەر قانداق كىشىلەر؟ مەن ئۇلارنى كۆرۈپ باققىنىم يوق، — دېدى تۇر.

— مەن ئۇلاردىن ئىككىيلەننى بەند قىلىپ قويىدۇم، — دېدى كىيا مۇزەففەر.

— ئۇلارنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈڭلار، — دېدى تۇر. سەئىدان بىلەن ئىسهاقنى قوللىرى باغلانغان ھالدا ئېلىپ كېلىشتى. تۇر بۇلارنى كۆرۈپ:

— بۇلارنىڭ قانداق كارامىتى بار؟ — دېدى.

— بۇلار شۇنداق باتۇرلاركى، — دېدى جالىنۇس، — ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ بېشىغا بىر شەمشەر ئۇرسا مىڭغەن ئېتىنىڭ تېگىگىچە يەتكۈزۈۋېتەلەيدۇ.

— مەن ھەرگىز ئىشەنمەيمەن، — دېدى تۇر.

سەئىدان ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئەگەر قولۇم بوش بولغان بولسا، سېنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەن بولاتتىم، ھەزار دەستان بىزنى ھىيلە ئىشلىتىپ تۇتۇۋېلىپ، قوللىرىمىزنى باغلاپ، بەند قىلىپ قويىدى. سەنمۇ خالىغىنىڭنى قىل، — دېدى.

— ئۇنىڭ قولىنى يېشىۋېتىڭلار، — دېدى تۇر، — بىز كۈچ سىنىشىپ كۆرەيلى، ئەجەب چوڭ سۆزلەيدىغۇ بۇ.

سەئىداننىڭ قولىنى يېشىۋېتىشتى.

نەسىم ئىسكەندەرنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى ۋە ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزدى. ئىسكەندەر جەڭ كىيىمىنىڭ ئۈستىگە لىباس كىيىپ تۇرقىنى ئۆزگەرتتى ـ دە، نەچچە نەپەر دىلاۋەر بىلەن بىللە تۇرنىڭ بارگاھىغا قاراپ ئاتلاندى ۋە دەل تۇر بىلەن سەئىدان ئېلىشىۋاتقان پەيتتە يېتىپ كەلدى. شۇ چاغدا سەئىدان بىر كۈچىگەن ئىدى، تۇرنىڭ پۇتلىرى لاغىلداپ تىترەپ، ئوڭدىسىغا يىقىلدى. بۇنى كۆرگەن مازاندارانلىقلار ئورنىدىن قوزغىلىشقان ئىدى، ئەمىرمۇ قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ ئۇلارغا ئۆزىنى ئاتتى. نەسىم چاققانلىق بىلەن

www.uyghurkitap.com



ئىسھاقنىڭ قولىنى يېشىۋەتتى. ئىسھاقمۇ قولىغا شەمشەر ئېلىپ، مازاندارانلىقلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. شۇ چاغدا قافىنىڭ نەررە دېۋىلىرىدىن راھدار دىۋە يېتىپ كېلىپ بۇلارغا ھۇجۇم قىلدى، لېكىن ئەمىرخان ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمەي، قولاق تۈۋىگە بىرنى ئۇرغان ئىدى، بېشى قېيىپ يىقىلدى. ئاندىن ئەمىرخان ئۇنىڭ بېشىنى چىرماپ تۇتۇۋېلىپ يىلتىز تومۇرىدىن يۇلۇپ ئېلىپ يىراققا تاشلىۋەتتى. مازاندارانلىقلارنىڭ ئارىسىدىن غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ ئەمىر دىلاۋەرلىرىنى ئېلىپ ئوردىغا قايتىپ كەلدى.

يەنە بىر كۈنى سەئدان جاڭگالدىن چىقىپ، شەھەرگە يېقىن بىر يەرگە چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشتى. تۇر بىلەن شەمسىمۇ مىلك ئادەم بىلەن شەھەردىن چىقىپ، ئەھلى ئىسلامنىڭ ئۇدۇلىغا چېدىر ـ بارگاھ تىكىپ ئورۇنلاشتى ۋە تۇرنىڭ نامىدا جەڭ دۇمبىقى چالدى. ئەتىسى ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل بولۇپ سەپ تۈزۈشتى. تۇربەد مەست مەيدانغا چۈشۈپ يەكمۇ يەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەرەپتىن سەئدان مەيدانغا چۈشۈپ ئىككىسى نەيزىۋازلىق قىلىشقا باشلىدى. نەيزىلەر ئاتنىڭ بوينىغا تېگىپ، يايلىدىن قانلار ئېقىپ چۈشتى. سەئدان قولىغا شەمشىرىنى ئېلىپ تۇرنىڭ قۇبېسىگە ئۇرغان ئىدى، شەمشەر قۇبېدىن ئۆتۈپ ئىككى ئىلىك يەردە توختىدى. تۇر ھەر ئىككى تىغنىڭ زەربىسىنى سۇپەر بىلەن رەت قىلدى. مازانداران لەشكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ، ئاخىر مەغلۇب بولدى. كۈن ئولتۇردى، ھەر ئىككى تەرەپ جەڭنى توختىتىپ ئارامگاھىغا بېرىپ ئارام ئېلىشتى. ئەمىرنىڭ ئادەملىرى سەئداننىڭ ھۇجۇم قىلىشتىكى باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

ئەتىسى باياۋاننىڭ ئېتىكىدىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ، سەكسەن بايراقلىق سەكسەنمىڭ كىشى كۆرۈندى. ئەمىر نەسىمگە:

ــــ ئەي نەسىم، بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ كەل، ــــ دەپ بۇيرۇق قىلدى. نەسىم ئۇ تەرەپكە بېرىپ، بەش ئاق پىلنىڭ ئۈستىدىكى تەختتە بېشىغا تاج كىيگەن، دۇختەر ئەيىيارچە لىباس كىيگەن پادىشاھنى ۋە ئۇنىڭ كەينىدە شىرۋان ئاتلىرىغا مىنگەن قىرىق ئەيىيارنى كۆردى. ئەيىيارلار چاچلىرىنى ئۆزۈن قويۇۋەتكەن ئىدى. نەسىمنىڭ ئەقلى لال بولدى ۋە ئۇلاردىن «بۇ پادىشاھ كىم بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. «بۇ ئەردەشىر شاھى ئالەمىيدۇر، تۇئىببىيارپىشە بولسا ئۇنىڭ قىزى بولىدۇ» دېيىشتى. ئەردەشىر شاھ يېتىپ كېلىپ بىر تەرەپكە چۈشكۈن قىلدى. نەسىم فەتاننەنىڭ چېدىرىغا بېرىپ يەتتى ۋە يىراقتىن قاراپ تۇردى. فەتاننە بىر ئادەمنىڭ بويىنىنى سوزۇپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ـ ئۆزىگە «بۇ بەلكىم نەسىم بولسا كېرەك» دېدى ۋە ئاپتوۋىنى قولىغا ئالدى. نەسىم «فەتاننە بەلكى مېنى تونۇسا كېرەك، ئۇ مېنى كۆرۈپ قالمىسا بولاتتى» دېدى ۋە كەينىگە ياندى. لېكىن فەتاننە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئىشتان بېغىنى يېشىپ سىيىشكە باشلىدى. نەسىم قورققىنىدىن گەپ قىلالماي قالدى يۇ، لېكىن كۆڭلىدە «ئۇنىڭ كۆكسىنىڭ قۇربانى بولاي» دەپ ئويلىدى. ئۇ «بۇ ئاخشام بۇ ئاق بەدەننى باغرىمغا باسسام» دەپ ئويلايتتى. فەتاننە ئىشتان بېغىنى باغلاپ ئاپتوۋىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. لېكىن، نەسىم ئۆرۈلۈپ ماڭغۇچە فەتاننە ئۇنىڭ كەينىدىن سالما تاشلاپ تارتتى. نەسىم زېمىنغا نەقش باغلىدى (يەرگە چاپلىشىپ قالدى) . فەتاننە ئۇنىڭ قول ۋە گەۋدىسىنى قوشۇپ باغلاپ ئېلىپ كېلىپ تۆۋرۈككە تاڭدى ۋە:

ــــ ئەي نەسىم، ئەجەب ئوبدان تۇتۇلدۇڭ، ــــ دېدى.

ــــ مەن بىر ئاجىز ئادەممەن، نەسىم دېگەن كىم؟ ــــ دېدى نەسىم.

ــــ سەن نەسىم ئەمەسمۇ؟ ــــ دېدى فەتاننە ۋە چىرايلىق قولىنى سۇنۇپ ئېتىكىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇ يەتتە دانە فۇتۇرەئى مەرۋەرىد بىلەن زىننەتلەنگەن كىيىم كىيگەن ئىدى، ئۇ ئادەملىرىگە:

ــــ بۇنى ياخشى ساقلاڭلار، ئەتە ئۆلتۈرىمەن، ــــ دەپ كېتىپ قالدى.

نەسىمنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلى ئەبۇلفەتھ نەسىم سولاپ قويۇلغان چېدىرنىڭ ئىشىكىگە كەلدى ۋە بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆردىيۇ، سەۋرى قىلىپ تۇرۇپ، تازا قاراڭغۇ چۈشكەندە چېدىرنىڭ ئىككى تال مىقىنى يۇلۇپ چېدىرغا كىردى ۋە نەسىمنى قۇتۇلدۇردى. تاشقىرىغا چىقىپ «تېزرەك كېتەيلى، بۇ ناپاك ئەجەب مەككار ئىكەن» دېيىشتى ۋە ئوردىغا قاراپ يول ئالدى. ئوردىنىڭ قوۋۇقى تېخى تاقالمىغان ئىكەن، نەسىم يېتىپ كېلىپ بولغان ئىشلارنى ئەمىرگە بايان قىلدى. ئەبۇلفەتھكە ئوڭ قول تەرەپتىن نەسىمنىڭ قول ئاستىدا، نەئىم كوسىنىڭ باراۋىرىدە ئورۇن بېرىلدى.

ئەتىسى نەسىمنىڭ يوقالغانلىقى فەتاننەگە خەۋەر قىلىنىدى، فەتاننە قاتتىق ئۆكۈنۈش ئىچىدە قالدى.
ئۇ تەرەپتە كىيا تالىپ، كىيا مۇزەففەر ۋە جالىنۇسلار ئەرجەڭنىڭ غارىغا جەم بولۇشتى ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئەرجەڭگە:
— تۇر ياردار بولدى، سىزنىڭ نېمە پەرمانىڭىز باركىن؟ — دېيىشتى.
— دىۋىلەر يىغىلسۇن، — دېدى ئەرجەڭ. شۇ چاغدا ئاسماندىن قىرىق مىڭ دىۋە ئۇچۇپ چۈشتى. ئەرجەڭ ئۇلارغا:
— بۈگۈن كېچە ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىنى ۋەيران قىلىڭلار، ھەربىرىڭلار بىردىن تاشنى ئېلىپ خۇداپەرەسلەرنىڭ بېشىغا ئۇرۇڭلاركى، تىن تارتماي ئۆلسۇن، — دەپ بۇيرۇق بەردى. بۇ چاغدا ئەبۇلفەتھە كىيا مۇزەففەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئارىسىدا يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئەمىرگە يەتكۈزدى. ئەمىر ئەرەستۇ بىلەن مەسلىھەتلەشتى.
— ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، بىر ئادەممۇ تىرىك قالمايدۇ، — دېدى ئەرەستۇ.
— ماڭا شۇنداق بىر باتۇر كېرەككى، — دېدى ئەمىر، — بۈگۈن كېچە ئۇ بارلىق نەررە دىۋىلەرنىڭ تىزگىنىنى قولىدا تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ كېچىدە ھۇجۇم قوزغىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەسلىكى كېرەك.
سەئدان دىۋەزادە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئەسلىي ئۆزىنىڭ ئەييارى بولغان مېھتەر ئەبۇلفەتھنى قىرىق مىڭ ئادەم بىلەن بىللە ئېلىپ يولغا چىقتى. ئوردىدىن بىر پەرسەخ يىراقلىقتا يېتىپ بارغاندا تۇيۇقسىز ئاسماندىن دىۋىلەر چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەرخاپ دىۋىمۇ بار ئىدى. سەئدان سىرخاپتىن:
— سىز قەيەردە ئىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.
— قافدا ئىدىم، سىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، ئون ئىككى مىڭ نەررە دىۋە بىلەن بىللە كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى سەرخاپ.
سەئدان ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. سەرخاب ئۆزىنىڭ دىۋىلىرىنى يىغدى. ھەربىر دىۋە سەئداننىڭ ئادەملىرىدىن ئىككىنى گەجگىسىگە مىندۈرۈپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. سەئدان شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ ئەرجەڭنىڭ دىۋىلىرىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ دىۋىلەرنى تۇتۇۋېلىپ زېمىنغا تاشلىدى، سەرخاپ بولسا دىۋىلەرنى ئۆلتۈردى. دىۋىلەر يەردىكى مازاندارانلىقلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ئۇلارنى ئۆلتۈردى. سەرخاپ ئەرجەڭنىڭ تۇرارگاھىغا ئۇچۇپ بېرىپ، تۇرمېھرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرغان ئىدى، ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئارىلىقىدىن ئۈتۈپ كەتتى، زەخىملەنگەن ئەرجەڭ دىۋىلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ بەدەر قاچقان ئىدى، سەرخاپ بىلەن سەئدان كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى، تاڭ ئاتتى. قالغان ئەرجەڭ دىۋىلىرى ئەمىرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن تەسلىم بولدى. ئەمىر سەئدانغا كۆپتىن - كۆپ ئاپىرىنلار ئېيتتى. سەرخاپقا ھەددىدىن زىيادە خۇش مۇئامىلىلەرنى كۆرسەتتى. ئۇ تەرەپتىكى كىيا مۇزەففەر بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ قايغۇغا چۆمدى.
تۇرنىڭ يارىسى ساقىيىپ، «جەڭ دۇمبىقى چېلىنسۇن» دېدى. ئەتىسى ئىككى تەرەپ سەپ تارتىشتى. تۇر بەدمەست مازاندارانىي مەيدانغا چۈشۈپ، يەكمۇ يەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. سەئدان ئەمىردىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا چۈشتى. ئىككىسى نەيزىۋازلىق قىلىشقا باشلىدى. تۇر چاققانلىق بىلەن ساتۇر ئۇرغان ئىدى. ساتۇر سەئداننىڭ تىنىگە ئۈچ ئىلىك كىرىپ كەتتى. ئەبۇلفەتھ سەئداننى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئاندىن ئىسھاق مەيدانغا چۈشۈپ ئۇمۇ ياردار بولدى. كەينىدىن ئەمىرخان مەيدانغا چۈشۈپ تاكى نامازشامغىچە ئېلىشقان بولسىمۇ، مەقسەتكە يېتەلمىدى. ئاخىر ھەر ئىككى باتۇر ئارامگاھلىرىغا قايتىشتى.
ئەتىسى فەتاننە مەيدانغا چۈشۈپ غوۋغا كۆتۈردى:
— ئەي مېھتەر نەسىم، ئەگەر مەرت بولساڭ، مەن بىلەن مەيدانغا چۈش.
نەسىم مەيدانغا چۈشۈپ ئۆزىنى رۇسلىدى.
— ئەگەر مەن سىنى تۇتۇۋالسام، — دېدى فەتاننە نەسىمگە، — ئۆزۈم خالىغاننى قىلىمەن سەن مېنى تۇتۇۋالساڭ، سەنمۇ خالىغىنىڭنى قىل.
بۇ چاغدا ئەردەشىر شاھ، كىيا مۇزەففەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ - كاتتىلىرى بايراقنىڭ ئاستىدا ئورۇن ئېلىشىپ تۇرغان ئىدى.
شۇنداق قىلىپ، نەسىم فەتاننەنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىپ خەنجەرۋازلىقتا تۇتۇش قىلدى. فەتاننە

www.uyghurkitap.com

پەيتنى تاللاپ خەنجىرنى نەسىمگە قارىتىپ ئاتقان ئىدى. بابا (نەسىم) كەپتەردەك مۇللاق ئېتىپ، فەتاننەنىڭ خەنجىرىدىن ئۆزىنى قاچۇردى، خەنجەر يەرگە چۈشتى. نەسىم «ئەگەر بىخۇدلۇق قىلسام ئۆلتۈرۈۋەتكىدەك» دەپ فەتاننەگە ھەيۋە كۆرسىتىپ خەنجىرنىڭ كەينى بىلەن ئۇنىڭ گەجگىسىگە ئۇردى ۋە زېمىننى چۆرگىلىتىپ فەتاننەنىڭ قول ـ ئايىغىنى باغلىدى ـ دە، مەيداندىن ئېلىپ چىقماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا ھاۋادىن بىر قول پەيدا بولۇپ، نەسىم بىلەن فەتاننە ئىككىسىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قاراپ تۇرغانلار ھەيران بولۇشۇپ، ئارامگاھلىرىغا قايتىشتى.

رىۋايەتچى مۇنداق دەيدۇ: ھاۋادىن پەيدا بولغان ھېلىقى قول ئەرجەڭ دىۋىنىڭ قولى بولۇپ، ئىككىسىنى غارغا ئېلىپ كېلىپ يەرگە قويدى ۋە:

— ئەي نازىنىن، — دېدى فەتاننەگە قاراپ، — مەن سېنىڭ جامالىڭغا ئاشىقمەن، بۇ ئەييار سېنى تۇتۇۋالدى، ئەمدى مەن بۇنى كاۋاپ قىلىپ يەيمەن.

دەل شۇ چاغدا كىيا مۇزەففەر، جالىنۇس ۋە مېھتەر ئىسفەندىيارلار غارغا كىرىپ كەلدى. جالىنۇس نەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن:

— ئەي شەھرىيار، — دېدى ئەرجەڭگە، — بۇ ئوغرىنىڭ ئۈستىدىن داد ئېيتىمەن، ئۇنى ئۆلتۈرگىن، غاردىن تىرىك چىقمىسۇن، بۇ چوڭ ئاپەتتۇر.

— ئۇنى قانداق قىلىسىڭىز شۇنداق قىلىڭ، — دېدى ئەرجەڭ.

— ئۇنى قىيناپ ئۆلتۈرۈش كېرەك، — دېدى جالىنۇس.

— مەن ئۇنى ئىسكەنجىگە ئالىمەن، — دېدى مېھتەر ئىسفەندىيار. نەسىم يۇنان تىلىدا:

— ئەي جالىنۇس، ماجالىڭنىڭ يېتىشىچە ئىش قىلغىن، — دېدى.

— مەن شۇنداق قىلىشقا تىرىشىمەن، — دېدى جالىنۇس ۋە رەمىلگە قاراپ نەسىمنى قىيناپ ئۆلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئىسفەندىيارغا بۇرۇلۇپ:

— ئۇنى چاھار مىخقا تارتىپ، ئىسكەنجىگە ئالغىن، — دېدى.

نەسىمنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ شۇنداق قىستىكى، ئۇ ھوشىدىن كەتتى، بۇنىڭغا فەتاننەنىڭ يۈرىكى چىدىمىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەي نامەرتلەر، شەكسىزكى بۇ ئۆلدى، قاچانغىچە قىينايسىلەر، — دېدى. ئەرجەڭ فەتاننەگە خۇشامەت قىلىپ:

— بۇنى ئېلىپ چىقىپ غارغا تاشلاڭلار، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ نەسىمنى ئېلىپ چىقىپ غارغا تاشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن مېھتەر نەسىم كۆزىنى ئېچىپ، بېشىنى ئۇلۇغ زاتنىڭ تىزىدا كۆردى. ئۇ:

— ئەي خۇدانىڭ پەيغەمبىرى، سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئىبراھىم خەلىلۇللاھ بولىمەن، — دېدى ئۇ ئادەم، — ساڭا شىپالىق بەردىم. سەن ئىسلام يولىنىڭ قوغدىغۇچىسىدۇرسەن.

نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلۇغ زاتنىڭ قولىنى سۆيدى، ئۇ زات غايىب بولدى. نەسىم ئەرجەڭنىڭ غارىغا قاراپ ماڭدى. بۇ تەرەپتە ئەرجەڭ غاردا ئۆزى يالغۇز قالغان بولۇپ باشقىلار كەتكەن ئىدى. ئۇ فەتاننەگە:

— ئەي نازىنىن، مەن سېنىڭ جامالىڭغا ئاشىقمەن، كەلگىن، ۋىسال قولۇڭنى بويىنۇمغا سالغىن، — دېدى. فەتاننە ئۇنىڭ بىر قولى بىلەن ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىكى چىنارنى، يەنە بىر قولى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىكى كىسەكنىڭ تۇيۇقىدەك جايىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تېپىش ئۈچۈن:

— بولىدۇ، كەلگىن، ئاۋۋال بىرنەچچە پىيالە مەي ئىچەيلى، — دېدى. ئەرجەڭ ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى. فەتاننە مەي قۇيۇشقا باشلىدى. ئەرجەڭ فەتاننەنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە مەي ئىچىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولدى. فەتاننە بولسا بىر تولۇم شارابقا دورى بىھوش سېلىۋەتكەن ئىدى، ئەرجەڭ مەينى ئىچىپلا ھوشسىزلاندى. فەتاننە چاپسانلىق بىلەن بۇ يەردىن چىقىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا مېھتەر نەسىم غارغا كىرىپ ئەرجەڭنىڭ ھوشسىز ھالەتتە ياتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ غاردىن چىقتى، كېسىلگەن باشنى كىيا مۇزەففەرنىڭ بارگاھى يېنىغا قارىتىپ ئاتتى ۋە «مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئەجەب كۈچەپ

كەتكەن ئىدىڭ» دېدى. ئۇ يەردىن جالىنۇسنىڭ قەسرىگە باردى. ئۇ كات ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتاتتى. جالىنۇس دەرھال ئويغاندى ۋە:

— سادىغاڭ كېتەي بابا، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— ھەي بۇزۇقنىڭ ئوغلى، — دېدى نەسىم، بېشىڭنى خوتۇنۇڭنىڭ ①... كىيا مۇزەففەر بىلەن ئىككىڭلار مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىدىڭلار، ئەمدى سېنىڭ كاللاڭنى ئالىمەن.

— سېنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن جاۋاھىراتلارنى تەييارلاپ قويغان ئىدىم، — دېدى جالىنۇس، — مېنى ئۆلتۈرسەڭ ساڭا نېمە پايدا؟ ئىسكەندەرنىڭ بېشى بىلەن قەسەم قىلايكى...

جالىنۇس نەسىمگە قەسەم بەردى، شۇنىڭ بىلەن نەسىم ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچتى، لېكىن ھوشسىزلاندۇرۇپ ساقال - بۇرۇتىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ئاندىن جالىنۇس بەرگەن نۇرغۇن جاۋاھىراتنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. ئويلىمىغان يەردىن نەسىمنى ئۆلدى، دەپ ئويلاپ چىن دىلىدىن قارىلىق تۇتۇش ئۈچۈن، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا كېتىۋاتقان فەتاننەنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدى. نەسىم دەرھال كەمەندىنى يەرگە كۆمدى - دە، كىيىك ئوغلىقىدەك ئاۋاز چىقاردى. فەتاننە كەينىگە ئۆرۈلۈشكە نەسىم كەمەندىنى تارتقان ئىدى، فەتاننە يىقىلدى. نەسىم فەتاننەنىڭ مەيدىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ:

— قولۇڭنى باغلاشقا بەرگىن، — دېدى. فەتاننە نەسىمنى كۆرۈپ:

— شۈكرى، سەن ئۆلمەپسەن، تۇر ئورنۇڭدىن، مەن سېنىڭ خۇدايىڭنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دېدى.

نەسىم ئورنىدىن تۇردى. فەتاننە ئىمان ئېيتىپ چىن دىلىدىن مۇسۇلمان بولدى.

— .ئەمدى ماڭايلى، — دېدى نەسىم. فەتاننە:

— سەن مېڭىۋەر، مەن كەينىڭدىن بارىمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپ كېتىپ قالدى. نەسىم كېتىۋېتىپ «فەتاننە ئەگەر ھىيلە ئىشلەتكەن بولسىچۇ ...» دەپ تەشۋىشلەندى. ئوردىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ خاتىرجەمسىزلىنىپ، چېدىرغا كىرىپ ئولتۇردى، لېكىن كۆڭلى بىر يەردە ئەمەس ئىدى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز ئوردىسىنى ئايلاندى، ئاندىن ئالماس قۇللار قارارگاھىغا باردى. ئۇ يەردىكىلەر نەسىمنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشۇپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشتى، مەي ئىچىش باشلاندى.

فەتاننەگە كەلسەك، ئۇ نەسىمدىن ئايرىلىپ تۇرنىڭ چېدىرىغا باردى ۋە ئۇنى ھوشسىزلاندۇرۇپ پەردەئى گىلەمگە يۆگىدى - دە، كۆتۈرۈپ ماڭدى. تاڭ ئاقارغاندا ئەمىرنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا مېھتەر نەسىم بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇ فەتاننەگە قاراپ: «كىمسەن!» دەپ توۋلىدى.

— مەن فەتاننە، — دېدى فەتاننە. نەسىم ئورنىدىن تۇردى، ئۇ خۇشاللىقتىن تېرىسىگە سىغماي قالدى.

— كىمنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى نەسىم.

— تۇر بەدمەستنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى فەتاننە. ئىككىسى بىرلىكتە ئوردىغا ماڭدى. ئىسكەندەر بارگاھتا ئولتۇراتتى. نەسىم بىلەن فەتاننە كىرىپ كەلدى. ئەمىر نەسىمنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ۋە:

— بۇ كىم؟ — دەپ فەتاننەنى كۆرسەتتى.

— بۇ مېنىڭ مەشۇقۇم فەتاننە، — دەپ جاۋاب بەردى نەسىم.

— ئېلىپ كەلگىنىڭ كىم؟ — دەپ سورىدى ئەمىر فەتاننەدىن.

— تۇر بەدمەستنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى فەتاننە، ئەمىر غەزەپلەندى.

— ساڭا تۇرنى ئېلىپ كەل، دەپ كىم ئېيتتى؟ — دېدى ئەمىر، — كېيىنكىلەر ئىسكەندەر تۇرنىڭ شەمشىرىگە تاقابىل تۇرالماي، كېچىدە ئەييارلىرىنى ئەۋەتىپ تۇتۇپ كەلدى، دەپ ماڭا بەتنام چاپلىمامدۇ؟

فەتاننە پۇتىدىن باغلىنىپ تۈۋرۈككە ئېسىلدى، سەئىد خەتەركۇھى ئۇنى تاياق بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا تۇر پەردەئى گىلەمنىڭ ئىچىدە يېتىپ ھوشىغا كەلدى ۋە ئىسكەندەرنىڭ بىر ئادەمنى

---

① بۇ يەردىكى سۆز قولىيازمىدا ئۆچۈپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com

تاياق بىلەن ئۇرغۇزۇۋاتقانلىقىنى ھەمدە «نېمە ئۈچۈن تۆرنى ئېلىپ كېلىسەن؟» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە «ئەمىر مەرت ۋە مۇرۇۋۋەتلىك ئىكەن» دېدى - دە:

— ئەي ئەمىر كىشۋەرگىرانى، مېنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنى قويۇپ بەر، مەن مۇسۇلمان بولىمەن، — دەپ توۋلىدى. تۆرنى پەردىدىن يەشتى، ئۇ ئەمىرنىڭ پۇتىنى سۆيۈپ ئىخلاس بىلەن مۇسۇلمان بولدى.

ئۇ تەرەپتە تاڭ ئاتقاندىن كېيىن كىيا تالىپ تۆرنىڭ ئېلىپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى ۋە مېھتەر ئىسفەندىيار مازاندارانىنى تۆرنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مېھتەر ئىسفەندىيار ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا كېلىپ، تۆرنىڭ سەندەل ئۈستىدە بەخىرامان ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە قايتىپ كېلىپ كىيا تالىپقا مەلۇم قىلدى. كىيا تالىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىغا مىندى ۋە ئىسكەندەر بارگاھىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ، ئېتىدىن چۈشۈپ كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. ئىسكەندەرگە خەۋەر قىلىنىشتى. ئەمىر: «كىيا تالىپنى بارگاھقا كىرگۈزۈۋېتىڭلار» دېدى. كىيا تالىپ بارگاھقا كىرىپ، سەندەل ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى.

— ئەي ئاتا، — دېدى تۆر ئۇنىڭغا، — ئەگەر تائەت - ئىبادەت قىلىمەن دەپ كەلگەن بولساڭ ئولتۇر، ئەگەر كاپىر بولساڭ قويۇپ كەتكىن. مەن بولسام مۇسۇلمان بولدۇم.

— مەنمۇ مۇسۇلمان بولىمەن، — دېدى كىيا تالىپ ۋە چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئەمىر ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئەي كىيا تالىپ، راستىنى ئېيتقىن، تۆر سېنىڭ ئۆز پەرزەنتىڭمۇ؟

كىيا تالىپ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي شەھرىيار، مەن ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان، لېكىن ئۇ مېنىڭ ئۆز پەرزەنتىم ئەمەس.

— ئۇنىڭ ئاتىسى كىم؟ — دەپ سورىدى ئەمىر.

— بىر كۈنى، — دېدى كىيا تالىپ، — بەھمەن رۇستەمنىڭ ئەۋلاتلىرىنى ئۆلتۈردى. بەھمەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قىزى ھۇما ئاتىسىنىڭ قائىدىسى بويىچە قەيەردە رۇستەمنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈردى. بىر كۈنى مەن شىكار قىلىپ يۈرەتتىم، جاڭگاللىقنىڭ ئىچىدىن بىر دىۋانە بىلەن بىر خوتۇن چىقىپ كەلدى. دىۋانە كېلىپ مېنىڭ ئېتىمنىڭ (ېېشىغا) مۇشت بىلەن ئۇردى، ئېتىمنىڭ مېڭىسى چاچراپ چىقتى. «ئەي مەزلۇمە، بۇ دىۋانە كىم؟» دەپ سورىدىم خوتۇندىن. «بۇ دىۋانە — دېدى خوتۇن، — رۇستەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن، مەن ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىشىكىدىن داخىل بولۇپ، ئۆز ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلگەن ئىدىم. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆز قىزىمنى بەردىم. بۇ بوۋاقنىڭ ئىسمى تۆر، ئەنە شۇ قىزىمدىن تۇغۇلغان» . بىرقانچە زاماندىن كېيىن ھېلىقى دىۋانە بىلەن خوتۇن ئۆلدى. مەن تۆرنى ئۆز پەرزەنتىم ئورنىدا كۆرۈپ چوڭ قىلدىم.

ئىسكەندەر كىيا تالىپقا تون كىيگۈزۈپ، مۈلك ئۈلۈشىنىڭ باراۋىرىدە سول قول تەرىپىدە ئولتۇرغۇزدى، تۆرغا ئوڭ قول تەرەپتىن سەئداننىڭ باراۋىرىدە ئورۇن بەردى. فەتانەگە كۆپ تەكەللۇپلارنى قىلدى.

ئۇ تەرەپتە ئەردەشىرشاھ كىيا تالىپنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇلۇغ - ئەشرەپلىرى بىلەن كېلىپ ئەمىرگە ئىتائەت قىلدى. ئۇنىڭغا خۇسرەۋخان گۆلرىزنىشىننىڭ باراۋىرىدە ئورۇن بېرىلدى. ئەردەشىر شاھ ۋە كىيا تالىپلار ئەمىرنىڭ لەشكەرلىكىگە لايىق بولدى. مېھتەر ئىسفەندىيار مازاندارانى بۇ خەۋەرنى كىيا مۇزەففەرگە يەتكۈزدى.

— ئەي ئىسفەندىيار، سەن بېرىپ ئىسكەندەرنى تۇتۇپ كېلىپ، دىۋە سەفىدنىڭ غارىغا ئېلىپ بېرىپ، بەند قىلغىن، — دېدى كىيا مۇزەففەر ئىسفەندىيارغا. ئىسفەندىيار بۇ سۆزنى قوبۇل قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— ئەي شەھرىيار، مەن ھەم سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قوبۇل قىلدىم، — دېدى. ئەمىر ئۇنىڭغا خۇش مۇئامىلىدە بولدى. كېچە بولغاندا ئىسفەندىيار ئەمىرنىڭ چېدىرىغا كىرىپ، شەھرىيارنى ھوشسىزلاندۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى - دە، تاڭ ئاتقاندا مۇزەففەرنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كەلدى. كىيا مۇزەففەر بىلەن جالىنۇس ئىسكەندەرنى ئېلىپ ۋە بارلىق ئۇلۇغ - ئەشرەپلىرى بىلەن دەرھال دىۋە سەفىدنىڭ غارىغا راۋان بولدى. دىۋە سەفىدنىڭ غارى تاغدا بولۇپ، دىۋە سەفىد رۇستەمنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، غارنى تىشە بىلەن تاراشلاپ مەخپىي يول ئاچقان ئىدى. ھەرقانداق ئادەم بۇ يول بىلەن ناھايىتى تەسلىكتە غارغا كىرىپ چىقاتتى. تاغدا زېمىننىڭ تېگىدىكى ئىمارەتلەرگە ئوخشىتىپ ياسالغان ھۇجرىلار بار ئىدى. ئەمىرنى شۇ يەرگە بەند قىلىشتى.

بۇ تەرەپتە بولسا تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئەمىرنىڭ ئېلىپ كېتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى. نەسىمنى چاقىرىپ كېلىپ:

— باباجان، نەزىم:

دەستەئى خەنجەرەت جەھانگىرەست،
گەرھەمە مەغز ئۇستىخۋان باشەد.
نەرەسەدكار ئالەمى بىنىزام،
گەرنە پايىتۇ دەرمىيان باشەد.

(پادىشاھ خۇددى خەنجەر دەستىسىدۇر،
ئۇ بارلىق ئۇستىخانلاردىكى يىلىكدۇر،
يېتەكچىسىز ئالەم ئىنتىزامسىزدۇر،
گويا «پۇت ۋە باشتا پەرق قانچىلىك» دۇر)

— سەن بېرىپ ئەمىرنى قۇتۇلدۇرشۇڭ كېرەك، — دېيىشتى. نەسىم:
— شەھرىيار، دىۋە سەفىد غارىنىڭ ھېچقانداق بەلگىسى بولمىسا، مەن ئۇ يەرگە قانداق بارالايمەن،
— دېدى.
— ئەگەر سەن بېرىپ ئىسكەندەرنى تۇتقۇندىن قۇتۇلدۇرۇپ كەلسەڭ، ساڭا ئون مىڭ تۇمەن بېرىمەن، — دېدى شاھزادە.
— ئەمدى نېمە دەيتتىم، — دېدى نەسىم، — ئەگەر بارمىسام باشقىلار مېنى ئۆزىنىڭ سۇلتانىنى قۇتۇلدۇرۇشقا بارمىدى، دېيىشىدۇ. بىرنەچچە ساندۇقنىڭ ئىچىگە باتۇرلارنى سېلىپ، سودىگەر قىياپىتىدە قەلئەگە كىرەيلى.

ئالدى بىلەن تۇر ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن كېيىن ئىسھاق بىننى ئۇلۇس، كىيا تالىپ، سەئدان باشلىق باتۇرلارنى ساندۇقنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۆگىلەرگە ئارتىپ، نەسىم ئۆزى بىرقانچە باتۇر بىلەن ساربان سۈرىتىدە ياسىنىپ، تۆگىلەرنى يېتەكلەپ يولغا راۋان بولدى ۋە قەلئەنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەسلىدە رەئەد دىۋە ئۇ يەردە ھەرقانداق ئادەم كەلسە ئۆلتۈرىمەن، دەپ قاراپ تۇراتتى. بارلىق سودىگەرلەر قەلئەنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ دىۋىلەرگە: «سودىگەرلەرنى قەلئەگە كىرگۈزۈڭلار، ئۇلارنىڭ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەيمەن» دېدى. دىۋىلەر كېلىپ:

— ئەي سودىگەرلەر قەلئەگە كىرىڭلار، — دېدى. مېھتەر نەسىم تۆگىلەرنى قەلئەگە يېتىلەپ كىردى ۋە ساندۇقلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتتى. باتۇرلار ساندۇقلاردىن چىقىپ دىۋىلەرگە ئېتىلدى. رەئەد دىۋە تۇر باتۇرنىڭ يولىنى توستى، تۇر ئۇنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلىدى. كىيا تالىپ، كىيا مۇزەففەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يېنىغا بارغان ئىدى، ئۇمۇ مۇسۇلمان بولدى. شۇنداق قىلىپ بۇلار دىۋە سەفىدنىڭ غارىغا بېرىپ، ئىسكەندەرنى قۇتۇلدۇردى ۋە ئوردىغا قايتىپ كەلدى. ئەمىر تەختتىن ئورۇن ئالدى. شادلىق ناغرىسى ياڭرىدى. ئەبۇلفەتھە ئىسفەندىيار مازاندارانىنىڭ قولىنى باغلاپ ئېلىپ كەلدى.

— بۇنى پارچە - پارچە قىلىپ تاشلاش كېرەك، — دېدى نەسىم.
— ئەگەر مۇسۇلمان بولمىسا شۇنداق قىلغىن، — دېدى ئەمىر. مېھتەر ئىسفەندىيار چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئەمىر ئۇنى تۇرغا ئەيىار قىلىپ بەردى. بۇ چاغدا نىقابلانغان ئادەم يېتىپ كەلدى. ئەمىر ئۇنىڭغا خۇش مۇئامىلە قىلىپ:
— جان بالام، ئەمدى كېلىپ ئۆزۈڭنى ئاشكارىلا، نەسەبىڭنىڭ كىمگە تۇتىشىدىغانلىقىنى مەن بىلەي، — دېدى. نىقابلىق ئادەم يۈزىدىن نىقابىنى ئالدى. ئۇ شۇنداق كېلىشكەن بىر يىگىت ئىدىكى، چاچلىرى يۈزىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇراتتى، ئىككى بۇرۇتى ئىككى خەنجەردەك بەكمۇ ياراشقان ئىدى.
— جان بالام، كىمنىڭ گۈلىستانىنىڭ گۈلى بولىسىز؟ — دېدى ئەمىر.
— ئەي شەھرىيار، — دېدى يىگىت، — بەندىڭىز يۇنان شاھى پەرىدۇننىڭ پەرزەنتى بولىمەن، ئۆز ۋاقتىدا ئەپلاتون ئاتام بىلەن مېنى تۇتۇۋېلىپ، مېنى ئېلىپ كەتكەن. چۈنكى، مەن فەرىدۇننىڭ پەرزەنتى فەررۇخى ئىدىم. مېنىڭ بوۋام تىلسىملار باغلىغان ئىكەن. ئۇلارنى سۇندۇردۇم. كۆپلىگەن مال - دۇنيانى قولغا كىرگۈزدۈم. كېيىن يۇنانغا كەلسەم، يۇنان سۇغا غەرق بولۇپتۇ، قۇرۇق قالغان جايدا بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇنىڭغا رەشت دەپ ئىسىم قويدۇم. ئەمدى شەھرىيارنىڭ ئايىغىنى سۆيۈش شەرىپىگە نائىل بولدۇم. ئىسمىم سام بىننى فەرىدۇن يۇنانىدۇر.

ئەمىر خۇشال بولۇپ، كۆپ تەكەللۇپلار بىلەن ئۇنىڭغا كاتتا تون ھەدىيە قىلدى ۋە پالۋانلىرىنىڭ قاتارىدا ئولتۇرغۇزدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

www.uyghurkitap.com

# «مىفتاھۇل - ئەدەب» دىن

## (ئەدەبىياتنىڭ ئاچقۇچى)

## ئابدۇلقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى

### ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەر ئوسمان شىپائى

### «نەزمىي يەشمە» ھەققىدە

«مىفتاھۇل - ئەدەب» مەشھۇر ئالىم، نوپۇزلۇق جامائەت ئەربابى، قەتئىي ئىرادىلىك ئىسلاھاتچى، تالانتلىق ئەدىب، ۋەتەنپەرۋەر ھەم مەرىپەتپەرۋەر زات ئابدۇلقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى (1854 ـــ 1924) نىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە مەملىكەت سىرتىدا نەشر قىلىنغان يىگىرمە پارچىغا يېقىن ئىلمىي، ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارىسىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن بىرى. كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمى ئون باب، ئىككىنچى قىسمى بەش باب ئىكەنلىكى بۇ ئەسەرنىڭ «كىرىش سۆز» ىدىن چۈشىنىشلىك. ئەپسۇس، ئىككىنچى قىسىم كىتابنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانلىقى ھەققىدە بۈگۈنكى كۈنگىچە ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز.

كەمىنە تەرىپىدىن «نەزمىي يەشمە» سى نەزىرىڭلارغا تۇنجى قېتىم سۇنۇلۇۋاتقان بىرىنچى قىسىم كىتابنىڭ تولۇق نامى «مىفتاھۇل - ئەدەب، لىفەھمى كەلامۇل - ئەرەب» (ئەرەب تىلىنى تونۇتقۇچى ئەدەبىياتنىڭ ئاچقۇچى) بولۇپ، ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ دىلكەشلىرىدىن سىراجىددىن مەخدۇمنىڭ قايتا كۆچۈرۈشى ۋە خىراجەت ئاجرىتىشى بىلەن ھىجرىيە 1328 (مىلادىيە 1910) - يىلى تاشكەنت «غۇلامىيە» تاش مەتبەئەسىدە كلاسسىك ئەرەب تىلىدا بېسىلغان.

«مىفتاھۇل - ئەدەب» (شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە) ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئاتاقلىق پەيلاسوپ، ئالىم ۋە ئەدىبلەردىن ئەبۇلئەلا ئەھمەد مەئەررى، تەقىيددىن، ئەبى تەممامىن، تاھىر ئىسكەندەرى، ئىبراھىم شەبراۋى، ھارۇنىررەشىد، ئىبنى رۇمى، ئەبى مۇسلىم خۇراسانى، زەمەخشەرى، سەئىدى شىرازى، ئابدۇلقادىر جىلانى قاتارلىق يۈزدەك مەرىپەتپەرۋەر زاتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىكى فەرد، قىتئە، رۇبائى، غەزەل، قەسىدىلىرى ئىچىدىن مەقسەت - ئېھتىياجغا مۇۋاپىق كېلىدىغان قىسمىنى «ئارىيە» (ئۆزۈندە) ئېلىش شەكلى بىلەن تاللاپ ئالغان بىر مىڭ سەككىز يۈز مىسراغا يېقىن نەزمىي جاۋاھىراتلاردىن تۈزۈلگەن مەجمۇئەدۇر. ئۇنىڭ ئىچىدە سەككاكى، تەجەللى مۇجەللى، سىراجىددىن مەخدۇم، مۇراد خوجا ئىشان قاتارلىق بىر تۈركۈم تۈرك، ئۇيغۇر ئەدىبلىرىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئورۇن بېرىلگەن. بولۇپمۇ تەجەللى ھەزرىتىمنىڭ «تىلكە ئەشرەتۇن كامىلە،

لىئەشرەتىن فازىلە» (كامالەت ۋە پەزىلەت ئىگىسى بولغان ئون كىشىگە بېغىشلىما) دېگەن شېئىرى بىلەن «قەسىدە تۇل ـ غەررا» (پەخىرلىك ئىنسان ھەققىدە قەسىدە) ناملىق شېئىرلىرى مەجمۇئەنىڭ مەركىزىي قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

بۇ كىتابنى مۇئەللىپى نامەلۇم شېئىر كىرگۈزۈلمىگەن ئىمزالىق مەجمۇئە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. كىتاب ئىچىدىكى «كەمىنە ئابدۇلقادىر ئېيتىدۇ» دەپ ئاشكارا بەرگەندىن باشقا ئۆز نۆۋىتىدە «لىلھەقرى» (كەمىنە ئېيتىدۇ)، «بەزىلەر ئېيتىدۇ»، «زاماننىڭ بەزى پەزىلەتلىكلىرى ئېيتىدۇ» ... دېگەندەك تەكەللۇپلۇق سەرلەۋھە (ماۋزۇ) لار ئاستىدا بېرىلگەن شېئىرىي پارچىلارنىمۇ ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ ئىجادىي سەمەرىسى دەپ قاراش ئەقىلگە مۇۋاپىق. چۈنكى، ئابدۇلقادىر داموللام مەزكۇر مەجمۇئەنىڭ تۈزگۈچىسى بولۇش سالاھىيىتىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ناھايىتى كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان پوزىتسىيە قوللانغان، يەنى مۇبارەك ئىسمى شەرىپلىرىنىڭ كۆپ ئورۇندا زىكىر قىلىنىشىنى مۇناسىپ كۆرمەي «ئەقىلگە ئىشارەت، داناغا بېشارەت» دېگەن پەرھىزكارلىق يولىنى تۇتقان دەپ، مۇلاھىزە قىلىمىز.

كىتابنى ئوقۇغان ئەقىل ئىگىسى تەخمىنىي تارىخ نەزىرى بىلەن قاراپ باقسا، بۇ مەجمۇئەگە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن ئەبۇلئەلا ئەھمەد مەئەررى (973 ـ 1058) دىن تەجەللى (1856 ـ 1925) گىچە ئارىلىقتا ئۆتكەن كۆپلىگەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىش بىلەن بىللە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىشچان تىل ھادىسىلىرى، ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تەرەققىيات باسقۇچلىرى بىلەن تونۇشۇپلا قالماي، بەلكى 10 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرگىچە بولغان مىڭ يىل جەريانىدا شەرق ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىدىيىۋى ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت، ئىنسانىي خىسلەت ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىمۇ ئەتراپلىق تونۇش ھاسىل قىلالايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا مەجمۇئە بىز پايدىلىنىدىغان تۇرمۇش دەرسلىكى، شۇنداقلا تارىخ دەرسلىكىدۇر. بۇ ئەسەرنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ئەنە شۇ يەردە.

ۋەتەننى، ئىلىم ـ پەننى، ئەمگەكنى سۆيۈش؛ ئادىل، راستچىل، ۋاپادار، قەيسەر، ئەخلاقىي پەزىلەتلىك ۋە يىراقنى كۆرەلەيدىغان بولۇش؛ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش ۋە ئالىي مائارىپقا ئىنتىلىشتىكى تەپەككۇر يوللىرىنى كېڭەيتىش، ئىسلاھاتنى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭدۈرۈش ... قاتارلىق مەزمۇنلار بۇ ئەسەرگە باش تېما قىلىنغان. جەمئىيەتكە، كىشىلەرگە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە توغرا باھا بېرىشتەك پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەر بىلەن تارىخ ـ تەزكىرىگە ئائىت مول بىلىملەرنىمۇ جاۋاھىراتلار خەزىنىسىگە سىغداپ قاچىلىغان. بۇ خىل ئالىيجاناب روھ ۋە بىلىملەر (ئىلمىي قاراشلار) بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىزگە مەنىۋى ئوزۇق ۋە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. مانا بۇ ئەسەرنىڭ ئۇلۇغ رېئال ئەھمىيىتىدۇر.

مەزكۇر «نەزمىي يەشمە» مەملىكەت ئىچى ياكى مەملىكەت سىرتىدا بولسۇن، كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغان تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي ئەمگەك بولغاچقا، ھەرخىل سەۋەب ـ نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئەزىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەپۇ نەزىرى بىلەن ئوقۇپ، تەنقىدىي پىكىر بېرىشى ئارقىلىق يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ كېتەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېقىندىن قوللىغان ۋە ياردىمىنى ئايىمىغان «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىراتىغا، ئىلھام بەخش ئەتكەن پەزىلەتلىك كىشىلەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# اَلْقِسْمُ الْاَوَّلُ

# فِى الْاَشْعَارِ اللَّطِيْفَةِ الْبَلِيْغَةِ وَهِىَ عَلَى عَشْرَةِ اَبْوَابٍ

## اَلْبَابُ الْاَوَّلُ

## فِى الْحِكَمِ وَمَا يُونَاسِبُهَا

### الْاَوَّلُ فِى الْاَشْعَارِ الْحِكَمِ

### لِبَعْضِ الْعُلَمَاءِ

1. مَا وَهَبَ اللّٰهُ لِامْرِئٍ هِبَةً — اَحْسَنَ مِنْ عَقْلِهِ وَمِن اَدَبِه
2. هُمَا جَمَالُ الْفَتَى فَاِنْ فَقَدَا — فَفَقْدُهُ لِلْحَيَاةِ اَجْمَلُ بِه

### وَلِلْآخِرِ

3. وَكُلُّ فَضِيلَةٍ فِيْهَاسَنَاءٌ — وَجَدْتُ الْعِلْمَ مِنْ هَاتِكَ اَسْنَى
4. فَلَاتَعْتَدَّ غَيْرَالْعِلْمِ ذُخْرًا — فَاِنَّ الْعِلْمَ كَنْزٌ لَيْس يَفْنَى

### وَلِلْآخِرِ

5. فَفُزْ بِعِلْمٍ تَعِشْ حَيًّا بِهِ اَبَداً — اَلنَّاسُ مَوْتَى وَاَهْلُ الْعِلْمِ اَحْيَاءُ

### وَلِلْآخِرِ

6. تَعَلَّمْ يَافَتَى فَالْجَهْلُ عَارٌ — وَلَا يَرْضَى بِهِ اِلْاَحْمَارُ

### لِبَعْضِ الْفُضَلَاءِ

7. يَاخَادِمَ الْجِسْمِ كَمْ تَسْعَى لِخِدْمَتِهِ — وَتَطْلُبُ الرِّبْحَ فِيْمَا فِيْهِ خُسْرَانُ
8. عَلَيْكَ بِالنَّفْسِ وَاسْتَكْمِلْ فَضَائِلَهَا — فَاَنْتَ بِالنَّفْسِ لَا بِالْجِسْمِ اِنْسَانُ

## لِفَيْلَسُوفِ الْاُدَبَاء اَبِى الْعَلَاءِ الْمَعَرِّ

9. وَالْعُمْرُ اَنْفَسُ ومَاالْاِنْسَانُ يُنْفِقُهُ      فاجْعَلْهُ لِلّٰهِ تُحْمَدْ فِى سَجَايَاكَا

10. فَاِنْ قَدَرْتَ فَلَا تَفْعَلْ سِوَى حَسَنٍ      بَيْنَ الْاَنَامِ وَجَانِبْ كلَّ مَاقَبُحَا

## وَلَهُ اَيْضًا

11. وَلَمْ يَتَنَاوَلْ دُرَّةَ الْحَقِّ غَائِصٌ      مِنَ النَّاسِ اِلَّا بِالرَّوِيَّةِ وَالْفِكْرِ

## وَلَهُ اَيْضًا

12. وَاِنَّكَ اِنْ تَسْتَعْمِلِ الْعَقْلَ لَايَزَلْ      مَبِيْتُكَ فِى لَيْلٍ بِعَقْلِكَ مُشْمِسُ

## وَلَهُ اَيْضًا

13. فَشَاوِرِالْعَقْلَ وَاتْرُكْ غَيْرَهُ هَدَرًا      فَالْعَقْلُ خَيْرُ مُشِيْرٍ ضَمَّهُ النَّادِى

## لِاِبْنِ الْوَرْدِى

14. اُطْلُبِ الْعِلْمَ وَلَاتَكْسَلْ فَمَا      اَبْعَدَ الْخَيْرَ عَلَى اَهْلِ الْكَسَلْ

15. وَاحْتَفِلْ لِلْفِقْهِ فى الدِّينِ وَلَا      تَشْتَغِلْ عَنْهُ بِمَالٍ وَخَوَلْ

16. لَاتَقُلْ قَدْ ذَهَبَتْ اَرْبَابُهُ      كُلُّ مَنْ سَارَعَلَى الدَّرْبِ وَصَلْ

17. فِى ازْدِيَادِالْعِلْمِ اِرْغَامُ الْعِدَى      وَجَمَالُ الْعِلْمِ اِصْلَاحُ الْعَمَلْ

18. جَمِّلِ الْمَنْطِقَ بِالنَّحْوِ فَمَنْ      يَحْرِمِ الْاِ عْرَابَ بِالنُّطْقِ اخْتَبَلْ

19. اِنْظِمِ الشِّعْرَ وَلَازِمْ مَذْ هَبِى      فِى اطِّرَاحِ الرِّفْدِ لَا تَبْغِ النِّحَلْ

20. فَهْوَ عُنْوَانٌ عَلَى الْفَضْلِ وَمَا      اَحْسَنَ الشِّعْرَ اِذَا لَمْ يُبْتَذَلْ

21. اِطْرَحِ الدُّنْيَا فَمِنْ عَادَاتِهَا      تَخْفِضُ الْعَالِى وَتَعْلِى مَنْ سَفَلْ

22. كَمْ جَهُولٍ بَاتَ فِيْهَا مُكْثِرًا      وَعَلِيْمٍ بَاتَ مِنْهَا فِى عِلَلْ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



23. كَمْ شُجَاعٍ لَمْ يَنَلْ فِيْهَاالْمُنَى وَجَبَانٍ نَالَ غَايَاتِ الْاَمَلْ

24. لَاتَقُلْ اَصْلِى وَفَصْلِى اَبَدًا اِنَّمَا اَصْلُ الْفَتَى مَاقد حَصَلْ

25. قَدْ يَسُودُ الْمَرءُ مِنْ دُوْنِ اَبٍ وَبِحُسْنِ السَّبْكِ قَدْ يُنْفَى الدَّغَلْ

26. اِنَّمَا الْوَرْدُ مِنَ الشَّوْكِ وَمَا يَنْبُتُ النَّرْجِسُ اِلَّا مِنْ بَصَلْ

27. قِيْمَةُالْاِنْسَانِ مَا يُحْسِنُهُ اَكْثَرَ الْاِنْسَانُ مِنْهُ اَوْ اَقَلْ

28. لَيْسَ يَخْلُو الْمَرْءُ مِنْ ضِدٍّ وَلَوْ حَاوَلَ الْعُزْلَةَ فِى رَاْسِ الْجَبَلْ

29. دَارِ جَارَالسُّوْءِ بِالصَّبْرِ وَاِنْ لَمْ تَجِدْ صَبْرًا فَمَا اَحْلَى النَّقَلْ

30. جَانِبِ السُّلْطَانَ وَاحْذَرْبَطْشَهُ لَاتُعَانِدْ مَنْ اِذَا قَالَ فَعَلْ

31. لَاتَلِ الْاَحْكَامَ اِنْ هُمْ سَأَلُوا رَغْبَةً فِيْكَ وَخَالِفْ مَنْ عَذَلْ

32. اِنَّ نِصْفَ النَّاسِ اَعْدَاءٌ لِمَنْ وَلِىَ الْاَحْكَامَ هَذَا اِنْ عَدَلْ

33. قَصِّرِ الْاَمَالَ فِى الدُّنْيَاتَفُزْ فَدَلِيْلُ الْعَقْلِ تَقْصِيْرُ الْاَمَلْ

34. غِبْ وَزُرْغِبًّا تَزِدْ حُبًّافَمَنْ اَكْثَرَالتَّرْدَادَ اَقْصَاهُ الْمَلَلْ

35. لَايَضُرُّ الْفَضْلَ اِقْلَالٌ كَمَا لَايَضُرُّ الشَّمْسَ اِطْبَاقُ الطَّفَلْ

36. خُذْ بِنَصْلِ السَّيْفِ وَاتْرُكْ غِمْدَهُ وَاعْتَبِرْ فَضْلَ الْفَتَى دُوْنَ الْحُلَلْ

37. حُبُّكَ الْاَوْطَانَ عَجْزٌ ظَاهِرٌ فَاغْتَرِبْ تَلْقَ عَنِ الْاَهْلِ بَدَلْ

38. فَبِمُكْثِ الْمَاءِ يَبْقَى آسِنًا وَسُرَى الْبَدْرِ بِهِ الْبَدْرُاكْتَمَلْ

## فِى الْمَوْعِظَةِ لِبَعْضِ الْمَشَايِخ

39. وَارْحَمْ بُنَىَّ جَمِيْعَ الْخَلْقِ كُلَّهُمْ وَانْظُرْ اِلَيْهِمْ بِعَيْنِ اللُّطْفِ وَالشَّفَقَهْ

40. وَقِّرْ كَبِيْرَهُمْ وَارْحَمْ صَغِيْرَهُمْ وَرَاعِ فِى كُلِّ حَقٍّ حَقَّ مَنْ خَلَقَهْ

## لِلْآخِرِ

41. اِزْرَعْ جَمِيْلاً وَلَوْ فِى غَيْرِمَوْضِعِهِ فَلَايَضِيْعُ جِمِيْلٌ أَيْنَمَا وُضِعَا

42. اِنَّ الْجَمِيْلَ وَاِنْ طَالَ الزَّمَانُ بِهِ فَلَيْسَ يَحْصُدُهُ اِلَّاالَّذِى زَرَعَا

## لِبَعْضِ الْكُرَمَاءِ

43. تَكَرَّمْ لِتَعْتَادَ الْجَمِيْلَ فَلَنْ تَرَى اَخَاكَرَمٍ اِلَّابَانَ يَتَكَرَّمَا

## لِبَعْضِ الْفُضَلَاءِ

44. اِذَاانْتَ لَمْ تَشْرَبْ شَرَابًاعَلَىالْقَذَى ظَئِمْتَ وَاَىُّ النَّاسِ تَصْفُوْ مَشَارِبُهْ

45. وَمَنْ ذَاالَّذِى تُرْضِى سَجَايَاهُ كُلُّهَا كَفَى الْمَرْءَ نُبْلاً اَنْ تُعَدَّ مَعَايِبُهْ

## لِلْآخِرِ

46. وَهَلْ يَنْفَعُ الْفِتْيَانَ حُسْنُ وُجُوهِهِمْ اِذَا كَانَتِ الْاَخْلَاقُ غَيْرَ حِسَانِ

47. فَلَا تَجْعَلِ الْحُسْنَ الدَّلِيْلَ عَلَى الْفَتَى فَمَاكُلُّ مَصْقُولِ الْحَدِيْدِيَمَانِ

## وَفِى هَذَا الْمَعْنَى

48. فَلَا يَنْفَعُ اْلاَصْلُ مِنْ هَاشِمٍ اِذَا كَانَتِ النَّفْسُ مِنْ باهِلَةْ

## لِلْآخِرِ

49. اَلْعَقْلُ زَيْنٌ وَالسُّكُوتُ سَلَامَةٌ فَاِذَا نَطَقْتَ فَلَاتَكُنْ مِكْثَارًا

50. مَااِنْ نَدَمْتُ عَلَى سُكُوتِى مَرَّةً وَلَقَدْ نَدَمْتُ عَلَى الْكَلَامِ مِرَارًا

## لِلْبَعْضِ

51. لِكُلِّ دَاءٍ دَوَاءٌ يُستَتَبُّ بِهِ اِلَّاالْحَمَاقَةَ اَعْيَتْ مَنْ يُدَا وِيْهَا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## فِى الْقَضَآءِ وَالْقَدَرِ لِتَقِيِّ الدِّيْنْ

52. اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ كَمْ اَسْمُو بِعَزْمِى فِى     نَيْلِ الْعُلاَ وَقَضَاءُ اللّٰهِ يَنْكِسُهُ

53. كَاَنَّنِى الْبَدْرُ يَبْغِى الشَّرْقَ وَالْفَلَكُ الْ     اَعْلَى يُعَارِضُ مَسْرَاهُ فَيَعْكِسُهُ

## لِلْبَعْضِ

54. كَمْ مِن قَوِيٍّ قَوِيٍّ فِى تَقَلُّبِهِ     مُهَذَّبُ الرَّاْيِ عَنْهُ الرِّزْقُ مُنْحَرِفُ

55. وَكَمْ ضَعِيْفٍ ضَعِيْفٍ فِى تَقَلُّبِهِ     كَأَنَّهَا مِنْ خَلِيْجِ الْبَحْرِ يَغْتَرِفُ

56. هٰذَا دَلِيْلٌ عَلَى اَنَّ الْاِلٰهَ لَهُ     فِى الْخَلْقِ سِرٌّ خَفِيٌّ لَيْسَ يَنْكَشِفُ

## لِلشَّافِعِى رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُ

57. لَوْ اَنَّ بِالْحِيَلِ الْغِنَى لَوَجَدْتَنِى     بِنُجُومِ اَفْلاَكِ السَّمَاءِ تَعَلُّقِى

58. لٰكِنَّ مَنْ رُزِقَ الْحِجَا حُرِمَ الْغِنَى     ضِدَّانِ مُفْتَرِقَانِ اَىَّ تَفَرُّقِ

59. فَاِذَا سَمِعْتَ بِاَنَّ مَحْرُومًا اَتَى     مَاءً لِيَشْرَبَهُ فَغَاضَ فَصَدِّقِ

60. اَوْ اَنَّ مَحْظُوظًا غَدًا فِى كَفِّهِ     عُودٌ فَاَوْرَقَ فِى يَدَيْهِ فَحَقِّقِ

## وَلِلّٰهِ دَرُّ الْقَائِلِ

61. لاَتَحْرِصَنَّ عَلَى عِلْمٍ وَلاَاَدَبٍ     فَقَدْ يَضُرُّ الْفَتَى عِلْمٌ وَتَحْقِيقُ

62. اَهْلُ الْفَضَائِلِ وَالْآدَابِ قَدْ كَسَدُوا     وَالْجَاهِلُونَ فَقَدْ قَامَتْ لَهُمْ سُوقُ

## لِأَبِى تَمَّام

63. يَنَالُ الْغِنَى فِى الدَّهْرِ مَنْ هُوَ جَاهِلٌ     وَيُكْدِى الْعَنَا فِى الدَّهْرِ مَنْ هُوَ عَالِمُ

64. وَلَوْ كَانَتِ الْاَرْزَاقُ تَجْرِى عَلَى الْحِجَا     اِذَنْ هَلَكَتْ مِنْ جَهْلِهِنَّ الْبَهَائِمُ

## لِلْبَعْضِ

65. يَا مَنْ عَلَا وَ عُلُوّهْ — أعْجُوبَةٌ بَيْنَ الْبَشَرْ

66. اَلدَّهْرُ دَوْلَابٌ وَلَيْسَ — يَدُورُ اِلَّا بِالْبقَرْ

## لِلْآخِرِ

67. دَهْرٌ عَلَا قَدْرُ الْوَضِيْعِ بِهِ — وَتَرَى الشَّرِيْفَ يَحُطُّهُ شَرَفُهْ

68. كَالْبَحْرِ يَرْسَبُ فِيهِ لُوءْلُوءُهُ — سِفْلًا وَتَعْلُو فَوْقَهُ جِيْفَهْ

## لِاَبِى تَمَّامٍ

69. وَاِذْ اَرَادَاللّٰهُ نَشْرَفَضِيلَةٍ — طُوِيَتْ اَطَاحَ لَهَا لِسَانَ حَسُودِ

70. لَوْلَا اِشْتِعَالُ النَّارِ فِيمَا جَاوَرَتْ — مَاكَان يُعْرَفُ طِيْبُ عَرْفِ الْعُودِ

## لِاَبِى الْحَسَنِ التَّهَامى

71. وَمُكَلِّفُ الْاَيَّامِ ضِدَّ طِبَاعِهَا — مُتَطَلِّبٌ فِى السَّمَاءِ جُذْوَةَ نَارِ

72. لَيْسَ الزَّمَانُ وَاِنْ حَرَصْتَ مُسَالِمًا — خُلُقُ الزَّمَانِ عَدَاوَةُ الْاَحْرَارِ

## لِاَبِى الطَّاهِرِ الْاِسْكَنْدَرِى

73. وَاِذَا السَّعَادَةُ راقَبْتكَ عُيُونهَا — نَمْ فَالْمَخَاوِفُ كُلُّهُنَّ اَمَانُ

74. وَاصْطَدْ بِهَاالْعَنْقَاءَ فَهْىَ حِبَالَةٌ — وَاقْتَدْ بِهَاالْجَوْزَاءَ وَهْىَ عِنَانُ

## فِى قِلَّةِ الْوَفَاءِ وَالْخِلِّ لِلّٰهِ دَرّمَنْ قَالَ

75. كُنْ عَنِ النَّاسِ جَانِبًا — وَارْضَ بِاللّٰهِ صَاحِبًا

76. قَلِّبِ النَاسَ كَيْفَ شِئْتَ — تَجِدْ هُمْ عقَارِبًا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## وَلِلْبعْضِ

77. اَلْخِلُّ وَالغُولُ وَالْعَنْقَاءُ ثالِثُهُ — اَسْماءُ اَشْيَاءلَمْ تُوجَدْ وَلَمْ تَكُنِ

## لِلْاَفْوهِ الْاَوْدِى

78. بَلَوْتُ النَّاسَ قَرْنًا بَعْدَ قَرْنٍ — فَلَمْ اَرَ غَيْرَ خَتَّالٍ وَقالٍ

79. وَلَمْ اَرَ فِىالْخُطُوبِ اَشَدَّ وَقْعًا — وَاصْعَبَ مِنْ مُعَادَاتِ الرِّجَالِ

80. وَذُقْتُ مِرَارَةَ الْاَشْيَاءِطُرًّا — فَمَا طَعْمٌ اَمَرُّ مِنَ السُّوَالِ

## لِلْآخِرِ

81. لَاتَكُنْ طَالِبًا لِمَا فِى يَدِالنَّا — سِ فَيَزْوَرُّ عَنْ لِقَاكَ الصَّدِيْقُ

82. اِنَّما الذُّلُّ فِى سُؤالِكَ لِلنَّا — سِ وَلَوْ فِى السُّؤالِ اَيْنَ الطَّرِيْقُ

## لِاِبْرَاهِيمِ الشَّبْرَاوِيْ

83. سَاَلْتُ النَّاسَ عَنْ خِلٍّ وَفِيٍّ — فَقَالُوا مَا اِلَى هَذَا سَبِيْلُ

84. تَمَسَّكْ اِنْ ظَفَرْتَ بِذَيْلِ حُرٍّ — فَاِنَّ الْحُرَّ فِى الدُّنْيَا قَلِيْلُ

## لِاَبِى بَكْرِ اْلاَرْجَانِى

85. وَاِنِّى بَلَوْتُ النَّاسَ اَطْلُبُ مِنْهُمْ — اَخَاثِقَةٍ عِنْدَ اعْتِرَاضِ الشَّدَائِدِ

86. فَلَمْ اَرَ فِيمَا سَآءَنِى غَيْرَ شَامِتٍ — وَلَمْ اَرَفِيمَاسَرَّنِى غَيرَ حَاسِدٍ

## لِهَرُوْنِ الرَّشِيْدِ

87. اَلَااِنَّ اِخْوَانِى الَّذِينَ عَهِدْ تُهُمْ — اَفَاعِى رِمَالٍ لَاتَقَصَّرعَنْ لَسْعِى

88. ظَنَنْتُ بِهِمْ خَيْرًافَلَمَّا بَلَوْتُهُمْ — نَزَلْتُ بِوَادٍ مِنْهُمْ غَيْرَ ذِى زَرْعٍ

## لِلْبَعْضِ

89. أعَلِّمُهُ الرِّمَايَةَ كُلَّ يَوْمٍ فَلَمَّا اشْتَدَّ سَاعِدُهُ رَمَانِى

## اِبنِ الرُّوْمِى

90. تَخِذْتُكُمْ دِرْعًا حَصِيْنًا لِتَدْفَعُوا سِهَامَ الْعِدَى عَنِّى فَكُنْتُمْ نِصَالَهَا

## لِلْبَعْضِ

91. اِحْذَرْ عَدُوَّكَ مَرَّةً وَاحْذَرْصَدِيْقَكَ اَلْفَ مَرَّه

92. فَلَرُبَّمَاانْقَلَبَ الصَّدِيْقُ فَكَانَ اَعْلَمَ بِالْمَضَرَّهْ

## لِلْبَعْضِ

93. دَعْوَى الْاَخَاءِ عَلَى الرَّخَاءِ كَثِيرَةٌ بَلْ فِى الشَّدَائِدِ تُعْرَفُ الْإِخْوَانُ

## لِاَبِى الْفَتْحِ

94. شَرُّالسِّبَاعِ الْعَوَادِى دُونَهُ وَزَرٌ وَالنَّاسُ شَرُّهُمْ مَادُونَهُ وَزَرُ

95. كَمْ مَعْشَرٍ سَلِمُوا لَمْ يُؤْ ذِهِمْ سَبُعٌ وَمَاتَرَى بَشَرًا لَمْ يُؤْذِهِ بَشَرُ

## لِلْبَعْضِ

96. بِلَادِى وَاِنْ جَارَتْ عَلَىَّ عَزِيزَةٌ وَقَوْمِى وَاِن ضَنُّوا عَلَىَّ كِرَامُ

## لِلْمُتَنَبِّى

97. وَالظُّلْمُ مِنْ شِيَمِ النُّفُوسِ فَاِنْ تَجِدْ ذَاعِفَّةٍ فَلِعِلَّةٍ لاَ يَظْلِمُ

## لِلْمُتَنَبِّى

98. وَمَنْ يَجْعَلِ الضِّرْغَامَ لِلصَّيْدِ بَازَهُ تَصَيَّدَهُ الضِّرْغَامُ فِيْمَا تَصَيَّدَا

99. وَمَا قَتَلَ الْاَحْرَارَ كَالْعَفْوِعَنْهُمْ وَمَنْ لَكَ بِالْحُرِّ الَّذِى يَحْفَظُ الْيَدَا

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com


100. إذَا أَنْتَ أَكْرَمْتَ الْكَرِيمَ مَلَكْتَهُ     وَإِنْ أَنْتَ أَكْرَمْتَ اللَّئِيمَ تَمَرَّدَا
101. وَوَضْعُ النَّدَى فِى مَوْضِعِ السَّيْفِ بِالْعُلَى     مُضِرٌّ كَوَضْعِ السَّيْفِ فِى مَوْضِعِ النَّدَى

## لِلْآخِرِ

102. لَاتَلْطُفَنَّ بِذِى لُؤْمٍ فَتُطْغِيَهُ     وَاغْلُظْ لَهُ يَاءْتِ مِطْوَاعًا وَمِذْعَانَا
103. اَنَّ الْحَدِيْدَ تُلِيْنُ النَّارُ قَسْوَتَهُ     وَلَوْ صَبَبْتَ عَلَيْهِ الْبَحْرَ مَالَانَا

## لِلْمَنْصُورِ

104. إذَا كُنْتَ ذَا رَأْيٍ فَكُنْ ذَا عَزِيْمَةٍ     فَإِنَّ فَسَادَالرَّأْيِ اَنْ يَتَرَدَّدَا
105. وَلَاتُمْهِلِ الْاَعْدَاءَ يَوْمًا بِقُدْرَةٍ     وَبَادِرْهُمْ اَنْ يَمْلِكُوامِثْلَهَاغَدَا

## لِنَاصِحِ الْاَرْجَانِى فِى الْمَشْوَرَةِ

106. شَاوِرْ سِوَاكَ إِذَا نَابَتْكَ نَائِبَةٌ     يَوْمًا وَإِنْ كُنْتَ مِنْ اَهْلِ الْمَشُورَاتِ
107. فَالْعَيْنُ تَنْظُرُمِنْهَا مَادَنَا وَنَأَى     وَلَاتَرَى نَفْسَهَا اِلَّابِمِرْآةِ

## لِهَرُونِ الرَّشِيدِ

108. تَاَنَّ وَشَاوِرْ فَإِنَّ الْأُمُو     رَ مِنْهَا جَلِىٌّ وَمُسْتَغْمِضٌ
109. فَرَأْيَانِ اَفضَلُ مِنْ وَاحِدٍ     وَرَأْىُ الثَّلَثَةِ لَايَنْقِضُ

## لِلْبَعْضِ

110. وَمَنْ يحْمِدِ الدُّنْيَا لِشَيْءٍ يَسُرُّهُ     فَسَوْفَ لَعَمْرِى عَنْ قَلِيْلٍ يَلُومُهَا
111. إذَا اَدْبَرَتْ كَانَتْ عَلَى الْمَرْءِ حَسْرَةً     وَإِنْ اَقْبَلَتْ كَانَتْ كَثِيرًا هُمُومُهَا

## لِعَبْدِاللّٰهِ بْنِ طَاهِرٍ

112. اَلَمْ تَرَانَّ الدَّهْرَيَهْدِمُ مَابَنَى     وَيَأْخُذُ مَاأَعْطَى وَيُفْسِدُ مَاأَسْدَى
113. فَمَنْ سَرَّهُ اَنْ لَا يَرَى مَايَسُوءُهُ     فَلَا يَتَّخِذْ شَيْئًا يَنَالُ بِهِ فَقْدَا

## لِلْآخِرِ

114. لِمَاتُؤذِنُ الدُّنْيَابِهِمِنْصُرُوفِهَا يَكُونُ بُكَاءُ الطِّفْلِ سَاعَةَ يُولَدُ

115. وَإِلَّافَمَا يُبْكِيْهِ مِنْهَاوَاَنَّهَا لَاَوْسَعُ مِمَّاكَانَ فِيهِ وَارْغَدُ

116. إِذَااَبْصَرَالدُّنْيَا اسْتَهَلَّ كَاَنَّهُ بِمَا سَوْفَ يَلْقَى مِنْ اَذَاهَايُهَدَّدُ

## لِلْبَعْضِ

117. وَفِى قَبْضِ كَفِّ الطِّفْلِ عِنْدَ وِلَادِهِ دَلِيلٌ عَلَى الْحِرْصِ الْمركبِ فِى الْحَىِّ

118. وَفِى بَسْطِهَاعِنْدَ الْمَمَاتِ اِشَارَةٌ اَلَافَانْظُرُوا اِنِّى خَرَجْتُ بِلَا شَيِّ

## لِلْآخِرِ

119. فَكَمْ أنْتَ تَنْهَى وَلَاتَنْتَهِى وَتُسْمِعُ وَعْظًا وَلَاتَسْمَعُ

120. فَيَا حَجَرَالشَّحْذِ حَتّٰى مَتَى تَسُنُّ الْحَدِيْدَ وَلَا تَقْطَعُ

## لِلْبَعْضِ

121. إِذَاالْمَرْءُ اَفْشَى سِرَّهُ بِلِسَانِهِ وَلَامَ عَلَيْهِ غَيْرَهُ فَهُوَاَحْمَقُ

122. إِذَاضَاقَ صَدْرُالْمَرْءِعَنْ سِرِّنَفْسِهِ فَصَدْرُالَّذِى يَسْتَوْدِعُ السِّرَّ اَضْيَقُ

## وَلِلْمُتَنَبِّى

123. وَكَمْ مِنْ عَائِبٍ قَوْلًاصَحِيْحًا وَآفَتَهُ مِنَ الْفَهْمِ السَّقِيمِ

124. وَلَكِنْ تَأْخُذُ الْاَفْهَامُ مِنْهُ عَلَى قَدَرِالْقَرائِحِ وَالْعُلُومِ

## لِلْبَعْضِ

125. صِنِ الْعِرْضَ وَابْذُلْ كُلَّ مَالٍ مَلَكْتَهُ فَاِنَّ اِبْتِذَالَ الْمَالِ لِلْعِرْضِ اصْوَنُ

126. وَلَاتُطْلِقَنْ مِنْكَ اللِّسَانَ بِسَوْءَةٍ فَعِنْدَكَ عَوْرَاتٌ وَلِلنَّاسِ اَلْسُنُ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## لِلْآخِرِ

114. لِمَاتُؤْذِنُ الدُّنْيَابِهِمِنْصُرُوفِهَا يَكُونُ بُكَاءُ الطِّفْلِ سَاعَةَ يُولَدُ

115. وَالْأَفَمَا يُبْكِيْهِ مِنْهَاوَاَنَّهَا لَاَوْسَعُ مِمَّاكَانَ فِيهِ وَارْغَدُ

116. إِذَااَبْصَرَالدُّنْيَا اسْتَهَلَّ كَاَنَّهُ بِمَا سَوْفَ يَلْقَى مِنْ اَذَاهَايُهَدَّدُ

## لِلْبَعْضِ

117. وَفِى قَبْضِ كَفِّ الطِّفْلِ عِنْدَ وِلَادِهِ دِلِيلٌ عَلَى الْحِرْصِ الْمركبِ فِى الْحَىِّ

118. وَفِى بَسْطِهَاعِنْدَ الْمَمَاتِ إِشَارَةٌ اَلَافَانْظُرُوا اِنِّى خَرَجْتُ بِلَا شَيِّ

## لِلْآخِرِ

119. فَكَمْ اَنْتَ تَنْهَى وَلَاتَنْتَهِى وَتُسْمِعُ وَعْظًا وَلَاتَسْمَعُ

120. فَيَا حَجَرَالشَّحْذِ حَتّى مَتَى تَسُنُّ الْحَدِيْدَ وَلَا تَقْطَعُ

## لِلْبَعْضِ

121. إِذَاالْمَرْءُ اَفْشَى سِرَّهُ بِلِسَانِهِ وَلَامَ عَلَيْهِ غَيْرَهُ فَهُوَاَحْمَقُ

122. إِذَاضَاقَ صَدْرُالْمَرْءِعَنْ سِرِّنَفْسِهِ فَصَدْرُالَّذِى يَسْتَوْدِعُ السِّرَّ اَضْيَقُ

## وَلِلْمُتَنَبِّى

123. وَكَمْ مِنْ عَائِبٍ قَوْلاًصَحِيْحًا وَآفَتُهُ مِنَ الْفَهْمِ السَّقِيمِ

124. وَلَكِنْ تَأْخُذُ الْاَفْهَامُ مِنْهُ عَلَى قَدَرِالْقَرائِحِ وَالْعُلُومِ

## لِلْبَعْضِ

125. صِنِ الْعِرْضَ وَابْذُلْ كُلَّ مَالٍ مَلَكْتَهُ فَاِنَّ اِبْتِذَالَ الْمَالِ لِلْعِرْضِ اصْوَنُ

126. وَلَاتُطْلِقَنْ مِنْكَ اللِّسَانَ بِسَوْءَةٍ فَعِنْدَكَ عَوْرَاتٌ وَلِلنَّاسِ اَلْسُنُ

127. وَعَيْنُكَ اِنْ اَهْدَتْ اِلَيكَ مَعائِبًا لِقَوْمٍ فَقُلْ يَاعَيْنُ لِلنّاسِ اَعْيُنُ

## لِغَيْرِهِ

128. قَبِيْحٌ مِنَ الْاِنْسَانِ نَسِيَ عُيُوبَهُ وَيَذْكُرُ عَيْبًا فِى اَخِيْهِ قد اخْتَفَى

129. فَلَوْ كَانَ ذَاعَقْلٍ لَمَا عَابَ غَيْرَهُ وَفِيهِ عُيُوبٌ لَوْ رَأَهَا بِهَااكْتَفَى

## لِلْبَعْضِ

130. غَيْرُ الْمَقُولِ عُيُوبَهُ كَالْوَاوِمِنْ عَمْرِو يُرَى وَاللَّفْظُ مِنْهُقَصِيْرُ

131. كَالنُّونِ مِنْ زَيْدٍ يُقَالُ مَدِيحُهُ بِاللَّفْظِ لَكِنْ لَايَرَاهُ بَصِيْرُ

## لِلْبَعْضِ

132. لَاتَلُومَنَّ بِالسَّفَاهَتِهِ آعْمَى فَسُكُوتُ اللَّبِيْبِ مِنْهُ صَوَابُ

133. كَيْفَ تَرْجُو مِنَ الضَّرِيْرِحَيَاءً وَمَكَانُ الْحَيَاءِ مِنْهُ خَرَابُ

## فِى الصَّبْرِ لِمَجْدِالْمَلَكِ

134. هِىَ شِدَّةٌ يَأْتِى الرَّخَاءُ عَقِيبَهَا وَاسىً يُبَشِّرُ بِالسُّرُورِالْعَاجِلِ

135. وَاِذَانَظَرْتَ فَاِنَّ بُؤْسًازَائِلاً لِلْمَرْءِ خَيْرٌ مِنْ نَعِيْمٍ زَائِلِ

## لِاَبِى تَمَّامَ

136. اِذَااشْتَمَلَتْ عَلَى الْيَأْسِ الْقُلُوبُ وَضَاقَ لِمَابِهِ الصَّدْرُالرَّحِيْبُ

137. وَاَوْطَنَتِ الْمَكَارِهُ وَاطْمَأَنَّتْ وَاَرْسَتْ فِى مَكَانِهَاالْخُطُوبُ

138. فَلَمْ تَرَلَانْكِشَافِ الضُرِّ وَجْهًا وَلَا اَغْنَى بِحِيْلَتِهِ الْاَرِيْبُ

139. اَتَاكَ عَلَى قُنُوطٍ مِنْكَ غَوثٌ يَمُنُّ بِهِاللَّطِيْفُ الْمُسْتَجِيْبُ

140. فَكُلُّ الْحَادِثَاتِ اِذَاتَنَاهَتْ فَمَوْصُولٌ بِهَا فَرَجٌ قَرِيْبٌ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



## لِلْآخِرِ

141. اَلدَّهْرُ لَايَبْقَى عَلَى حَالَةٍ — لَاكِنَّهُ يُقْبِلُ اَوْ يُدْبِرُ
142. فَاِن تَلَقَّاكَ بِمَكْرُهِهِ — فَاصْبِرْ فَاِنَّ الدَّهْرَلَايُصْبِرُ

## لِلصَّفِّى الْحَلِى

143. تَنَقَّلْ فَلَذَّاتُ الْهَوَى فِى التَّنَقُّلِ — وَرُدْكُلَّ صَافٍ لَاتَقِفْ عِنْدَ مَنْهَلِ
144. فَفِى الْاَرْضِ اَحْبَابٌ وَفِيْهَا مَنَازِلٌ — فَلَاتَبْكِ مِنْ ذِكْرَى حَبِيْبٍ وَمَنْزِلِ
145. وَلَاتَسْتَمِعْ قَوْلَ امْرِئِ الْقَيْسِ اِنَّهُ — مُضِلٌّ وَمَنْ ذَا يَهْتَدِى بِمُضَلِّلِ

## لِاِمْرِالْقيس

146. قِفانَبْكِ مِنْ ذِكْرَى حَبِيْب مَنْزِلِ — بِسَقْطِ اللوى بَيْنَ الدُّخول فَحُومِلِ

## لِلْبَعْضِ

147. لَايَصْبِرُالْحُرُّ تَحْتَ ضَيْمٍ — وَاِنَّمَا يَصْبِرُ الْحِمَارُ
148. فَلَا تَقُوْلَنَّ لِى دِيارٌ — لِلْمَرْءِ كُلُّ الْبِلَادِ دَارٌ

## اَبُوالفَتْحِ الْبستى

149. لَئِنْ تَنَقَّلْتَ مِنْ دَارٍ اِلَى دَارٍ — وَصِرْتَ بَعْدَ ثُوءٍ رَهْن اَسْفَارِ
150. فَالْحُرُّ حُرٌّ عَزِيْزُ النَّفْسِ حَيْثُ ثَوى — وَالشَّمْسُ فِى كُلِّ بُرْجٍ ذَاتُ اَنْوَارِ

## لِمَوْ لَانَاالتَّجَلِّى الْمُجَلِّى

151. وَمَا كَانَ كُثْرٌ لِلَّئِيْمِ بِزَائِنٍ — كَمَالَيْسَ قَلٌّ لِلْكَرِيمِ بِعَائِبِ
152. غِنَى الْقَلْبِ عِنْدَالْعَارِفِيْنَ هُوَالْغِنَى — وَذَالِكَ كَنْزٌ فَوْقَهُ الْفُ رَاسِبِ
153. وَخَيْرُ الْوَرَى مَنْ كَانَ يَنْفَعُ لِلْوَرَى — بِكَفِّ الاَذَى عَنْهُمْ وَفَكِّ الْمَواهِبِ

## لِكَعْبِ بْنِ زُهَيْرٍ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ

**154.** لَوْكُنْتُ اَعْجِبُ مِنْ شَيْءٍ لَاَعْجَبَنِي سَعْيُ الْفَتَى وَهُوَ مَخْبُوءٌ لَهُ الْقَدَرُ

**155.** يَسْعَى الْفَتَى لِأُمُورٍ لَيْسَ يُدْرِكُهَا وَالنَّفْسُ وَاحِدَةٌ وَالْهَمُّ مُنْتَشِرُ

**156.** وَالْمَرْءُ مَاعَاشَ مَمْدُودٌ لَهُ آمَلٌ لَاتَنْتَهِي الْعَيْنُ حَتَّى يَنْتَهِي الْاَثَرُ

(تەرجىمىسى)

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## بىرىنچى قىسىم

بۇ قىسىم يېقىملىق ۋە يېتۇك شېئىرلار بايانىدا بولۇپ ئون بابقا بۆلۈنىدۇ.

## بىرىنچى باب ھېكمەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ تىل ھەققىدە

### (1) ھېكمەت توغرىسىدىكى شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر

### بەزى ئالىملار ئېيتىدۇ

1. تەڭرىنىڭ ئىنسانغا كۆپتۇر تارتۇقى،
ئەقىل ۋە ئەدەپتىن يوقتۇر ئارتۇقى.

2. ئەقىل ۋە ئەدەپ ھەر ياشنىڭ جامالى،
ئۇنىڭسىز ھاياتنىڭ بولماس كامالى.

3. پەزىلەت كۆپ ئېرۇر بۇ ئالەم ئارا،
ئىلىمدۇر ھەممىدىن ئەلىيۇل ـ ئەلا.

4. ئىلىمدىن غەيرىيسى ئەمەستۇر بايلىق،
ئىلىم ــــ كان، قازغانغا تۈگىمەس ئەسلا.

5. ئىلىملا نىجادلىق بېرەر مەڭگۈلۈك،
بىلىملىك ھاياتتۇر، جاھىللار① ئۆلۈك.

6. ئى ياش بىل جاھىللىق نۇمۇستۇر بىشەك،
نادانلىق زۇلمىغا رازىدۇر ئېشەك.

### پەزىلەت ئىگىلىرىدىن بەزىسى ئېيتىدۇ

7. ئويلا ئەي جىسمىنىڭ چاكىرى ئىنسان،
نەپ كۈتمە جىسمىڭدىن، زىيان بار پىنھان.

8. بەخش ئەت جېنىڭغا پەزىلەتتىن كۈچ،
جىسىم ـ ياق، جاندىدۇر ھاياتتىن نىشان.

### ئەدىبلەرنىڭ دەناسى ئەبۇلئەلا مەئەررى ئېيتىدۇ

9. ئۆمۈردۇر ھەممىدىن قىممەت باھالىق،
ماختاشقا سازاۋەر شەرمى ـ ھايالىق.

10. يەتسىلا قۇدرىتىڭ ئەلگە يەتكۈز نەپ،
زىيانلىق ئىش قىلماق كۆڭلى قارالىق.

11. ھەقىقەت گەۋھەرىن سۈزمىكى ھەق ـ راس،
تەپەككۇر بەھرى②گە شۇڭغىغان غەۋۋاس.

12. بولسا گەر ياتقىنىڭ قاراڭغۇ بىر چاھ③،
يۈگەرتسەڭ ئەقىل ئۇ نۇرلۇق ئارامگاھ.

13. مەسلىھەت، مەجلىستە ئەقلىڭ ئىشقا سال،
ئەقىلدىن ئايغان ئىش تاپىدۇ زاۋال.

### ئىبنى ۋەردى ئېيتىدۇ

14. ئىلىمدىن پەزىلەت تاپار تىرىشچان، ئېپىلماس ھۈرۈندىن ياخشىلىق نىشان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

15. ھەرنەكى ئىلىمدۇر ئۆگەنگىن تولۇق،
دۇنيا دەپ ھەممىدىن قالمىغىن قۇرۇق.

16. «تەلىمنى كىم بېرەر؟» دەپ ۋايىم يېمە،
ھىممىتىڭ بولسا چوڭ ئاسان ھەر نىمە.

17. ئاشسا ئىلمىڭ بولغاي رەقىب رەڭگى تۇپراق،
ئىلىم ھۆسنى ھەركەتنى ئىسلاھ قىلماق

18. نوتۇقنى مەنتىقە، نەھۋى[4]گە ئۇيغۇن
كەلتۈرسەڭ، بولمەيسەن ھېچ ئىشتا سۇلغۇن.

19. ئى ئاقىل، ئاتا ھەم ئاناڭغا كۆيۈن،
شېئىرىڭدىن شۇل يەڭلىغ بىمىننەت سۆيۈن.

20. پەزىلىڭگە شائىرلىق ياراشقان خىسلەت،
ۋەلېكىن تەمەخور بولۇش پەس ئىللەت[5].

21. بايلىقنى قوغلاشما! ئۇ بىر مەھەللىك،
ئالىمنى پەس قىلۇر، پەسنى ھەيۋەتلىك.

22. بىلەمسەن، جاھىللار ئۆتۈشتى غېنى،
ئالىمنىڭ بىھاجەت ئۆتكىنى قېنى؟

23. ۋادەرىخ ··· غەم يۇتقان نى - نى پالۋانلار،
مۇرادقا يەتكەن كۆپ توخۇ يۈرەك بار.

24. ئىشەنمە مەڭگۇ دەپ ئەسلىم ۋە پەسلىم[6]
يىگىتكە مەدەتكار پەزىلەت، بىلىم.

25. بوتا[7]دا تاۋلىنىپ زەر بولغاندەك ساز،
سەبىيلەر پەزىلگە كىيىل خوپ ئۇستاز.

26. ئېچىلۇر قىزىلگۈل تىكەنلەر ئارا،
پىيازدىن بوي تارتقان نەرگىسكە قارا.

27. قولىدا ھەر ئىنسان قەدىر - قىممىتى
گۈزەللىك بەخش ئېتەر ئەجىر - ھىممىتى.

28. بولالماس ھېچ كىشى رەقىبتىن خالىي،
تاغدا ھەم ساقلىنىش يوق ئېھتىمالى.

29. سەۋرى قىل قوشناڭ گەر بولسا ناچار، كاج،
بەر ئاڭا ئورنۇڭنى قالساڭ نائىلاج[8].

30. ھەزەر قىل شاھلاردىن ھەر قاچان ئاقىل،
ئۆچلەشمە ئۆزۈڭدىن بولسا كىم قابىل[8].

31. ھۆكۈمدار بولمىغىن قىلسىمۇ دەئۋەت،
بولساڭ گەر، مالامەتكە كۆرسەت مۇرۇۋۋەت.

32. ئادالەت قىلساڭمۇ ئەل نىسپىي ئۆچمەن،
چەتنىسەڭ ئەدلىدىن ھەممىسى دۈشمەن.

33. ئاقىلغا دەلىل شۇ: قىلماس ئۇ ھەۋەس،
ئەقلىنى ئىشلەتكەن نىجاد تاپقاي، بەس.

34. سېغىنغان يەرگە بار، مۇھەببەت ئاشار،
كۈتمىگەن مېھماندىن ساھىبخان قاچار.

35. ئېتەلمەس يوقسۇزلۇق پەزىلەتنى خار،
قۇياشقا بۇلۇت ھېچ قىلمىغاندەك كار.

36. قىلچەنى ساپتىن تۈت باقما غىلاپقا،
پەزىلە تاپ، ئالدانما تونغا - نىقابقا.

37. بېكىنىش — ۋەتەنگە مۇھەببەت ئەمەس،
چەتنى سەير ئېتىش ھەم ھېچ ئىللەت ئەمەس.

38. ئېنىقكى بەتبۇيدۇر تۇرغۇن سۇلۇق جاي،
ھەركەتتىن تولغاندۇر ئۇن تۆت كۈنلۈك ئاي.

## (2) نەسىھەت ھەققىدە

## بەزى ماشايىخ (ئالدىن كۆرەر پېشۋا) لارنىڭ ئېيتقىنى

39. باق ئوغلۇم خەلقىڭگە ئىللىق كۆز بىلەن،
ھەم كۆرسەت مېھرىڭدىن لۇتفى ئىنايەت.

40. كىچىككە رەھىم قىل، چوڭغا ئىززەت،
خەلق ئەتكەن ھەققىگە قىلما خىيانەت.

41. ياخشىلىق ئۇرۇقىدىن رىزائەت قىلغىن،
چېچىلسۇن قەيەرگە، ئۈندۈ ھامان.

42. «ئۈنمىدى تېرىزەك» دەپ بولما نائۈمىد،
باھاردا تېرىغان كۆز ئالار خامان.

## بەزى سېخىيلار ئېيتىدۇ

43. زورلاپ قىل ياخشىلىق، يوق بولسا رايىڭ، بولغۇسى ئىززىتىڭ مەڭگۇ ھەمراھىڭ.

## بەزى پەزىلەتلىكلەر ئېيتىدۇ

44. تەشناسەن، شارابقا كەلتۇرۇپ شۇبھە،
قايتۇرساڭ بارمىدۇ ئۇندىن بىغۇبار؟

45. ئەخلاقىي پەزلىگگە شۇدۇر كۇپايە،
سىنىڭدىن ئېۋەن تاپماق بولۇپ قاترار.

46. چىرايىنىڭ ھۆسنىگە تولمىقى بىلەن
يىگىتنىڭ پەزىلەت شەرتى تولامدۇ؟

47. تۆمۇرنىڭ پارقىراق بولمىقى بىلەن
يەمەندىن چىققانغا دەلىل بولامدۇ؟

## يەنە شۇ مەنىدە

48. پەزىلەت تاپمىسا ھاشىمى[10] زاتى،
ئاتىلار ئەل ئىچرە باھىلى[11] ئاتى.
نوتۇقنى بىزۇرۇر قىلما بىر مەررە.

49. ئەقىلدۇر بىر زىننەت، سۇكۇتتۇر سالىم[12]

50. سۇكۇتكە پۇشايمان قىلمىغان ئالىم،
ئورۇنسىز بىر سۆزگە خىجىل مىڭ كەررە.

## بەزى شائىرلار يازىدۇ

51. ھەر قانداق كىسەلگە تېپىلسىمۇ ئەم،
يوق ھەرگىز ئەخمەقنى ساقايتار مەلھەم.

## (3) قازايى قەدەر ھەققىدە

## تەقىيددىن ئېيتىدۇ

52. ھەمدۇكى[13] ئاللاھقا، قىلىمەن ھەرىكەت،
ۋە لېكىن كەتمەكتە ئۆمۇردىن بەرىكەت.

53. گويا ئاي تولماققا ئەتسىمۇ سەير[14]
پەلەكزىتچۆرگىلەپقىلماسمەرھەمەت.

## بەزى شائىرلار يازىدۇ

54. ئۆتۈشكەن ئالەمدىن نى ـ نى كۇچلۇكلەر،
ئەجرىدىن ۋىسالغا يېتەلمەي زىنھار.
خالىغان جايدىن سۇ ئىچىپ ئىختىيار.

55. ھەم باركى خىرامان ئۆتكەن زەئىپلەر،

56. بۇ نە ئىش، نە سىردۇر، بىزگە نامەلۇم،
بىلگۇچىھەممىنىئۇلۇغ بىرۇبار.

## شاپىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ[15]

57. مىكرى بىلەن ۋەج تېپىش كويىدا يۇرگەن،
يۇلتۇزغا ئېسىلىپ تۇرىمەن دېگەن.

58. ئەقىلدىن رىزقىنى تېپىپ يەي دېسە،
بايلىق زىت، ئاقىلغا سالىدۇ كىشەن.

59. «دەرياغا سەكرىسەڭ قاچقاندا ئامەت،
بولىدۇ سۇ غايىب» دېسە، راست ئىشەن.

60. يۇزلەنسە مۇبادا بەخت ۋە تەلەي،
مېۋىلەر قۇرۇق شاخ، خىيالى تىكەن.

## مونۇنى ئېيتقۇچىغا ئاللا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن

61. ئول ئەدەب ئىلمىگە بەك بولما ھېرىس،
ھەسەلنى كۆپ يېسە تېتىيدۇ ئەمەن.

62. بولۇپ خار ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىكلەر،
جاھىللار ئامەتتىن تولۇق بەھرىمەن[16].

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئەبى تەممامىن ئېيتىدۇ

63. غىنىمدۇر بىر كۈنلەر كىمكى جاھىلدۇر،
تارتىدۇ مۇشەققەت كىمكى ئالىمدۇر.

64. ئەقىلدىن پۈتسىلا پۈتۈن تەمىنات،
ئۆلمەمدۇ شۇ جاھىل بارچە ھايۋانات!؟ [17]

## يەنە بەزى شائىرلار ئېيتىدۇ

65. بەزىلەر ئېرىشكەن ئالىي مەرتىۋە،
«قەيەردىن كەلدى؟» دەپ بولما تەئەججۈپ.

66. دەۋىر چاقپىلەكمۇ ھۆكۈز چۆگىلەتكەن؟
ياق، ئۇنىڭ چۆگىلىشى ئۆز تەبىئىگە خوپ [18].

67. شۇ دەمدە ئالىدۇر پەسنىڭ دەرىجىسى،
ۋە يوقتۇر ئۇلۇغنىڭ جاي، مەرتىۋىسى.

68. بۇ خۇددى سۇدا تاپ ۋە ئوت - خەس لەيلەپ،
چۆككەندەك ئاستىغا دۇر [19] لەر ھەممىسى.

## ئەبى تەممامىن ئېيتىدۇ

69. كىمكى پەزىلەت قىلىنسا ئاتا،
شۇ ھامان ئۆزۈرار ھەسەتخوردا تىل.

70. كۆيدۈرسەڭ ئارچىنى تارقىغاندەك بۇي،
ياخشىلار نامىنى ھەسەتخوردىن بىل.

## ئەبىل ھەسەن تىئامى ئېيتىدۇ

71. قۇياشنى ئەكسىگە قايتۇرماق گويا
سۇغا ئوت ياقىمەن دېمەك، بىگۇمان.

72. شول پەگلىغ ياخشى كۈن كۆرمەس ياخشىلار،
ياخشىغا ئاداۋەت تۇتقاچ شۇ زامان.

## ئەبى تاھىر ئىسكەندەرى ئېيتىدۇ

73. تىكىلسە ئامەتنىڭ كۆزى گەر ساڭا،
ئۇخلىغىن، ئامانسەن نى-نى خەتەردىن.

74. ئوينارسەن ھەتتاكى مىنىپ ئەنقا [20] غا،
جەۋزا [21] نىڭ چولپۇرىن تۇتۇپ زەپەردىن.

## (4) ۋاپا ۋە دوستلۇقنىڭ كەملىكى ھەققىدە

75. ھەقنى دوست تۇت ئاقىل چىنىڭ دىلىنىڭ بىلەن،
خالايىق دەرگۇمان، بەكمۇ ھەزەر قىل.

76. قارىساڭ تەپەككۇر كۆزۈڭنى ئېچىپ،
شەكلىدۇر ئادەمدەك، ئەسلى چايان بىل.

## يەنە بەزى شائىرلار ئېيتىدۇ

77. دوستلۇق ئۇ ئېزىتقۇ، تېپىلماس ئەسلا، گويا ئۇ ئەمەلدە يوق، مىسلى ئەنقا.

## ئەفۋاھىل ئەۋدى ئېيتىدۇ

78. قىلدىمكى ئىمتىھان ئەلنى شۇنچە كۆپ،
تاپمىدىم مەككاردىن غەيرىينى پەقەت.

79. بىلدىمكى: دوستىغا يۈزلەنسە قازا،
ئاداۋەت تۇتقانلىققەبىھ ئىش قەۋەت.

80. كۆردۈمكى، ئاچچىقلار تەمىنى تېتىپ،
يوق ئىكەن تىلەشتىن ئاچچىق ئەرزىيەت.

81. بىراۋدىن بىر نەرسە قىلمىغىن تەلەپ،
تەمەخور ئادەمدىن دوستلىرى بىزار.

82. كىشى خار بولماققا تەمەدۇر سەۋەب،
ھەتتا «يول نەدە؟» دەپ سوراشتىن قىزار.

## ئىبراھىم شەبراۋى ئېيتىدۇ

83. سورىسام خالايىق، «يوق تۇرغاندا دوست،
ۋاپاغا يول نەدە؟» دېدى ئېچىنىپ.

84. قۇربىڭ بار ھۆر ئىنسان پېشىنى تۇتقىن،
چىن ھۆرنى تاپماقمۇ قىيىن ئىزدىنىپ.

## ئەبى بەكرىل ئەرجانى ئېيتىدۇ

85. «قاباھەت كۇنلەردە ۋاپا قىلغۇچى
بارمۇ؟» دەپ خەلقنى ئىمتىھان قىلدىم.

86. تەييار كەن: رەنجىمگە خۇشال بولغۇچى،
شادىمغا ھەسەتخور، بىگۇمان بىلدىم.

## ھارۇنىررەشد ئېيتىدۇ

87. ئىكەنغۇ ئەھدىباز بۇرادەرلىرىم،
دەشتىقۇم يىلانى نەشتىرى تېز ئوق.

88. تۇگەشتى ياخشى دەپ ئىشەنگەنلىرىم،
شورتاڭغا بىكارلا چاچقاندەك ئۇرۇق.

## بەزى شائىرلار ئېيتىدۇ

89. چىقارسام جىق شاگىرت مەرگەن قىپ ھامان، تۇنجى رەت ئوقىغا بولدۇممەن نىشان.

## ئىبنى رۇمى ئېيتىدۇ

90. دەپتىمەن دوستلارنى ساۋۇت[22] دەپ ھەر چاغ، رەقىبىنىڭ ياسىدا بولۇشتى ۋاشاغ.

## بەزى شائىرلار ئېيتىدۇ

91. گەر قىلساڭ دۇشمەندىن ھەزەر بىر مەررە،
«دوستلىرىڭ» پەيلىدىن ساقلان مىڭ كەررە.

92. بەتنىيەت دوستلىرىڭ ئالدىدا بىلسەڭ،
بوپ قالار رەقىبىڭ گوياكى زەررە.

## يەنە بەزى شائىرلار ئېيتىدۇ

93. دوست دېگەن ساماندەك سەيلىدە، باغدا، ئايرىلۇر دوست دۇشمەن ئەڭ قىيىن چاغدا.

## شائىر ئەبىل فەتھى ئېيتىدۇ

94. مۇمكىندۇر يىرتقۇچتىن پاناھقا ئىمكان،
نە ئامال دۇشمەن بوپ چىقسا خالايىق.

95. بار يىرتقۇچ زەربىنى كۆرمىگەن ھايۋان،
لېكىن بۇ سۇپەتكە ئادەم نالايىق.

## يەنە بەزى شائىرلار ئېيتىدۇ

96. يۇرتۇم ـ ئەزىز، زۇلمىنى ھەم راھەت دەيمەن، قەۋمىم[*] جاپاسىدۇر ۋاپا، قەدىرلەيمەن.

## شائىر مۇتەنەببى ئېيتىدۇ

97. نەپسىنىڭ ئادىتى ــــ ئۆزگىگە زۇلۇم، ئۇ ئىللەت بولمىسا غەرەز بار مەلۇم.

## شائىر مۇتەنەببى يەنە ئېيتىدۇ

98. سالماقچى بولساكىم يولۋاسنى ئوۋغا، ئېتىلغاي شۇ يولۋاس ئوۋچىغا تېزرەك.

www.uyghurkitap.com

99. ئەپۇ ھۆر كىشىگە ئۆلۈمدىن ئارتۇق،
ئەيىبسىزتۇرسا ئۇ ئەپۇ نە كېرەك؟

100. ئۇلۇغنى ھۆرمەتلە، ئۇلۇغقا شاھسەن،
ياماننى كۆتۈرمەك قۇتراشتىن دېرەك.

101. باسالماس ئېھساننىڭ ئورنىنى قىلىچ[24]،
قىلىچھەمبولالماس ئېھسان، بىل زېرەك.

102. يامانغا يېلىنساڭ ھەددىدىن ئاشار،
يۈرەكلىك بولساڭلا باش ئېگەر ساڭا.

103. چۈنكى ئوت قۇيۇچنى مومدەك يۇمشىتار،
مىڭ دەريا سۇيىمۇ كار قىلماس ئاڭا.

## شائىر مەنسۇر ئېيتىدۇ

104. ئىشەنچ ۋە قەتئىيلىك ئۇتۇق ھەم قۇربەت،
بوشاڭلىق پاسانقا ئۇنۇملۇك زېھىن.

105. بەرمىگىن دۇشمەنگە بىر مىنۇت پۇرسەت،
كۈچ تاپسا سېنى ئۇقويماس تىنچ-ئېمىن.

## (5) مەسلىھەت ھەققىدە

## شائىر ناسە ئەرجانى ئېيتىدۇ

106. قىل ھەرقاچان ئىشلىرىڭنى با مەسلىھەت،
بولساڭھەتتاقىلغۇچىسەن ۋەز-نەسىھەت.

107. كۆرسىمۇ كۆز گەرچە يېقىن ھەم يىراقنى،
نۇقسانىنى ئەينەكتىلا كۆرەر پەقەت.

## شائىر ھارۇنەرەشىد ئېيتىدۇ

108. كېڭەشلىك بول، چۈنكى كۆپ ئىش پىنھان بولۇر،
سەن سەزمىگەننى باشقىلار ئېيتىپ بېرۇر.

109. ئىككى شەخسنىڭ رايى بىردىن ئەۋزەل، بەلكى
ئۈچ كىشىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك ئېرۇر.

## يەنە بەزى شائىرلار ئېيتىدۇ

110. ماختانغانلار دۇنياسىدىن بىر تەرەپلىمە،
قەسەمبىللاھامانبىر كۈن قاغايدۇ ئۇنى.

111. قاچسا دۇنيا چېكىپ ھەسرەت يەيسەن، ۋەھىمە
يۇزلەندىمۇ، غەم - غۇسسىگە چۆكتۈڭ شۇ كۈنى.

## شائىر ئابدۇللا ئىبنى تاھىر ئېيتىدۇ

112. دەرىخ ··· زامان ئاتا قىلار، تارتىپ ئالار،
تەس توقۇغان ماتارىڭنى يىرتىپ بۇزار.

113. بۇ دۇنيادىن خۇشال ئۆتەي دېگەن ئاقىل،
چورت يوقالماس شەيئى[25] بولسا قولنى سوزار.

114. تەۋەللۇت بوپ نېچۈن قاخشاپ يىغلار بوۋاق؟
بۇدۇنيانىڭقىسمىتىنىسەزگەچ توشاق.

115. ياق دېسەڭ گەر يىغلىماققا بائىس نېمە،
بۇ ئالەمدىن كىچىك تۇرساياتقان قورساق؟!

116. يىغلىمىقى شۇ ۋەجدىنكى ئۆكسۈپ ئۇنىڭ،
«دۇنياڭازازبېرەرمۇ؟» دەپ «قۇرۇپ تۇزاق.»

## يەنە بەزى شائىرلار ئېيتىدۇ

117. تەۋەللۇتتا ئالقىنىنى يۇمۇپ چۈشۈشى،
مال-دۇنياغاھېرىسلىكتىن ئېنىق بېشارەت.

118. ئۆلگەن كۈنى ئالقىنىنى ئوچۇق تۇتۇشى:
«كۆردۇڭلارمۇ؟ قۇرۇققولمەن!» دېگەن ئىشارەت.

119. باشقىلارنى يولدىن توستۇڭ، ئۆزۈڭ كەتمەيسەن،
نەھيي-مۇنكىر سۆزلىدىڭ، ئۆزۈڭ ئىشتىمەيسەن.

120. قاچانغىچە تىغنى ئۆتكۈر قىلىپ ئەي بىلەي،
ئۆزۈڭ ئىتتىپ، بىرنەرسىنى كېسەي دېمەيسەن؟!

## بەزى شائىرلار ئېيتىدۇ

121. ئۆز ئاغزىڭدىن ئىچ سىرىڭنى يېيىپ جاھانغا،
باشقىلاردىن رەنجىمەگىلىك ئاخماقلىق ئىكەن.

122. قىلسا تارلىق قارنى ـ كۆكسۇڭ ئۆز سىرلىرىڭغا،
باشقىلارنىڭ ئىچى سەندىن شۇنچە كەڭمىكەن؟ !

## شائىر مۇتەنەببى ئېيتىدۇ

123. ئەقىلسىز كىشىدە كۆپ پىتنە ـ ئاپەت،
فەسىھ، پاك سۆزدىنمۇ تاپىدۇ قۇسۇر.

124. ۋە باركى ئىلىمگە ھەرىس بىتاقەت،
شۇھەق سۆز قەلبىدە چاقنىتىدۇ نۇر.

## يەنە بەزى شائىرلار ئېيتىدۇ

125. پەيتى كەلسە ياخشى مالدىن كەچسەڭ بىراق،
ئابرۇيۇڭ مەڭگۇسەندىن كەتمەس يىراق.

بار ئۇنىڭمۇ تىلى، ساڭا قادالغان تىغ.

126. باشقىلارنىڭ ئەيىبىدىن تىلىڭنى يىغ،

127. خەقتىن ئەيىب ئىزدەپ كۆزۈڭ تاپماي ئەمىن
يۈرسە: «سەندەك ئەلنىڭمۇ باركۆزى! » دېگىن.

## يەنە باشقا بىر شائىر ئېيتىدۇ

128. قەبىھ ئىش، ئۆز ئەيىبىنى ئۇنتۇپ كەتمەك،
خەقنىڭ پىنھان نۇقسانىنى ئەفشا ئەتمەك.

129. ئاقىل شۇكى، ئۆز ئەيىبىنى كۆرەر ئالدىن،
ۋە ئۇنىڭدىن يوق ئۆزگىگە ئازار يەتمەك.

## بۇنى مۇنداق چۈشىنىشمۇ مۇمكىن

بەزىلەر بار: «بارچە گۇناھ مەندە تۇرۇپ،
قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي؟ » دېمەيدىغان.
خورجۇنىنىڭ ئالدىنىلا كۆرۈپ، لېكىن
«ئارقا كۆزدە نە بار؟ » دەپ غەم يېمەيدىغان.

## بەزى شائىرلار ئېيتىدۇ

130. تېپىلمايدۇ «ئەيىبىمنى سۆزلەيمەن» دېگەن،
«ئەمرۇ» نىڭ بار «ۋ» سىنى ھېچ ئېيتمىغاندەك.

131. ماختىنار ھەم ئۆزىدە يوق ياخشىلىق بىلەن،
«زەيدىن» دە يوق «نۇن» نى بار دەپ چاپلىغاندەك ®.

132. ئەما كۆرسەڭ نادانلارچە ئەيىبلەپ كەتمە،
ئاقىللارغا ئەمالىقتىن سۈكۈت بەك ساۋاب.

133. ئەمانى «شەرم ـ ھايا قىل» دېيىش نە ھاجەت؟
چۈنكى ئۇنىڭ ھايا ئورنى كۆز تۇرساخاراب ®؟ !

## (6) سەبرى باياندا

## مەجەل مەلەك ئېيتىدۇ

134. قاتتىق كۈن كەينىدە كەڭچىلىك باردۇر،
ئېغىر غەم ـ غۇسسىگە خۇش خەۋەر ياردۇر.

135. شىددەتلىك كۈن كېتەر، شادلىقمۇ يېتەر،
سەۋرىنىڭ قاچىسى تۈگىمەس بال دۇر.

## ئەبى تەممام ئېيتىدۇر

136. خاپىلىق ھېچكىمگە ئەمەس مەڭگۈلۈك،
كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ بەردەم يۈرگۈلۈك.

137. مۇشەققەت يەتسە گەر يىقىلغان يەردىن،
شەمشادتەك قامەتنى تىك كۆتۈرگۈلۈك.

138. ھەرنە قىپ زىياندىن تاپمىساڭ ئامان،
دانالار ھۆكمىچە تەدبىر كۆرگۈلۈك.

139. بولمىغىن ھەر قاچان نائۈمىد ئىنسان،
دادىڭغا يەتكۈسى مالىكۇلمۇلۇك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


140. چۈنكى ھەر ھادىسە چىقتى پەيلىگە،
بىرياقلىقبولۇر دەپقىياس ئەتكۈلۈك.
قىلارئۇ دەمئالدى، بىر دەم كەينىنى.

141. تۇرمايدۇ ھەمىشە ئوخشاش بۇ دەۋر،
142. زامانە زۇلمىنى تاقەت بىلەن يەڭ،
بىتەھقىقپەلەكھېچئۇقماس سەبرىنى ®.

## سەيپىل ھەلى ئېيتىدۇ

143. مېڭىپ تۇر، ساپ ھاۋا بېغىشلار لەززەت،
پاكجايداتۇر، كاچكۇل ®بېشىغاباشلىما.
بىھۇدە ئۆي ئويلاپ كۆزۈڭ ياشلىما.

144. يول ئۆزرە دوست، مەنزىل — ئۆيۈم قالدى دەپ،
145 بول ھوشيار، ئالدىنىپ ئىمرەلقەيس ®تەك،
ئېزىنتقۇ كەينىدىن قەدەم تاشلىما.

## قوشۇمچە، ئىمرەلقەيس مۇنداق دېگەن

146. يىغلايلى دوست، مەنزىل قالدى، داد ئېتىپ، ۋىسقتى لاۋادىكى جاينى ياد ئېتىپ.

پەيلاسوپ، شائىر سەيپىل ھەلى ئالدامچى ئىمرەلقەيىسنىڭ بېكىنمىچىلىك خوراپىي كۆز قارشىغا رەددىيە بېرىدۇ. بىر يەرگە بېكىنىۋېلىپ، بىھۇدە خام خىيال بىلەن زارلاپ يېتىۋەرمەي، دادىل ھەرىكەت قىلغاندىلا ساپ ھاۋاغا، ياخشى كۆڭگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دېگەن ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيە بىلەن مەيدانغا چىققان.

## بەزى شائىرلار ئېيتىدۇ

147. زۇلۇمغا بىسەۋرى ھۆرىيەتپەرۋەر،
كۆڭگۈسى سەۋرگە پەقەتلا ئېشەك،
148. ۋەتەنىنىڭ تۆت بۇرجى ئۆيۈڭ باراۋەر،
بېكىنمە بىرجايغاسېلىپجاي‌تۆشەك ®.

## ئەبۇل پەتھى بەستى ئېيتىدۇ

149. مەنزىلدىن ـ مەنزىلگە تېز يۆتكەل ئاداش،
ۋە يەنە سەپەرگە بەرگەيسەن چىداش.
150. ھۆر بولساڭ، نەدە تۇر تاپارسەن ئىززەت،
ھەر يەردە تەكشى نۇر چاچقاي شۇ قۇياش.

## مەۋلانا تەجەللى مۇجەللى ئېيتىدۇ

151. ھېچ بايلىق پەسكەشكە زىننەت بېرەلمەس،
سېخىيغا يوقسۇزلۇق ئەيىب كەلتۈرمەس.
پاك ۋىجدان بايلىقنىڭ كانى توگىمەس.

152. ھەقىقىي بايلىقتۇر ھەقنى ھەق بىلمەك،
153. ياخشىنىڭ مەقامى ® ئەلگە نەپ بەرمەك،
بەلگىسى كىشىگە ئازار يەتكۈزمەس.

## كەئبى ئىبنى زۇھەيرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ

154. تەئەججۇپ قول سوزماق چىقماس نەرسىگە،
سىرلىرى نامەلۇم تۇرسا سېنىڭدىن.
بىھۇدە ئىنتىلىپ، تېشىپ قىنىڭدىن.

155. جان بىر، غەم بەك تولا، نەپسىڭنى ھۆرمە،
156. تىرىكسەن، ئارزۇدىن ئەمەسسەن خالىي،
ھەتتاكى ئايرىلىش پەيتە جېنىڭدىن.

**ئىزاھلار:**

① جاھىللار — ئاڭسىزلار، نادانلار، بىلىمسىزلەر.
② بەھرى — دەريا ـ دېڭىز مەنىسىدە.
③ چاھ — قۇدۇق.
④ نەھۋى — گرامماتىكا، تىلنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيىتى.
⑤ بۇ مىسرالاردا ئاتا ـ ئانىغا سىلە رەھىم (كۆيۈنۈش) قانداق زۆرۈر بولسا، شېئىرىي نۇتۇقنىڭ قانۇنىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ شۇنداق زۆرۈرلىكى قەيت قىلىنغان ۋە ئەرەبلەرنىڭ بۇرۇنقى ئادىتىدە ساقلانغان جامائەت سورۇنلىرىدا شېئىر ئوقۇپ پۇل تەلەپ قىلىش ئادىتى ھەجۋى قىلىنغان.

⑥ پەسلىم — دەۋرىم، شۆھرىتىم، مەنسىپىم.
⑦ بوتا — زەرگەرنىڭ ئالتۇن ئېرىتىدىغان ئوچىقى، ئۇستازغا تەقلىد قىلىنغان.
⑧ بۇنىڭدا ئەتراپتىكىلەر بىلەن ئىمكانقەدەر ئىتتىپاقلىشىپ ياخشى ئۆتۈش قەيت قىلىنغان.
⑨ بۇ بېيىتتە «ئېيتىشماڭ ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالار ھەر باب بىلەن» دېگەن ئۇقۇم بار.
⑩ ھاشىمى — ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مەرتىۋىلىك قەبىلە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام ئاشۇ قەبىلىدىندۇر).
⑪ باھىلى — مەرتىۋىسى ئەڭ تۆۋەن قەبىلە.
⑫ سالىم — سالامەت، خاتىرجەم مەنىسىدە.
⑬ ھەمدۇكى — سېغىنىمەنكى، قايىلمەنكى.
⑭ سەير — ئايلىنىش، ھەرىكەت قىلىش.
⑮ شاپىئى — شاپىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللا رازى بولغۇچى شاپى) 267 ـ يىلى ئۇزىدا تۇغۇلۇپ 820 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئىسلام دىنىدىكى شاپىئى مەزھىپىنىڭ ئىجادچىسى، پەيلاسوپ، شائىر.
⑯ ئەرەب تىلى قائىدىسى بويىچە ئالغاندا بۇ كۇبلىتنىڭ 1 ـ مىسراسىدىكى «ادب» (ئەدەب) سۆزى ئەدەبىياتقا ماڭسا، 3 ـ مىسراسىدىكى «والاداب» دىكى «اداب» (ئاداب) سۆزى ئەخلاققا ماڭىدۇ.
ئاپتورنىڭ مۇددىئاسىدىن ئېيتقاندا بۇ بىر كۇپلېت شېئىردا ئومۇمەن مۇنداق ئۇقۇم بار: «ئەدەبىيات ئىلمىگە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتمە، ھەددىدىن ئاشقان ئىش تەتۈرگە كېتىش ئېھتىمال بار، ئۇنىڭ بىلەنلا بولۇپ كېتىپ باشقىنىمۇ (تۇرمۇشنى) ئويلىمىساڭ تەمەخور بولۇپ قالماسمەن؟ بەزىدە شۇنداق ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك كىشىلەر خار بولۇپ قېلىپ، جاھىل ـ ئاڭسىزلار ئەزىز بولۇپ قالىدىغۇ؟»
⑰ بۇ كۇپلېتتا ئىلىم بىلەن ئەمەلنىڭ، ئەقىل بىلەن ھەرىكەتنىڭ بىرلىكى (ماسلىشىپ كېلىشى) تەكىتلىنىدۇ.
⑱ بۇ يەردە ھەرقانداق ئىشنىڭ ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. بىرەر ئىشتا نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىش زۆرۈر دېگەن ئوقۇممۇ بار.
⑲ دۇر — مەرۋايىت، ئۈنچە، گۆھەر.
⑳ ئەنقا — ئىسمى بار، جىسمى يوق غايىۋى بەخت قۇشى.
㉑ جەۋزا — سامان يولى يۇلتۇزى سىستېمىسى.
㉒ ساۋۇت — جەڭ كىيىمى، پولات چاپان.
㉓ قەۋم — مىللەت، خەلق.
㉔ بۇ يەردىكى «قىلىچ» غەزەپنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئاقىل ياخشىلىق ئورنىغا غەزەپ قىلمايدۇ، غەزەپ ئورنىغا ياخشىلىق قىلمايدۇ دېمەكچى (مۇھەببەت بىلەن نەپرەتتە، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن غەزەپتە ئېنىق بولۇشنى، ھەرقايسىنى ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىشنى بىلىشنى كۆزدە تۇتقان).
㉕ يوقالماس شەيئى — ھالال نەرسە، بۇ كۇپلېتتا ھارام دۇنيا كىشىنىڭ ئامانىتىدۇر. ئىگىسى ھامان ئۇنى سەندىن تارتىپ ئالىدۇ. مەڭگۈ يوقالماس شەيئىگە ئېرىشىمەن دېسەڭ ھالال ياشا، دېگەن مەنا بار.
㉖ بۇ يەردە ئەرەب تىلى ـ يېزىقى قائىدىسىگە ئاساسلانغان ھەرپ ئويۇنى بار. يەنى ئەرەبچىدىكى ئادەم ئىسمى ـ «عمو» (ئۆمەر) بىلەن پەرمان، بۇيرۇق مەنىسىدىكى «عمرو» (ئەمرى) سۆزى ئوخشاش يېزىلىدۇ، لېكىن ئادەم ئىسمى بىلەن پەرمان دېگەن سۆزنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، پەرمەندىكى «عمر» گە «ۇ» ھەرپى قوشۇلۇپ «عمرو» يېزىلىسمۇ، ئېيتىلىشتا «ۋ» تاشلىنىپ يەنىلا «ئەمرى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئەكسىچە «زىد» (زەيدىن) دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى «د» ھەرپىدىن كېيىن «ن» (نون) ھەرپى بولمىسىمۇ «ن» ھەرپىنى قوشۇپ «زەيدىن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئەرەب تىل ـ يېزىقتىكى بۇ ھالەت تۇرمۇشتىكى بەزى كىشىلەردە ساقلانغان بارنى يوق، يوقنى بار قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئىللەتلەرگە تەققاسلانغان.
㉗ بۇ يەردە ئېيتىلغىنى ئەما كىشى نامەھرەمنى كۆرمىگەنلىكتىن ساۋابقا ئېرىشىدۇ. لېكىن، ئاقىللارنىڭ كۆزى ساق تۇرۇپ ئۆزىنى نامەھرەمدىن قاچۇرۇشى، يەنى شەھۋانىي نەپسىنى ئاڭلىق ھالدا يىغىۋېلىشى، ئەما تاپقان ساۋابتىن نەچچە ھەسسە كۆپ ساۋابقا نائىل قىلىدۇ، دېگەندىن بېشارەتتۇر.
㉘ بۇ يەردە تەكىتلەنگىنى قۇللۇق ئىدىيە بولماستىن، زامان ساڭا باقمىسا سەن زامانغا باق، يەنى ھەر بىر ئىشنىڭ شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلىپ ۋاقتى ـ سائىتى كەلگۈچە قانۇنىيەتكە خىلاپ ھالدا بىھۇدە ئىش قىلما، ئورۇنسىز بەدەل تۆلىمە، دېگەن پەلسەپىۋى ئۇقۇمدۇر.
㉙ كاچكۇل — خەتەرلىك (تېپىلىپ كېتىدىغان) جايغا سىمۋول قىلىنغان.
㉚ خۇراپىي، چۈشكۈن، ئېزىتقۇ، بىدئەت شائىرلار تىپى.
㉛ بۇ قىتئەدە ئۆز يۇرتىنى كىچىك ئائىلىسى دەپ بىلىپ، كەڭ ۋەتەننىڭ ئىستىقبالىغا نەزەر سالمايدىغان بىر تەرەپلىمە چاكىنا قاراش قامچىلانغان.
㉜ مەقامى — ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمى مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تارىخى رەشىدى[1]

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

### موللا مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

### نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## مەنسۇرخان (تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي)نىڭ ئوغلى شاھخاننىڭ بايانى

مەنسۇرخان (تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلاندۇرغاي) ئاخىرقى ئۆمرىدە چوڭ ئوغلى شاھخاننى ئۆز ئورنىدا پادىشاھ قىلىپ تىكلەپ قويۇپ، ئۆزى پىنھان ئورۇندا تائەت ۋە ئىبادەتكە مەشغۇل بولغان ئىدى. مەنسۇرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن شاھخان تۇرپان ۋە چالىش تەرەپلىرىدە مۇستەقىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ھازىر تارىخقا توققۇز يۈز ئەللىك ئىككى[2] بولدى. ھېلىمۇ ئاتىسى مەنسۇرخاننىڭ ئورنىدا شاھخان پادىشاھلىق قىلىۋاتىدۇ. شاھخان ئاتىسىنىڭ مۇلازىملىرىگە خانلىق ئىشلىرىدا ۋە پادىشاھلىق يوسۇنلىرىدا ناتوغرا يول بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ دەپ ئاڭلىدۇق، ئۇ يامان سۈپەت ۋە نالايىق ئەخلاق بىلەن مەشھۇر بولۇپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىشتىن ھېچقانداق مەنپەئەت ھەم بىزنىڭ مەقسىتىمىز بىلەن بۇ خىل بايانلارنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئۇنىڭ بۇزرۇكۋار ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا ياخشى نام ۋە پاكلىق لىباسلىرىنى ھەقىقەت ۋە دىن زىننەتلىرى بىلەن بېزىگەن ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۇلۇغ بۇزرۇكۋار ئاتىسىنىڭ خاتىرى ۋە ئارزۇسىغا رىئايە قىلمىغان ئىدى. ئاتا - ئانىغا قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەر بولسا دىن ۋە دۇنيانىڭ توغرا ۋە نىجاتلىق يولىدۇر، بۇنداق ياخشى ئىشلار بولسا ئۇنىڭدىن ۋۇجۇدقا كەلمىگەن ئىدى.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن تارىخچىلار قائىدىسى شۇكى، زىكرى قىلىنغۇچى گەرچە لاياقەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەزكىرە سىلسىلىلىرىنى بىر - بىرىدىن ئۈزۈۋەتمەيدۇ. بەلكى نېمە بولسا شۇنى ئەينەن بايان قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى پادىشاھلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنىلا بايان قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ يامان سۈپەت، قەبىھ ھەرىكەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش ئەمەس، بەلكى بارلىق ياخشى - يامان سۈپەتلىرى، گۈزەل ۋە قەبىھ ئەخلاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بايان قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندىلا ئالەم قەۋملىرى ئىچىدىن ئۇلارنىڭ تارىخى يېتىپ بارغانلارنىڭ ھەربىرى ئۇلاردىن كېيىن پادىشاھ ياكى پۇقرا بولسۇن ھەر كىشى ئۇ تارىخقا نەزەر تاشلىسا، ئۇلارغا پەندى - نەسىھەت

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا
② ھىجرىيىنىڭ 952 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1545 —— 1546 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

بولغۇسى. ئۇلار ياخشى ئەخلاقنىڭ نەتىجە ۋە پايدىلىرىنىڭ ۋە يامان قىلىق، قەبىھ ھەرىكەتلەرنىڭ زىيانلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگۈسىدۇر. ھەر كىشى بۇنى يادىلىرىدا تۇتۇپ، بۇ نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىپ، ياخشى ئەمەللەرگە مايىل بولۇپ، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇسىدۇر.

## [سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى] سۇلتان سەئىدخاننىڭ بايانى

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئون سەككىز ئوغلى بار ئىدى. ھەممىسىنىڭ چوڭى مەنسۇرخان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئۇنىڭدىن كىچىكى ئىسكەندەرخان ئىدى، ئۇ ئاتىسىدىن كېيىنلا كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى. ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ كىچىكى سۇلتان سەئىدخان ئىدى. قالغان ئون بەش ئوغۇلنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى.

سۇلتان سەئىدخان ئون تۆت ياشتا ئىدى، سۇلتان ئەھمەدخان ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخانغا ياردەمگە ماڭدى. ئوغۇللىرىدىن سۇلتان سەئىدخاننى ۋە باباخاننى ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ، تاشكەنتكە باردى. خانلار بىر - بىرى بىلەن ھەمراھ بولۇپ تورىۋاتقان زامانلاردا سۇلتان سەئىدخان ئاتىسى ئەھمەدخان ۋە تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ ئاتىدارچىلىقىدا بەختىيار ھالدا كۈن ئۆتكۈزەتتى. سۇلتان ئەھمەدخان ۋە مەھمۇدخان ئىتتىپاقلىشىپ شاھىبېكخان بىلەن ئاخسىدا جەڭ قىلدى [بۇنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى]. جەڭدە شاھىبېكخان غالىب كېلىپ، سۇلتان ئەھمەدخان ۋە ماھمۇدخاننى مەغلۇب قىلدى. شۇ مەزگىلدە سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئايىغىنىڭ ئۇستىخىنىغا بىر ئوق تېگىپ، ئۇستىخىنىنىڭ بېشى سۇندى. ئۇ ئۆزىنى بىر چوڭقۇر يەرگە تاشلىدى. شۇ جايدىكى كىشىلەر جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سۇلتان سەئىدخاننى تاپتى. ئۇنىڭ ئايىغى سۇنغانلىقتىن، ھېچيەرگە ئېلىپ بارماي بىرنەچچە كۈنگىچە مۇھاپىزەت قىلدى. بىر ئاز ساقايغاندىن كېيىن ئاخسىنىڭ ھاكىمى شەيخ بايەزىدنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. شەيخ بايەزىدنىڭ ئەھۋالى ئىككىنچى دەپتەردىكى سۇلتان ئەھمەدى تەنبەلنىڭ سۈپەتلىرى بابىدا بايان قىلىنغۇسى.

شەيخ بايەزىد سۇلتان سەئىدخاننى قاماقتا ساقلىدى. ياندۇرقى يىلى ئاشلىق باش چىقارغان مەھەلدە شاھىبېكخان يەنە پەرغانە ۋىلايىتى ئۈستىگە كەلدى. سۇلتان ئەھمەدى تەنبەل شەيخ بايەزىد ۋە بارلىق ئاغا - ئىنىلىرى بىلەن شاھىبېكخاننىڭ قولىدا ئۆلدى. پەرغانە ۋىلايىتى شاھىبېكخانغا تەئەللۇق بولدى. شۇ پەيتلەردىمۇ سۇلتان سەئىدخان قاماقتا ئىدى. شاھىبېكخاننىڭ سىپاھلىرى سۇلتان سەئىدخاننى شاھىبېكخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئۇ سۇلتان سەئىدخاننى پەرزەنتىم دەپ شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن ياخشى قاراپ، ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ سەمەرقەندكە ئېلىپ باردى. سەمەرقەندتىن ھىسارغا ئېلىپ باردى. خۇسرەۋشاھ قۇندۇز ۋە بەدەخشاننى ئىشغال قىلغان مەزگىلدىمۇ سۇلتان سەئىدخان شاھىبېكخان بىلەن بىللە ئىدى. شاھىبېكخان بۇ مۇھىم ئىشتىن بوشىغاندىن كېيىن يەنە سەمەرقەندكە قايتتى. ئاندىن خارەزمگە يۈزلەندى. شۇ كۈنلەردە سۇلتان سەئىدخان شاھىبېكخاندىن قېچىپ موغۇلىستان تەرەپكە باردى. [يەتتە كەنت دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى.] ئۇ زاماندا سۇلتان مەھمۇدخان [شۇ جايدا] بار ئىدى. سۇلتان سەئىدخان [بۇزرۇكۋار] تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن [يەتتە كەنتتە] كۆرۈشتى. بىرنەچچە كۈن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كۆردى. قارىسا سۇلتان مەھمۇدخانغا ھۆكۈمەت قائىدىسى ۋە مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئىشلىرىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈش ۋە بىپەرۋالىق قىلىش ئادەت بولۇپ قالغاندى. بۇ تۈپەيلىدىن سۇلتان سەئىدخانغا پۈتۈنلەي مەيۈسلۈك، ئۈمىدسىزلىك يۈزلەندى. شۇڭا، مەھمۇدخاننىڭ مۇلازىمىتىدىن قېچىپ موغۇلىستانغا بارغان ئىدى. ئۇ مەزگىلدە [قىبرىندىشى] خەلىل سۇلتان قىرغىزلارغا ھاكىم ئىدى، ئۇنىڭ قېشىدا تۆت يىل تۇرۇپ قىرغىزلار ئىچىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. بۇ تۆت يىل ئىچىدە سۇلتان سەئىدخان خەلىل سۇلتان، سۇلتان مەھمۇدخان ۋە مەنسۇرخانلارنىڭ ئارىسىدا كۆپ ۋەقەلەر يۈز بەردى. ئاخىر ئىش شۇ يەرگە يەتتىكى، سۇلتان مەھمۇدخان ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئوغلى تۈپەيلىدىن موغۇلىستاندا تۇرالماي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاھبېككخاندىن شەپقەت كۆزلەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، شاھبېككخان ئۇنى خوجەنتتە شېھىت قىلدى. سۇلتان مەھمۇدخان شاھبېككخاننىڭ ئالدىغا كەتكەن ۋاقىتتا سۇلتان سەئىدخان ۋە خەلىل سۇلتان موغۇلىستاندا قىرغىزلار ئىچىدە قالغان ئىدى. شۇ ئەھۋالدا ئۇلار «مەنسۇرخان چالىش تەرەپتىن لەشكەر تارتىپ موغۇلىستانغا كېلىۋاتقانمىش» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بۇلارمۇ بارلىق قىرغىز ۋە موغۇل لەشكەرلىرىنى يىغىپ، چارۇنچالاك دېگەن بىر مۇستەھكەم جايدا تەييارلىنىپ تۇردى. مەنسۇرخانمۇ لەشكەرلىرىنى تەييارلاپ يېتىپ كەلدى. ئىككى تەرەپ لەشكىرى بىر - بىرىگە تاقابىل تۇرۇپ قاتتىق جەڭ قىلدى. ئاخىر سۇلتان سەئىدخان ۋە خەلىل سۇلتان جەڭدە يېڭىلدى. خەلىل سۇلتان جەڭدىن قېچىپ پەرغانە ۋىلايىتىگە يۈزلەندى. ئۇ تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ قېشىغا بارماقچى بولدى. مەھمۇدخاننىڭ يۈز - خاتىرىسى تۈپەيلىدىن شاھبېككخاننى ئۆزىگە شەپقەت ۋە مۇرۇۋۋەت قىلىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخسىگە يەتتى. شاھبېككخاننىڭ تاغىلىرىدىن بولغان جانىبېككخان پەرغانە ۋىلايىتىگە ھاكىم ئىدى، ئۇ خەلىل سۇلتاننى شېھىت قىلدى.

سۇلتان سەئىدخان جەڭگاھتىن يانغاندىن كېيىن موغۇلىستاندا قاچاق ھالەتتە جەڭ قىلىپ تۇرۇشنى نىيەت قىلغاندى. ئەمما، ئاخىر شۇنداق ھادىسىگە دۇچ كەلدىكى، موغۇلىستاندا تۇرماق بىلەن ھېچ نەرسە ھاسىل بولمىدى. بۇ ھادىسىنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسىدۇر. ئەگەر بۇ يەردە سۆزلىسەك سۆز ئۇزىراپ كېتىدۇ.

ئەلقىسسە، سۇلتان سەئىدخان ئىلاجىسىز ئەندىجانغا باردى، ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي كابۇلغا، يەنى ئۇمەر شەيخنىڭ ئوغلى بابىرشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. بابىرشاھ سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. بابىرشاھ سۇلتان سەئىدخانغا كۆپ ئىززەت - ئىكراملار قىلدى. سۇلتان سەئىدخان كابۇلدا ئۈچ يىل تۇردى. شاھبېككخاننى مەرۋىدە شاھ ئىسمائىل ئۆلتۈردى، بابىرشاھ كابۇلدىن قۇندۇزغا يۈرۈش قىلدى. سۇلتان سەئىدخانمۇ ھەمراھ بولۇپ قۇندۇزغا كەلدى. بۇ چاغدا بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ تاغىسى سەيىد مۇھەممەد مىرزا [ئىبنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا] ئەندىجاندا بۆلۈنۈپ چىقىپ، جانىبېك سۇلتاننى ئەندىجاندىن قوغلاپ چىقىرىپ، پەرغانە ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلدى ۋە بولغان ۋەقەلەرنى مەكتۇبقا پۈتۈپ بابىرشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. بابىرشاھ [خاننىڭ مۇلازىملىرى بولمىش] موغۇل ئەمىرلىرىنى قوشۇپ سۇلتان سەئىدخاننى ئەندىجانغا ئەۋەتتى. سەئىدمۇھەممەد مىرزا دەرھال سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئىشغال قىلغان ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا تەۋە قىلدى. خان سەيىد مۇھەممەد مىرزىنى ئىنتايىن ئەزىز ۋە مۇكەررەم تۇتتى. قەدىمي موغۇل قائىدىسى بويىچە ئۇلۇس بېگىلىك مەنسىپى سەيىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ نېسىۋىسى ئىدى. ئۇنى سەيىد مۇھەممەد مىرزىغا بەردى. بۇ چاغدا مىرزا ئابابەكرى قەشقەردىن يىگىرمە مىڭ بەش يۈز چېرىك توپلاپ ئەندىجانغا يۈردى. ئۇلار پەرغانە ۋىلايىتىنى تەمە قىلىپ يېتىپ كەلدى. سۇلتان سەئىدخان مىڭ بەش يۈز كىشى بىلەن ئۇلارنىڭ يولىنى توستى. ئەندىجاندىن ئىككى يۈز پەرسەڭ يىراقلىقتىكى تۇتلۇغ دېگەن يەردە ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بىر - بىرىگە قارشى سەپ تۈزدى. ئۇلار شۇ قەدەر قاتتىق جەڭ قىلدىكى، ئاقىۋەت تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن غالىبىيەت سۇلتان سەئىدخانغا يار بولۇپ، مىڭ بەش يۈز كىشى بىلەن يىگىرمە مىڭ بەش يۈز كىشىنى مەغلۇب قىلدى. [ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ كۆرۈلدى.]

سۇلتان سەئىدخانغا بۇ نۇسرەت ۋە غالىبىيەت مۇيەسسەر بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن ئەتراپى ئالەمنىڭ پادىشاھلىرىغا كۆپ قورقۇنچ ۋە خەۋپ پەيدا بولدى. پەرغانە ۋىلايىتىدە ئۆزبېك پادىشاھلىرىدىن ھېچبىرى قالمىدى. پاراكەندە بولغان ئۆزبېك سۇلتانلىرى پەرغانە چېگرىلىرى ئەتراپىدا بار ئىدى. ھەممە ئۆزبېك سەمەرقەند ۋە تاشكەنتكە يىغىلدى. بۇ كۈنلەردە بابىر پادىشاھ ھىسار ۋە شادماندا ئۇ ۋىلايەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، غەلىبە قىلدى ۋە مۇشۇ مەغلۇب قىلىش بىلەن تەڭ ئۆزبېكنى ماۋەرائۇننەھردىن قوغلاپ سەمەرقەند تەختىگاھىدا ئولتۇردى. خان ئەندىجاندا ئورۇنلاشتى. بۇ ۋەقە تارىخقا

توققۇز يۈز ئون يەتتە[1] رەجەپ ئېيىدا بولغان ئىدى. شۇ يىلى باش باھار مەزگىلى ئىدى، ئۆزبېكلەر تۈركىستاندىن تاشكەنتكە كەلدى. ئۇبەيدۇللاخان بۇخارا ئەتراپىغا باردى. بابىر پادىشاھ ئۇبەيدۇللاخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بېرىپ، بۇخارا چېگرىسى ئىچىدە تۇتۇشۇپ جەڭ قىلدى. ئۇبەيدۇللاخان غەلىبە قىلدى، بابىر پادىشاھ مەغلۇب بولۇپ، سەمەرقەندكە قايتىپ كەلدى. ئاندىن ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي كۆچۈپ ھىسارغا باردى. دېمەك، ئۆزبېك باش كۆتۈردى، سۇلتان سەئىدخان ئەندىجاندا ئىدى. بابىر پادىشاھ شاھ ئىسمائىلدىن ياردەم تىلىدى. شاھ ئىسمائىل ئەمىر نەجمى ئاتلىق بىر ئەمىرنى ئاتمىش مىڭ لەشكەر بىلەن بابىر پادىشاھقا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. بابىر پادىشاھ ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ سەمەرقەندكە باردى. خانمۇ ئۆزبېكلەر بىلەن جەڭ قىلىش مەقسىتىدە ئەندىجاندىن سەمەرقەندكە يۈردى. تاشكەنت تەرەپتە خاننىڭ قارشى تەرىپىدە سەۋىنچ خاجەخاننىڭ يەتتە مىڭ چېرىكى بار ئىدى. بۇ ئىككى لەشكەر قاتتىق جەڭ قىلدى. ئاخىر سەۋىنچ خاجەخان غەلىبە قىلدى. سۇلتان سەئىدخان مەغلۇب بولۇپ، تالاپەتكە ئۇچراپ ئەندىجانغا يېنىپ كەلدى. بۇ كۈنلەردە بابىر پادىشاھمۇ بۇخارادا ئۆزبېكلەردىن شىكەستە يەپ ھىسارغا يېنىپ كەلدى.

بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان (تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي) شۇنداق بايان قىلىدۇكى، بابىرشاھ ئەمىر نەجمى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن مەن بابىرشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ مۇلازىمىتى ئۈچۈن ئەندىجانغا باردىم. بۇ چاغدا خان سەۋىنچ خاجەخاندىن تالاپەت يەپ، ئەندىجانغا يېنىپ كەلگەن ئىكەن. باھار ۋاقتى ئىدى، خان قاسىمخاننىڭ يېنىغا باردى. ئۇ قازاق پادىشاھى ئىدى. ئۇنىڭ لەشكىرى ئۈچ يۈز مىڭ كىشى ئىدى. قاسىمخان خانغا ھەددىدىن زىيادە ئىززەت - ئىكراملار قىلدى. خان [نەچچە يىللاردىن كېيىنمۇ] ھەمىشە قاسىمخاننىڭ قىلغان كەسپىنى ئەسلەيتتى [ئۇنى يوقلايتتى]. بىز ئۇ يەردىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن خان مېنى كۈيئوغۇل قىلىپ كۆرەگانلىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزۈپ، يېقىنلىرى ئارىسىدا مۇمتاز ۋە مۇكەررەم قىلدى. بۇ قىسسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىككىنچى دەپتەردە يېزىلغۇسى.

تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە[2] ، باش باھار مەۋسۇمى ئىدى، بارلىق ئۆزبېك پادىشاھلىرى سان - ساناقسىز لەشكەر ۋە سىپاھلار بىلەن ئەندىجان ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ كەلدى. خان جەڭ قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي ئۆزبېك لەشكەرلىرى پەرغانە ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلمەستە موغۇلىستان تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. يەتتە كەنت دېگەن جايغا كەلگەندە ئۇلار بىردەك مەسلىھەتلىشىپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىنىسى تاغام سەيىدمۇھەممەد مىرزىنى ئالدى بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتتى. خانمۇ توختاۋسىز يېتىشىپ كېلىپ قەشقەردە جەڭ قىلىپ، قەشقەر لەشكەرلىرىنى مەغلۇب قىلدى. قەشقەر لەشكەرلىرى شەھەرگە بېكىنىۋالدى. خان يېڭىسارغا چىقىپ يېڭىسار قەلئەسىنى ئۈچ ئاي قورشاپ ياتتى. ئاخىر يېڭىسار ئەھلى تاغام سەيىدمۇھەممەد مىرزىغا زارلىنىپ ئېلتىجا قىلىپ قەلئەنى ئېچىپ بەردى، بۇ خەۋەر قەشقەرگە يەتتى. قەشقەردىكى لەشكەرلەرمۇ شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. قاچقان لەشكەرلەر يەكەنگە، يەنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى. مىرزا ئابابەكرىمۇ قېچىشنى ئىختىيار قىلىپ، خوتەنگە كەتتى. خانمۇ توختاۋسىز قوغلاپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ كەينىدىن لەشكەر ئەۋەتتى. ئۇلار تاكى تىبەت تېغىنىچە ئارقىسىدىن قوغلاپ باردى. ھەددىدىن زىيادە مال - مۈلۈك، ئات - خېچىر موغۇل لەشكىرىگە ئولجا چۈشتى. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى.

خان قەشقەر تەختىگاھىدا ئولتۇرغان ۋاقىت تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە ئىدى. بۇ چاغدا خان بىلەن ئاتا بىر، ئانا بىر قېرىنداش بولغان ئىمىن خاجە سۇلتان قىشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تۇرپاندىن كەلدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئىمىن خاجە سۇلتاننىڭ ھەممە ئەمىرلىرى مەنسۇرخاندىن تولا شىكايەتلەر قىلدى. ئۇنىڭ موغۇلىستاندا قىلىنغان ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىكلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ، مەنسۇرخاننى قەتلى قىلىپ يوق قىلىش ئۈچۈن، تولا ھەرىكەتلەرنى قىلىپ،

---

[1] ھىجرىيىنىڭ 917 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1511 —— 1512 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
[2] ھىجرىيىنىڭ 920 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1514 —— 1515 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئەمما، خان جاۋاب بېرىپ: «مەنسۇرخان بىزنىڭ ئاكىمىزدۇر، ئىلگىرى بىز باشباشتاقلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماي، ئۇنىڭ ئاكىلىق ھەققىنى ساقلىمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزگە ئاداۋەت قىلىپ بىزنى ئەدەپلەپ قويۇش ئۈچۈن بىزلەر بىلەن دۈشمەنلەشكەن ئىدى. ئەمدى بىزنىڭ باشباشتاقلىق قىلىۋېرىشىمىز راۋا ئەمەس. بەلكى نۇقسانلىرىمىزنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ، ئۆزرە ئېيتىپ، قىلغان يامانلىقلىرىمىزنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭغا ياخشى خىزمەتكارلىق قىلىپ، ئىنىلىك شەرتىنى ئادا قىلغىنىمىز ياخشى» دېدى. مۇشۇ مەسلىھەت بويىچە ئۆزرەنامە يېزىپ مەنسۇرخانغا ئەلچى ئەۋەتتى.
مەنسۇرخان سۇلتان سەئىدخاندىن چۆچۈپ ۋە ۋەھىمە قىلىپ، جان ھەلقۇمىگە يەتكەن ئىدى، بۇ خۇش خەۋەردىن ئۇنىڭغا يېڭى جان ۋە تازا روھ ھاسىل بولدى. ئۇ تىترىگەن ۋە لەرزىگە كەلگەن ھالدا سۇلتان سەئىدخان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇلار ئاقسۇ بىلەن كۇسان (كۇچا) نىڭ ئارىسىدا كۆرۈشتى. سۇلتان سەئىدخان خۇتبە ۋە پۇلنى مەنسۇرخاننىڭ ئېتىغا قىلىپ تولۇق ئىتائەتنى بەجا كەلتۈردى. مەنسۇرخاندىن كەلگەن دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتلەرنىڭ مۇقابىلىسىدە سۇلتان سەئىدخان ياخشىلىق ۋە پەرمانبەردارلىق قىلدى. بۇ ئىككى خاننىڭ سۇلھى ۋە ئىتتىپاقىدىن خانلىق ئارىسىدا شۇ قەدەر تىنچ ئامانلىق ۋە پاراۋانلىق ھاسىل بولدىكى، قۇمۇل ۋە خىتاي چېگرىلىرىدىن تاكى پەرغانە ۋىلايىتىگىچە تەنھا بىر كىشى يول ئوزۇقىدىن خاتىرجەم ھالدا يۈك بىلەن بېرىپ كېلەلەيتتى. بۇ سۇلھى ئۈچۈن ئىقتىدارلىق تالىپلار «دولشكرنشاط ـ لەشكىرى بىنشات» (شاد ـ خۇرام بولغان ئىككى قوشۇن)① دېگەن سۆز تارىخ قىلىپ تېپىپ چىقتى.

ئاشۇ كۈنلەردە مۇھەممەد قىرغىز پات ـ پات تۈركىستاننى بۇلاپ ـ تالاپ، سايرامنى چاپقۇن قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى. خان ئىسلام غەلىبىسىدىن كېيىن بۇنداق ئىشنى مەكرۇ دەپ قارايتتى. شۇڭا [مۇھەممەد قىرغىزنىڭ ئۈستىگە چاپقۇن قىلىپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمان خەلققە قىلغىنىدىنمۇ ئاشۇرۇپراق ئۆزبېگە ۋە قىرغىز گۇرۇھلىرىغا تالان ـ تاراج يۈرگۈزدى.] مۇھەممەد قىرغىزنى تۇتۇپ قاماققا ئالدى. ئۇ ئون بەش يىل قاماقتا ياتتى.

تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە سەككىز② ئىدى، خان ئوغلى رەشىدخاننى موغۇلىستانغا چىقارتتى ۋە موغۇلىستاندىكى تامام قىرغىزلارنى بويسۇندۇردى. موغۇلىستاندا رەشىد سۇلتانغا نۇرغۇن ئادەم قېتىلدى. [ئاخىر شۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەردىكى، ماڭغىتلار ئىستىلاسى تۈپەيلىدىن ئۆزبېك ۋە قازاقلارنىڭ دەشتى قىپچاقتا تۇرۇشى مۇمكىن بولماي، موغۇلىستانغا كەلدى. ئۇلار ئىككى يۈز مىڭ كىشى ئىدى. ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا] بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن رەشىد سۇلتان ئۆز لەشكىرى بىلەن قەشقەرگە يېنىپ كەلدى. ئاندىن سۇلتان سەئىدخان بەدەخشانغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ، بەدەخشاننىڭ يېرىمىنى ئىشغال قىلدى ۋە ھازىرغىچە قەشقەر دىۋانىغا تەۋە بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇن بولۇپ، ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى. [شۇندىن كېيىن بەدەخشاننىڭ مىراسخورلۇقى جەھەتتە يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان شاھبېكەم بىلەن جېدەل ـ ماجىرالار بولۇپ ئۆتتى. بۇ تارىخلارنىڭ ھەممىسى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى.]

سۇلتان سەئىدخان ئىككى قېتىم بەدەخشانغا لەشكەر تارتىپ باردى. بىرىنچى قېتىم بارغان ۋاقتى تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە [بەش③] ئىدى. يەنە بىر نۆۋەت بارغان ۋاقتى تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز ئالتە④ ئىدى. خان تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز تۆتىنچى يىلىدا⑤ مېنى رەشىد سۇلتان بىلەن بىللە بەلۇرغا غازاتقا ئەۋەتتى. بەلۇر ـــ بەدەخشان بىلەن كەشمىرنىڭ ئارىلىقىدىكى كۇپپارلار ۋىلايىتىدۇر. بىز ئۇ

---

① «دولشكر بنشاط ـ دو لەشكەرى بەنشات» (شاد ـ خۇرام بولغان ئىككى قوشۇن) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەر ئەبجەد ھېسابى بويىچە «922» دېگەن رەقەمنى ئىپادىلەيدۇ (تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «923» دەپ ئېلىنغان) ھىجرىيە 922 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1516 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

② ھىجرىيىنىڭ 928 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1521 ـــ 1522 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

③ ھىجرىيىنىڭ 925 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1519 ـــ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

④ ھىجرىيىنىڭ 936 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1529 ـــ 1530 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

⑤ ھىجرىيىنىڭ 934 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1527 ـــ 1528 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

يەرگە بېرىپ غازات قىلىپ غەلىبە - نۇسرەت قازىنىپ، نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى قولىمىزغا چۈشۈرۈپ يېنىپ كەلدۇق.

بۇ ۋەقەدىن نەچچە مۇددەت ئۆتكەن ئىدى، ئەمىن خاجە سۇلتاننى چېقىمچى ۋە سۇخەنچىلەر سۇلتان سەئىدخانغا چېقىپ، خاننىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىپ بەتگۇمان قىلدى. خان ئەمىن خاجە سۇلتانغا ئاقسۇنى بەرگەن ئىدى، ئاقسۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۆكۈمىتى زامانى، يەنى تارىخقا توققۇز يۈز توققۇزىنچى يىلىدىن① تاكى تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە ئۈچ② بولغۇچە ۋەيرانە ھالەتتە ئىدى. ئەمىن خاجە سۇلتان ئاقسۇنى ئاۋات قىلىپ مەمۇرچىلىققا يەتكۈزگەن ئىدى. سۇلتان سەئىدخان ئەمىن خاجە سۇلتانغا مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، مېنى رەشىد سۇلتان بىلەن بىللە ئاقسۇغا ئەۋەتتى. بىزلەر بېرىپ ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئۆي - ۋاقلىرى بىلەن بىللە كۆچۈرۈپ قەشقەرگە ئەۋەتتۇق. مەن رەشىد سۇلتان [ئاقسۇدا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا] لەشكەر ۋە پۇقرالار مۇئامىلىسى ۋە يۇرت، مەملىكەتنى باشقۇرۇشقا كېرەكلىك قوشۇن ۋە لازىمەتلىكلەرنى تولۇق بېرىپ، سۆيۈنچە سەرەنجاملىرىنى ئېلىپ خاننىڭ خىزمىتىگە كەلدىم. خان ئەمىن خاجە سۇلتاننى ھىندىستانغا چىقارتتى. ئەمىن خاجە سۇلتان ھىندىستاندا ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولدى.

تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز سەككىز③ ئىدى، سۇلتان سەئىدخان تىبەت كۇپپارلىرى بىلەن غازات قىلماق ئۈچۈن تىبەتكە يېتىپ باردى. مېنى ئىلگىرى ئەۋەتتى. مەن بېرىپ تىبەتنىڭ كۆپىنچە كەنتلىرىنى ۋە بەزى قەلئەلىرىنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان ۋاقتىمدا خان يېتىپ كەلدى. لەشكەرلەرنىڭ ئالدى - كەينى يىغىلدى. [خان بىلەن كەلگەن] ھەممە لەشكەر مىڭ كىشى ئىكەن. ھېسابلاپ كۆرسەك بەش مىڭ كىشىگە قىشنى چىقارماق ئۈچۈن تىبەت تارچىلىق قىلىدىكەن، خان مەسلىھەت قىلىپ، مېنى ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن بىللە تۆت مىڭ كىشىنى قوشۇپ كەشمىرگە ئەۋەتتى. خان مىڭ كىشى بىلەن بىللە بالتۇغا يۈرۈش قىلدى. بالتۇ تىبەت بىلەن بەلۇرنىڭ ئارىسىدىكى بىر ۋىلايەتتۇر. بۇ قىش خان بالتۇدا غازات قىلىپ ئەتىياز بولغاندا يەنە تىبەتكە كەلدى. مەنمۇ شۇ قىش كەشمىرگە كەلدىم ۋە قىش ئاخىرىدا كەشمىرنىڭ سەردارلىرى بىلەن جەڭ قىلدىم. پاك ۋە قۇدرەتلىك تەڭرى غەلىبە ئاتا قىلىپ پۈتۈن كەشمىر لەشكىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، سەردارلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، كەشمىر ۋىلايىتىنى ئۆزىمىزگە تەۋە قىلماق مۇقەررەر بولغان ئىدى، ئەمما ئادىمىزات شەيتانلىرىنىڭ ئادىتى تۈزۈلگەن ئىشنى بۇزماق ۋە ئارىغا تەپرىقىچىلىك سالماقتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ پىتنىسى ۋە شۇملۇقى سەۋەبىدىن كەشمىرنى تەۋە قىلىش مۇيەسسەر بولمىدى. ئىلاجىسىز كەشمىرنىڭ سەردارلىرى بىلەن سۇلھــى تۈزۈپ، مۇھەممەد شاھ كەشمىرنىڭ قىزىنى خاننىڭ ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتانغا نىكاھ قىلىپ، خۇتبە ۋە ئاقچىنى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئېتىغا تەيىنلەپ، كەشمىر ماللىرىدىن مۇيەسسەر بولغانلىرىنى جەملەپ ئەتىياز پەيتىدە يەنە تىبەتكە خاننىڭ مۇلازىمىتىگە كەلدۇق. خان بىزنى نۇرغۇن شاھانە ئىلتىپاتلار ۋە خاقانلارچە مەرھەمەتلەر بىلەن ئەزىز قىلدى. ئاندىن مېنى يەنە خىتاي ۋە تىبەتنىڭ بۇتخانىسى بولغان ھۇرساڭ تەرەپكە بېرىشقا بۇيرۇدى. ئۆزى قەشقەرگە راۋان بولدى. خان يەكەندىن تىبەتكە كېلىش ۋاقتىدا ئىسلاپ ناھايىتى زەئىپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تا بۇ مۇددەتكىچە ئوبدان ساقىيىپ كەتمىگەن ئىدى. شۇڭا، «نېمىلا بولسۇن يانماي چارە يوقتۇر» دەپ يولغا راۋان بولدى. خان ئىسلايدىغان جايغا يەتكەندە ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشتى ۋە شۇ جايدا پاك روھى ئۇلۇغلۇق ئالىمىگە پەرۋاز قىلدى. بۇ ۋاقىتتا تارىخقا توققۇز يۈز [ئوتتۇز] توققۇز④ بولغان ئىدى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى.

① ھىجرىيىنىڭ 909 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1503 —— 1504 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيىنىڭ 923 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1517 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
③ ھىجرىيىنىڭ 938 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1531 —— 1532 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
④ ھىجرىيىنىڭ 939 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1533 - يىلى ئىيۇن بىلەن ئىيۇل ئايلىرى ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئېسىل پەزىلىتى ۋە ياخشى خىسلەتلىرىنىڭ بايانى

سۇلتان سەئىدخان دۆلەتمەن، سائادەتلىك، ئىززەت ـ ھۆرمەتلىك پادىشاھ ئىدى. ھەر خىل ئېسىل پەزىلەتلەر بىلەن بېزەنگەن، ياخشى خۇلق ۋە سۈپەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەن زات ئىدى. مۇبارەك ئۆمرى قىرىق سەككىزگە يەتكەن ئىدى. پاك ۋە مۇقەددەس تەڭرىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە ئۇلاشتى. ئۇنىڭ مۇبارەك ساقىلىدا ئازراقلا ئاق پەيدا بولغان بولۇپ، ئانچە كۆزگە چېلىقمايتتى. ناھايىتى خۇش مۇئامىلە، شېرىن سۆز كىشى ئىدى. خاھ تۈركىي، خاھى پارسىي تىلدا باراۋەر ئىدى. ئەگەر بىر كىشىگە ئىلتىپات قىلار بولسا، ئاۋۋال كۈلۈمسىرەپ ئاندىن سۆزلەيتتى. ھەمىشە چىرايى ئوچۇق ۋە خۇشال ئىدى. ساخاۋەتلىك ۋە مۇرۇۋۋەتلىك ئىدى.

مەقسۇد ئەلى ئاتلىق بىر باھادىر جەڭ ئۈستىدە خاننىڭ سول مۈرىسىگە ئوق ئېتىپ ياربدار قىلغان ئىدى. خان ئۇ زەخمەتنىڭ تەسىرىدىن ئىككى يىلغىچە ئاغرىپ ۋە قىينىلىپ ھالاك بولۇشقا يېقىن قالغان ئىدى. ئاشۇ كۈنلەردە خان ئاشۇ جاراھەتتىن ساقايماي كېسەل ھالىتىدە ئىدى، مەقسۇد ئەلىنى بىر توپ جامائەت تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى خانغا ئۇنىڭ جازاسىنى بەرگۈزۈپ، ئىنتىقامىنى ئالغۇزۇش ئىدى. مەقسۇد ئەلىنى خاننىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلگەندە خاننىڭ نەزەرى ئۇنىڭغا چۈشكەن ھامان مەقسۇد ئەلىگە ئىلتىپاتلار قىلىپ، پادىشاھانە ئىنئاملار بىلەن ئەزىز ۋە مۆكەررەم قىلدى، گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ ئىززەت ـ ھۆرمەتلەر قىلدى. ھالبۇكى، خاننىڭ شۇ ۋاقىتلاردا بىرلا توندىن ئارتۇق تونى يوق ئىدى. شۇ توننى سېلىپ ئۇنىڭغا ئىنئام قىلدى. ئۆز مەجلىسىدە ئورۇن بېرىپ بىللە ئولتۇردى. [ئۇنىڭغا: «مەن رەنجىپ ئولتۇراتتىم، كەلگىنىڭ ياخشى بولدى» دېدى.] تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مەقسۇد ئەلىگە ئىلتىپاتنى كەم قىلمىدى.

خاندىن بۇ خىل ياخشىلىق ۋە مۇرۇۋۋەتلەر تولا يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىككىنچى دەپتەردە زىكىر قىلىنغۇسىدۇر.

خاننىڭ ساخاۋىتىمۇ شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، مەن يىگىرمە يىل خاننىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. ئىنئام ۋە ئىلتىپاتى شۇنچىلىك ئىدىكى، گاھى ۋاقىتلاردا خەزىنىسىدە، بەلكى ئۆيي تەئەللۇقاتىدىمۇ ھېچ نەرسە قويمايتتى. ھەتتاكى نەچچە كۈن شىلانخانىدە ھېچ نەرسە قالمىغانلىقتىن، قۇپقۇرۇق تۇراتتى. خان ھەرەمگە كىرىپ غىزا يەيتتى. ئالاھەزەل مەملىكەتنىڭ ھەممىسىدىن خەزىنىگە كىرىدىغان مەھسۇلات خاننىڭ ئىنئام ئېھسانى خىراجىتىگە يەتمەس ئىدى.

شىجائەت ۋە باتۇرلۇقتا خان تەڭتۇشلىرىدىن زىيادە ئىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ خىزمىتىدە ئىدىم، ئۆزى تەنھا دۈشمەن لەشكىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە كەلگۈسىدۇر.

ئوق ئېتىشتا موغۇل، ئۆزبېك ۋە چاغاتايلار ئارىسىدا خانغا باراۋەر كىشىنى كۆرمىدىم، ئىلگىرىمۇ ئۇنىڭ تەڭدىشى كەلمىگەن بولغاي ۋە كېيىنمۇ بولمىغاي. مەن كۆپ قېتىم كۆرگەن ئىدىم، خان سەككىز، توققۇز ئوقنى ئاتسا ھېچبىرى خاتا كەتمەس ئىدىم. خاھى كىيىك ئوۋلاشتا، خاھى توشقان ۋە قىرغاۋۇل ئوۋلاشتا بولسۇن، بىردەك خاتاسىز ئوق ئاتاتتى. موغۇلىستاندا يۈز بەرگەن نەچچىلىگەن جەڭلەردە [قىرغىزلار ئارىسىدا] ئوق ئېتىشتا ھەممىدىن كامىل بولۇپ، ئۇ خالايىق ئىچىدە ئۆز زامانىدىلا شۆھرەت قازانغان ئىكەن.

كەرەم ۋە ساخاۋەت بابىدا خاننىڭ تەڭدىشى كەمدۇر. بىر نۆۋەت ئەندىجاندا بىر كىشى خاننىڭ قەستىدە كېلىپ، پۇرسەت ئىزدىدى. پۇرسەت تاپالماي خاننىڭ خاس ئاختىخانىسىدىن بىر ئاتنى ئېلىپ قاچتى. ئۇ كىشىنى يولدىن تۇتۇپ ئېلىپ كېلىشتى. ئۇ كىشى خانغا: «سىزنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قەستىدە كەلگەن ئىدىم، ئەمما پۇرسەت تاپالمىدىم، ھېچ ئىش قىلماي بىكار كېتىپ قالماي دەپ، بىر ئاتنى ئېلىپ قاچقان ئىدىم» دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەممە كىشى ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنى لايىق تاپتى. خان ماڭا بۇيرۇق

بېرىپ: «بۇ كىشىنى ئېلىپ چىقىپ ئادەملىرىڭگە تاپشۇرغىن، خەۋەردار بولۇپ ساقلىسۇن» دېدى. خالايىقلار تارقاپ مەجلىس خالىي بولغاندا خان ماڭا: «خۇدايى تائالانىڭ مېنى ئۇنىڭ زىيان ـ زەخمىتىدىن ساقلىغانلىقىنىڭ شۇكرانىسىگە ئاشۇ ئاتنى ئۇنىڭغا بەردىم، ئۆز كىشىلىرىڭگە بۇيرۇغىن، ئۇ ئادەمنى لەشكەرلەردىن يىراق ئېلىپ چىقىپ قويۇپ بەرسۇن، شۇنداق قىلساق مەنمۇ شۇكرانىنى ئادا قىلغان بولىدىكەنمەن، ئۇمۇ ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان بىكار قايتمىغان بولىدىكەن» دېدى.

خاننىڭ خەت ئوقۇشتا ساۋادى شۇ قەدەر تېز ئىدىكى، ھەرقانچە بەتئىملا، سەت خەت بولسۇن، خاھ نەزىم، خاھ نەسىر بولسۇن شۇ قەدەر توختاۋسىز ئوقۇيتتىكى، بىلمىگەنلەر بۇلار خاننىڭ يادىدا بار ئىكەن دەپ گۇمان قىلاتتى.

يەنە نەستەئلىق خېتىنى ئوبدان يازاتتى. تۈركىي ۋە پارسىي ئىملاسى توغرا ئىدى. شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، باشقا كىشىلەر پۈتۈن دىققىتى بىلەنمۇ ئۇنچىلىك توغرا قىلالمايتتى. تۈركىي تىلدا نەسرىي ئەسەرلەرنى ياخشى يازاتتى. شېئىر ئېيتىشتا خاندەك قابىلىيىتى بار كىشىنى كەم كۆرگەنمەن. ھەرگىز ئويلاپ پىكىر قىلىپ ئولتۇرۇپ شېئىر ئېيتمايتتى. بەلكى سۆھبەتلەردە ھەرخىل قاپىيىلەر ئارىغا چۈشسە دەل ۋاقتىدا (بەدىھەتەن تەتەببۇئـ) نەزىرە ئېيتاتتى. ھەرقانداق شېئىر ئېيتسا بىر ئىككى نۆۋەتتە ئۆزىگە ياد بولۇپ قالاتتى. خان ئۆز شېئىرلىرىنى بىراۋلارنىڭ يېزىۋېلىشىغا رىزالىق بەرمەيتتى. شۇنداقتىمۇ مەجلىسلەردە ئېيتىپ بەرگەن بەدىھەلىرىنى مەن ياد ئالغان ئىدىم. بۇ بېيىتلار خاننىڭ شېئىرلىرىدىندۇر.

**نەزم:**

قايسى گۇلشەننىڭ سېنىڭدەك بىر گۇلى رەئناسى بار،
قايسى گۇلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.
ھۆر بىرلە جەننەتۇل ـ مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
يارنىڭ كۇيىدا يۈز مىڭ جەننەتۇل ـ مەئۋاسى بار.
..............
يۈزى ئۈزرە كاكۇلى زۇلفىن پەرىشان كۆرگەلى،
ئەي سەئىد، ئاشفتە كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.

**نەزم:**

شۇكرىلىللاھ، ھالەتىم زاھىر بولۇپدۇر يارغە،
ئەمدى يار ئالىدا ئۆزنى كۆرسەتەي ئەغيارغە.
سەير ئۈچۈن كىرسە گۇلىستان ئىچرە ئول سەرۋى رەۋان،
بەندە بولسۇن سەرۋى ئازاد ئول قەدى رەفتارغە.
[گەر سەبا قان يىغلاسام، ئەيب ئەيلەمەڭ مەن زارنى،
بەس كېلە ئالمام بۇ زورى دىدەئى خۇنبارغە.]

**نەزم:**

ئەھدى قىلدىڭكى، ۋەفا قىلغايسەن، — قورقادۇرمەنكى خەتا قىلغايسەن.]
يوقكى، جانىمغە جەفا قىلغايسەن. — ماڭا دەرسەنكى: «ۋەفا قىلغۇمدۇر»،
[ئاتاسەن غەمزۇ ئوقى بىرلە مېنى، — ئەلگە قىلغانچە ماڭا قىلغايسەن.

سۆزنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن زىيادە بايان قىلمىدۇق. بىر كۈنى مەن خان بىر فارسىي بەدىھە ئېيتسا دەپ كۆپ ئىلتىجا قىلدىم. «دىۋانى خاجە ھەسەن» نى ئاچقانىدى. بۇ غەزەل چىقتى. مەئلىئ بۇدۇر، **نەزم:**

ئەي زى سەر تا بەقەدەم جان كەسى، — (ئەي، سەن باشتىن ئاخىر ماڭا جانسەن).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەجلىستىكى ھەممە ئادەملەر بەدىھەگۇيلۇق قىلىشنى باشلىدى. خان ئېيتتىكى، **نەزم:**

چەند گۇيىكى بەگۇ جان كەسى، راست گۇيەمكى تۇئى خان كەسى.

(جانلا ئەمەس، بەلكى راستىنى ئېيتسام، سەن ئۆزۈڭ بىرگە خانسەن.)

ئەتىمالىم ھەزرىتى خان بۇ بېيىتنى ئېيتتى. يەنە باشقا پارسىي بېيىت ئېيتمىغان بولسا كېرەك. خاننىڭ تەبئىتىدىكى مۇلايىملىق ۋە شېئىرىي قابىلىيەتنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى ئەنە شۇ بېيىتتىن مەلۇم بولىدۇ.

خان يەنە نەغمە ئىلمىدە تەڭداشسىز ئىدى. روھنى جانلاندۇرغۇچى ئۇد، سىتار، غىجەك ۋە چاھارتارنى ياخشى بىلۇر ۋە چالۇر ئىدى.

ئۇستىخان تاراشلىقتا كامىل ئىدى، تىرەسازلىقتىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى، پەلەي ۋە تۇماغە پىچىش ۋە تىكىشتە ناھايىتى ئۇستا ئىدى. جانۋار بېقىشقا ۋە شىكار قىلىشقىمۇ ماھىر ئىدى.

ياشلىق ۋاقتىدىكى ھالىتى ناھايىتى قالايمىقان، بىپەرۋا، ھېيىقمايدىغان، مەيخور ۋە ھوشسىز ئىدى. ھەتتا بىر سائەتمۇ شاراپ ئىچمەكتىن خالىي بولالمايتتى. بىر يىل ئىچىدە رامىزان ئېيىدىن بۆلەك ئايلاردا بىر كۈنمۇ ھوشيار ئەمەس ئىدى. مۇبارەك ئۆمرى ئوتتۇزغا يەتكەندە، يەنى تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە سەككىز① بولغاندا تەۋبە قىلدى ۋە سالاھىيەت تەقۋادارلىق يولىغا كىردى. مەن بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى دەپتىرىنى تەسنىپ قىلىۋاتقان ۋاقتىم ئىدى، كىتابتا سۆز خاننىڭ تەۋبە قىلغان يېرىگە كەلدى، ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكمەت خاتىرىمگە كەلدى ۋە ئۇنى مۇنداق بايان قىلدىم: خان تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە سەككىز بولغاندا سەرخۇشلۇق (مەستلىك) تىن تەۋبە قىلدى، ئەمما بارلىق مەنئى قىلىنغان نەرسىلەردىن تەۋبە قىلمىدى. دېمەك، بۇنىڭلىق بىلەن خاننىڭ تەۋبىسى تولۇق ئەمەس ئىدى. «توبۇاالي الله توبە — تۇبۇ ئىلەللاھى تەۋبەتەن» (ئاللاغا سەممىمى تەۋبە قىلىڭلار)② دېگەن مۇبارەك ئايەتنىڭ ئاخىرقى ئىككى ھەرپى بولغان بە (ب) ۋە ھە (ھ) نىڭ ئەبجەد ھېسابىدا سانى يەتتەدۇر، ئۇنى قوشماي ھېساب قىلىنسا تارىخ ھاسىل بولاتتى③. مۇرشىدلار پېشۋاسى ھەزرىتى مەخدۇم خوجاشەھابىددىن مەھمۇد④ (تەڭرى ئۇنىڭغا سالامەتلىك ئاتا قىلغاي) بولسا خوجە خاۋەند مەھمۇد ئىسمى بىلەن مەشھۇر ئىدى، ئۇ زات قەشقەرگە كەلدى. خان بىر ئىرادە بىلەن ئۇنىڭغا مۇرىت ۋە مۇلازىملىق دۆلىتىگە ۋە ئۇنىڭ مەسلىكىگە كىرىشكە مۇشەررەپ بولدى، پۈتكۈل گۇناھىدىن تەۋبە قىلدى، بۇ ۋەقە ئىلگىرىكى تەۋبىدىن يەتتە يىل كېيىن ئىدى. دېمەك، ئۇنىڭ تەۋبىسى ئەنە شۇنداق تولۇقلاندى. بۇنىڭغا «توبۇاالي الله توبە — تۇبۇ ئىلەللاھى تەۋبەتەن»⑤ دېگەن مۇبارەك ئايەت تولۇق تارىخ بولدى. بۇ ئاجايىپ بىر لەتىپىدۇر.

خان ھەزرىتى خوجىلار (تەڭرى ئۇلارنىڭ روھلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي) نىڭ مەسلىكىگە كىرگەندىن كېيىن كۈندىن ـ كۈنگە ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يولىنى، شۇنداقلا شەرىئەت يوسۇنلىرىنى چىڭ تۇتتى. گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى خۇي ـ مىجەزلىرى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئېھتىمال ئۆتكەن پادشاھلار ئارىسىدا يۇنۇسخاندىن باشقىلىرى بۇ مەرتىۋىگە يەتمىگەن بولسا كېرەك (تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر). خاننىڭ مۇبارەك ئەھۋالىنى ئاڭلاش مەقسەت بولسا، ئىككىنچى دەپتەرنى مۇتالىئە قىلماق كېرەك.

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

---

① ھىجرىيىنىڭ 928 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1521 — 1522 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② «قۇرئان كەرىم» 66 ـ سۇرە تەھرىم، 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ بۇ ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 928 ـ يىلىنى كۆرسىتىدۇ. مىلادىيىنىڭ 1521 — 1522 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
④ بۇ ئىسىم نىيازى تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. ئەمما، پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىسىدا، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «خاجە بەھائىددىن مەھمۇد» دېيىلگەن.
⑤ ئەبجەد ھېسابى بويىچە بۇ ئايەتنىڭ ھەرپلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان سانلارنى جەملىگەندە ھىجرىيە 935 ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ. مىلادىيىنىڭ 1528 — 1529 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

# بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى[1]

## ھېرمان ۋامبېرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇۋاھاپ قادىر

### سۇبھانقۇلىخان ۋە ئاشتەرخانىيلارنىڭ ئاخىرلىششى

**ھىجرىيە 1091 - 1150 (مىلادىيە 1680 - 1737) - يىللار**

ئامۇ دەريا بويىدىكى كىچىككىنە بىر مەملىكەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئەھۋالى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، ئىنتايىن خۇنۇك بىر مەنزىرە بارلىققا كېلىشكە باشلىغانلىقىغا ھەمدە ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر ئورنىغا ئۆزئارا نىزالار، قېرىنداشلار ئارىسىدىكى قانلىق جەڭلەرگە ئوخشاش ئىچكى بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ كۆرۈلگەنلىكىگە ئەجەبلەنمەسلىك كېرەك. چۈنكى، تېمۇرىيلارنىڭ يوقىلىشى بىلەن ماۋەرائۇننەھرنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگىنىدىن بېرى، بىز ئەمدى ئىككى ئەسىرنى ئارقىغا قالدۇرۇپ كەتتۇق.

قېرىندىشى ھىجاز (مەككە) غا سەپەر قىلغاندىن كېيىن ھىجرىيە 1091 (مىلادىيە 1680) - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ باشلىرىدا بۇخارا تەختىنى ئىشغال قىلغان سۇبھانقۇلىخان ئۆزى قېرىندىشىغا قارشى قانداق پاراكەندىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا يەنە شۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا، يەنى بەزىدە غەربتىكى تىنچسىز قەۋملەرگە قارشى، بەزىدە شەخسەن ئۆز قول ئاستىدىكى نائىپلىرىغا قارشى ۋە بەزىدە پەقەت ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىغا قارشى جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئىشنىڭ باشلىنىشى ئادەتتىكى بويىچە بەلختىن چىقتى. سۇبھانقۇلى ئۇ يەرگە ئۆز ئوغلى ئىسكەندەرخاننى نائىپ قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. لېكىن، ئۇ بۇ مەنسەپتە ئىككى يىلدىن ئارتۇق تۇرالمىدى. چۈنكى، قېرىندىشى ئەبۇلمەنسۇر ئۆز ئەتراپىغا كۈچلۈك بىر گۇرۇھنى توپلاپ، ئىسكەندەرخاننى زەھەر ۋاستىسى بىلەن يوقاتتى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆزى ئىشغال قىلدى. سۇبھانقۇلى بۇ قەھرىلىك ۋە قاتىل ئوغلىنىڭ ھەرىكىتىدىن نارازى بولدى. شۇڭا كىچىك ئوغلى ئەبدۇللانى بەلخ نائىپى قىلىپ تەيىنلىدى. لېكىن، بۇ ۋاقىتلاردا كۈچلۈك قورالغا تايانمىغاندا ھۆكۈمدارنىڭ سۆزىگە كىم ئەھمىيەت بېرەتتى؟ بەلخلىقلار قان بەدىلىگە بولسىمۇ ئۆز مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالدى. ئەبۇلمەنسۇر بەلخ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆز قولىغا ئالدى. لېكىن، ھاكىمىيەت بېشىدا پەقەت تۆت ئايلا تۇرالىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆز قېرىندىشى ئەبدۇللانىڭ دۈشمەنلىك قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى قەتلى قىلدۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى بولسا ئۆز تەرەپدارلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى سۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قارشى سۇيىقەست ھازىرلىشىغا سەۋەب بولدى. ئاخىر بىر كۈنى ھاممىسىنىڭ يېنىغا كەتكەن ۋاقىتتا ئۆزىنى ئۆلتۈردى.

ئۇنىڭ ئورنىدا سۇبھانقۇلىنىڭ سىددىقمۇھەممەدخان ئاتلىق ئوغلى نائىپ بولدى. بۇمۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى نائىپقا يېتىدىغان دەرىجىدە بىر بۇزغۇنچى ئىدى. بىر تەرەپتىن قېرىندىشىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قاتىللىرىنىڭ تېرىلىرىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ سويدۇردى ۋە بەدەن ئەزالىرىنى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئىككىنچىسىنى كەستۈردى. ئىككىنچى تەرەپتىن ئۆز ئاتىسىغا ئىنائەت قىلىشتىن باش تارتتى. ھەتتا خىۋەدىن ئانۇشاخان ماۋەرائۇننەھرگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتىمۇ ئاتىسىغا ياردەم قىلمىدى. سۇبھانقۇلىخان ھالاكەتلىك تەھدىتنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، ئوغلى سىددىقمۇھەممەدخاننى

---

[1] بېشى ئۆتكەن ساندا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغانلىقى ئۈچۈن، جاۋابكارلىققا تارتماقچى بولغان ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى يامانلىق قەستى بىلەن بولغانلىقىنى بىلىپ، بۇ پىكرىدىن ياندى ۋە ئۇنى قورال كۈچى بىلەن ئەدەبلەشكە تېگىشلىك دەپ قاراپ، ئەسكەر بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ ۋاقىتتا سىددىقمۇھەممەدخان ئاتىسىغا ئوچۇقتىن ئوچۇق قارشىلىق كۆرسىتىپ بەلخكە بېكىندى. سۇبھانقۇلى كېيىن يەنە ئاتىلىق شەپقىتىنى كۆرسىتىپ، بىردىن بىر جەبىر - زۇلۇم تەدبىرلىرىگە كىرىشمىدى. ئۇنىڭغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ تۈزكورلۇقى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىپلىدى ۋە ئەگەر ئىتائەت بايان قىلىپ ئاتىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىدىغان بولسا، ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ھەرىكەت ياخشى بىر نەتىجە بەردى. سىددىقمۇھەممەد خاتالىقلىرىغا پۇتۇنلەي پۇشايمان قىلىپ، ئاتىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى ۋە تېزلا، يەنى ھىجرىيە 1096 (مىلادىيە 1684) - يىلى ۋاپات بولدى.

سۇبھانقۇلى ئەھمىيەتلىك مەنسەپلەرنىڭ ئۆز باللىرىغا بېرىلىشى نەقەدەر خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ ھېس قىلغاندىن كېيىن، بەلخنىڭ نائىپلىقىنى ئۆز مۆتىۋەرلىرىدىن خادىمبەي ئاتالىق①قا ۋە ھىجرىيە 1099 (مىلادىيە 1687) - يىلىدا ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن قوڭرات قەبىلىسىدىن مەھمۇدبەي ئاتالىققا تاپشۇردى. بۇ كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىن قىلىشمايدىغان دەرىجىدە ساداقەتمەن ۋە لاياقەتلىك بولۇپ، مەقسەتكە تېخىمۇ مۇۋاپىقراق ئىدى. چۈنكى بۇنىڭ تەيىنلىنىش سەۋەبى بىلەن، ئۆزبېكلەرمۇ ئەتراپتىكى تۈركمەنلەرمۇ ئۇزۇن مۇددەت تىنچلاندى. ئاشلارغا قارىغاندا بۇ ۋاقىتلاردا بەلختە مەمۇرچىلىق ھاسىل بولغان بولسا كېرەك. چۈنكى، بۇ زاماندىكى پاراۋانلىق ۋە بايلىقنىڭ دەرىجىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بىر ئېشەك يۈكى غەللىنىڭ (ئاشلىقنىڭ) قىرىق تەڭگە (بىر ئېڭگىلىز ئالتۇنى) بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. كۆكتات ۋە باشقا ئوزۇقلارنى پۈتۈنلەي بىكارغا بەرگەن ئىكەن. مەھمۇدبەيگە ئوخشاش ساداقەتلىك مەمۇرلار بولسىمۇ، ئۆزبېك قەبىلىلىرىنىڭ توپىلاڭچى سەركەردىلىرى ئۇلارغا نىسبەتەن قىياس قوبۇل ئەتمەيدىغان دەرىجىدە كۆپ بولۇپ، تاشقى دۈشمەننىڭ يوقلۇقى تۈپەيلىدىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش ھەۋەسلىرىنى مەملىكەتنىڭ ئىچىدە تەسكىن تاپقۇزۇپ، بەزىدە ئۆزئارا جەڭ قىلاتتى. بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا قارشى توپىلاڭ چىقىراتتى. خۇسۇسەن، بۇلار ئارىسىدا بايات قارا ئىسىملىك بىرى داڭ چىقاردى. بايات ئىسىملىك ئۆزبېك قەبىلىسىنىڭ خانى بولغان بۇ كىشى تاغلىق ھىسار ئۆلكىسىدە تۇردى ۋە توپىلاڭنى يەتتە يىل داۋام ئەتتۇردى. مەھمۇدبەي بۇنىڭغا قارشى سەھرادا بىرنەچچە نۆۋەت ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، تۇرۇۋاتقان ئورنى مۇستەھكەم بولغان نايمان قەلئەسىدىن ئۇنى يوق قىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن سۈلھى قىلىپ ئەھدىنامىلەر تۈزۈشكە توغرا كەلدى. پۈتۈنلەي ئاجىز قالغان ۋاقىتلاردا بايات قارا كېيەنگە ئورۇنۇپ بويىنىغا ئوق بىلەن قىلىچ ئېسىپ، يەنى توۋا قىلغان قىياپەتتە كېلىپ ۋەدىلەر قىلاتتى. لېكىن ھېچ ۋاقىت بۇ ۋەدىسىنى ئىجرا قىلماي، ئەكسىچە شۇ بېرىلگەن مۇددەتنى يېڭىدىن كۈچ يىغىپ، توپىلاڭ چىقىرىشقا سەرپ قىلاتتى. ئاخىر ئۇ ئۆزى ھالاك بولۇپ، كېسىلگەن بېشى بۇخاراغا ئەۋەتىلگەنگە قەدەر ئۇنى سەككىز قېتىم قىستاشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭ تەرەپ ئەندىخۇيدا ياشىغۇچى «مىڭ» ناملىق ئۆزبېك قەبىلىلىرى بىلەن بەلخ ئەتراپىدا ياشىغۇچى قىپچاقلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارمۇ خېلى ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلدى. خۇسۇسەن بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ئايرىم بىر پالاكەتلىك تەرىپى بار. چۈنكى بۇ ئىچكى پىتنە - پاساتلاردىن پايدىلىنىپ بۇخارانىڭ غەرب قوشنىسى بولغان خىۋە ئۆزىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش خاراكتېرىدىكى تاجاۋۇزلىرىنى تەكرار داۋام قىلىشقا كۆپ مۇمكىنلىك بار ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەبۇلغازىنىڭ جەڭگىۋار ئوغلى ئانۇشاخان تاكى ئەبدۇل ئەزىز زامانىدىمۇ ئۆزىنىڭ بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرىنى بۇخاراغا قەدەر كېڭەيتكەن. لېكىن چوڭ بىر مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولغانىدى. سۇبھانقۇلى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزلىرىنى يەنە تەكرارلاشقا باشلىدى ھەم ھىجرىيە 1095 (مىلادىيە 1683) - يىلىدا ھەتتا بىردىنبىر شەھەر بولغان سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلدى.

بۇ ۋاقىتلاردا سۇبھانقۇلى زور مۇشكۈلات ئىچىدە قالدى. چۈنكى ئۆرگەنچ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى مەغرۇر خانلىرى ئۇنىڭغا ياردەم كۆرسەتمەس ئىدى. يالغۇز بىرلا مەھمۇدبەي خاس ساداقەت بىلەن، ئۆز ھۆكۈمدارىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن مەيدانغا ئاتلاندى ۋە غىجدۇۋان

يېنىدىكى بىر ئۇرۇشتا ئانۇشاخاننى پۈتۈنلەي مەغلۇپ ۋە پاراكەندە قىلىپ، ھەتتا خارەزمگە قەدەر قوغلىدى. لېكىن بۇ ھال يەنە بىر يىلى سۇبھانقۇلىنىڭ بەلختە بولغان مەزگىلىدە تىنچسىز ئانۇشاخاننىڭ يېڭىدىن بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىشىغا توسالغۇ بولالمىدى. ئۇ بۇ قېتىمدىمۇ زىيان تارتىپ مەغلۇبىيەت بىلەن ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولغىنىدىن كېيىن، قايتقان ۋاقتىدا يولدا شەخسەن ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. ئۈرگەنچلىكلەر ئاق كىگىز ئۈستىدە ئۇنىڭ ئوغلى ئەرناق[2]نى كۆتۈردى.

سۇبھانقۇلى باشتا ئاڭا سىلىق مۇئامىلە قىلدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھىمايىسىگە ئالدى. لېكىن شۇنىڭغا قارىماستىن ئەرناق تېزدىن ئاتىسىنىڭ يولىغا چۈشۈپ بۇخاراغا تاجاۋۇز قىلدى. ھەتتا بىر قېتىم، يەنى ھىجرىيە 1098 (مىلادىيە 1686) ـ يىلىدا پايتەختنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا قەدەر كەلدى. بۇنىڭغا قاراپ بۇ پالاكەتنى پۈتۈنلەي تۈگىتىش لازىم كۆرۈلگەنلىكتىن، مەھمۇدبەي خېلى كۆپ ئەسكەر توپلاپ ئۆزى خارەزم ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدى. ئەرناقنىڭ ئەسكىرى يوقىتىلغاندىن كېيىن، كۆپلىگەن مۆتىۋەرلەر ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتتى. ئەرناقخان ئۆزى زەھەر ۋاستىسى بىلەن بۇ دۇنيادىن يوق ئېتىلدى ۋە خىۋە يېڭىدىن بۇخارانىڭ ئالىي ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىندى. لېكىن، بۇ ئەھۋال ئىككى يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلالمىدى. شۇ قەدەر سىياسىي پالاكەتلەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ھەم ھۆكۈمەتنىڭ ھالاكىتىنىڭ ئوچۇق ئالامەتلىرى كۆز ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ھالەتتىمۇ، بۇخارا شۇ ۋاقىتدىكى سۈننىي مەزھىپىدىكى ئىسلام خانلىرىنىڭ ئېتىبار ۋە ئېھتىراملىرىنى ئۆزىگە شۇ دەرىجىدە جەلپ ئېتەر ئىدى ۋە بۇخارانىڭ ئۆتكەنكى داغدۇغىلىرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى شۇ دەرىجىدە قاماشتۇرار ئىدىكى، ئۇلار ئۇنىڭ ھازىرقى ئاجىز ۋە زەئىپلىكىنى كۆرۈشنى ئەسلا ئىستىمەيتتى. مەسىلەن: سۇبھانقۇلىنىڭ ھۇزۇرىغا يىراق يەرلەردىكى خوتەندىن، قەشقەردىن، قىرىمدىن، ھەتتاكى ھىندىستاندىن مەخسۇس ھەيئەتلەر كەلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھىندىستاندىن ئۇنىڭغا مەغرۇر ئەۋرەڭزىب ھىجرىيە 1096 (مىلادىيە 1684) ـ يىلىدا بىر نەچچە پىللار ۋە باشقا ھەدىيەلەر بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن زەبەردەست خاننى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى: ئىران شىئەلىرىگە قارشى ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمرانى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. مەغرۇر ھىندى ئىمپېراتورى ئۇ ۋاقىتتا سۇلايمان تاغلىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئاۋغان قەبىلىلىرىنىڭ دائىمىي سۈرەتتە ئىسيان قىلىپ تۇرۇشلىرىنى ئىراننىڭ قول تىقىشى بىلەن بولغان دەپ گۇمان قىلاتتى. لېكىن ئۇ ۋاقىتتىكى ئىران ھۆكۈمرانى ئەبباس II نىڭ ئوغلى شاھ سۇلايمان بىلەن ئوچۇقتىن ئوچۇق تۇتۇشۇشنى ئىستىمەيتتى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى[3] خوراسان ئۈستىگە ئۆزبېكلەرنى ھۇجۇم قىلدۇرۇش ئارقىلىق يېڭى پىكىرگە چۈشتى. ئۆزبېكلەرنىڭ خوراسان ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشى بولسا قەدىمدىن بېرى ئىران ئۈچۈن ئومۇمىي بىر ئاپەت ھېسابىدا ئىدى. بۇخارادىن سۇبھانقۇلى تەرىپىدىن (ئوسمانلى تارىخچىلىرى يازغىنىدەك مۇھەممەد بەھادىر تەرىپىدىن ئەمەس) تۈركىيىگە ئەۋەتىلگەن تەبرىككە جاۋابەن ئوسمانلى ھۆكۈمدارى سۇلتان ئەھمەد II[4] تەرىپىدىن مۇستاپا چاۋۇش ناملىق بىرەيلەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىستانبۇلدىن سۇبھانقۇلىغا ئىككىنچى بىر ھەيئەتنىڭ ئەۋەتىلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەردىن خالىي ئەمەس ئىدى. ھىجرىيە 1102 (مىلادىيە 1690) ـ يىلىدا ماۋەرائۇننەھرگە كەلگەن بۇ ئەلچىلەر ھەيئىتى ئۆزى بىلەن بىللە بىر سىياسىي مەكتۇپنى ئېلىپ كەلدى. بۇ مەكتۇپ بابىئالى مەمۇرلىرىنىڭ نەقەدەر ماختانچاقلارچە ۋە رىياكارلارچە سۆزلەرنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە، سۇلتان ئەھمەد II ئۇ ۋاقىتلاردا ماجارستاندا، لوھىستاندا، دالماتسىيىدە، سۇرىيىدە، ئاق دېڭىزدا، دېمەك ھەممە يەردە خېلى بىر مەغلۇبىيەتلەرگە دۇچار بولغان ئىدى. شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ ئۇ ئامۇ دەريا بويىدىكى تاجدار قېرىندىشىغا ئۆزىنىڭ پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلىرى، قارا كۈپپار ئۈستىدىن قازانغان شانلىق غەلىبىلىرى ئۈستىدە خەۋەر بېرىپ، ئۇنى ياردەمگە دەۋەت قىلىدۇ. بۇلارنى ئوقۇغاندا ئىختىيارسىز ھالدا كىشىنىڭ ئەقلىگە: بابىئالىنىڭ باش كاتىپى پەرىدۇن بەگنىڭ «مۇنشىئاتۇس ـ سەلاتىن»[5] دېگەن مەجمۇئەسىدىن سۇلتان پاتىھ مۇھەممەد ياكى سۇلتان سەلىم II دەۋرىگە ئائىت مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كۆچۈرۈپ سۇبھانقۇلىغا ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن گۇمان كېلىدۇ.

«تارىخى مۇقىم خانىي»دا ئەسلى ئوسمانلىچە بېرىلگەن دىققەتكە سازاۋەر بۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

www.uyghurkitap.com



«بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم. سەلتەنەت ۋە سائادەت تەختىنىڭ ۋارىسى، تىنچلىق ۋە ئەمنىيەتنىڭ ھامىيسى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئىپتىخارى سەيىدسۇبھانقۇلىخانغا، سىنى ئەبەدىي دوستلۇق ئىتتىپاقلىققا تولغان چەكسىز سالاملار بىلەن تەبرىكلەيمىز ھەم سۆلھى ۋە مۇھەببەت بىلەن تولۇپ ـ تاشقان قەلبىمىزدىن ساڭا ھەددى ـ ھېسابسىز بەخت سائادەت تىلەيمىز. سېنىڭ سەممىمىي دوستلۇق ھېسسىياتى بىلەن سۇرالغان ۋە قىممەتلىك ئىپارنىڭ خۇش ـ پۇرىقى تارقىلىپ تۇرغان مەكتۇبىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقىتتا ۋە ئەڭ خەيرلىك سائەتتە بىزگە يەتتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى يوشۇرۇنلۇق پەردىسى ئاستىدىن چىقىپ، بىزنىڭ مۇبارەك نەزىرىمىزگە يەتكەندىن بېرى، ئۇنىڭ خۇش مەزمۇنىدىن بىزنىڭ ئەقلىمىزگە سېنىڭ ئاجايىپ ۋاپادارلىق ۋە ساداقەت بىلەن تولغان ئىپتىرامىڭ ۋە باشقا ئەھۋاللار ھەم ۋەقەلەر مەلۇم ۋە روشەن بولدى.

ئەمدى ئۇچۇق پەمىڭگە ۋە مۇبارەك ئەقلىڭگە مەلۇم بولسۇنكى، بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇبارەك خاتىرىلىرى مەڭگۈلۈك ئەلا ۋە ئەبەدىي باقىي بولغان بۈيۈك ئەجدادلىرىمىز ۋە شادلىق بېغىشلىغۇچى روھلىرى ئالىي جەننەتلەردە ئارام ئېلىۋاتقان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز زامانىدىن باشلاپ تاكى ھازىرقى بەختىيار ۋە سائادەتلىك سائەتلەرگە قەدەر پايدىلىق بولغان مۇقەددەس جاھات يولىدا تىرىشچانلىقنى داۋام ئەتمەكتىمىز. خۇسۇسەن، كۇپپا پەرەڭلەرنىڭ ۋە بەدبەخ مۇئتەزىلە قىزىل باشلارنىڭ يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ تۈگىتىلىشى تەڭرى ھۇزۇرىدا ئەجرى ئەڭ زىيادە ۋە مەقبۇل بىر ئىش دەپ تونۇيمىز. ھەر نەرسە ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ۋاقتى بار دېگەن ماقالىغا بىنائەن بۇ ئىش بەزىبىر توسالغۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى سەۋەبىدىن كېيىنگە سۈرۈلدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىز ئالدى بىلەن كۇپپا پەرەڭلەرنى يوقىتىشنى مەقسەتكە مۇۋاپىقراق دەپ قارىدۇق. ئاندىن كېيىن پۈتۈنلەي تىنچ ـ ئاراملىق بىلەن بەدبەخ قىزىل باشلار ئۈستىگە بىراقلا ھۇجۇم قىلىش مۇمكىن بولىدۇ. ئەمدى يۇقىرىدىكى زىكرى قىلىنغان كۇپپا پەرەڭلەر بىلەن بولغان جەڭلىرىمىزگە كەلسەك، بۇ خار، زەبۇن گۇرۇھنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئىمكانىيەتىنىڭ سىرتىدا بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى شىددەتلىك جەڭلەر بولۇپ، تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىز بۇ جەڭلەردە غەلىبە قازاندۇق. كۇپپار ھۆكۈمدارلىرىدىن ۋە رەئىسلىرىدىن بىر گۇرۇھلىرى ئەسىر ئېلىندى ۋە باشقىلىرى ئەتراپلارغا تارقىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ پەرەڭ رەئىسى تېزدىن سۈيقەست پىلانلاپ نۇرغۇن ئەسكەر توپلىدى. ئۇرخان ۋىلايىتىدىن تاجاۋۇز بىلەن ئىسلام ئەھلىنىڭ مۇداپىئە قىلىۋاتقان مال ـ مۈلكىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار كۆپ جەبىر ـ جاپا كۆرسەتكەنلىكى ئۇچۇن بىزمۇ ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ ئۇلار ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدۇق. بىزنىڭ ھېسابسىز كۆپ ئەسكىرىمىزگە قارشى تۇرۇشتىن ئاجىز قالغان پەرەڭلەر دەھشەتلىرى تۈپەيلىدىن ئۆز ۋەتەنلىرىگە قېچىپ كەتتى. ئۇ يەردىن بىزگە ئۆزلىرىنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىنى يوللاپ، بۇندىن كېيىن دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشقا ۋەدە بەردى. قۇلىقىغا قۇللۇق ھالقىلىرىنى سېلىپ، بۇندىن كېيىن ئىتائەت دائىرىسى ئىچىدىن چىقماي پەرمانغا بويسۇنۇپ تۇرۇشنى بىلدۈردى ۋە شۇندىن بېرى ساداقەت ۋە ئىتائەت بىلەن ياشىماقتا.

بۇندىن باشقا يەنە ئەسكىرىنىڭ كۆپلىكىگە مەغرۇر بولۇپ ھايۋان تەبىئەتلىك ئىككىنچى بىر پەرەڭ تەبىقىسىنىڭ قوشۇنلىرى مەملىكىتىمىزگە ھۇجۇم قىلغان ئىدى، بۇلارغىمۇ قارشى دەرھال ئەسكەر ئەۋەتىلدى. لېكىن، ئۇلار بېرىپ بولغۇچە چېگرادىكى ئاھالىلىرىمىز دۈشمەنگە قارشى جەڭ باشلاپ، بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئۇلارنىڭ بىر توپ مۆتىۋەرلىرىنى ئەسىر ئېلىپتۇ. بايراقلىرىنى، ھەربىي مۇزىكا ئەسلىھەلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. پەقەت بىرنەچچە مۆتىۋەرلىرىلا تەرتىپسىز ھالەتتە قېچىپ قۇتۇلۇشقا ۋە ئۆز مەملىكەتلىرىگە بېرىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىز تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئەسكەرلەر چېگرادىكى ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، كۇپپارلارنى ئۇلارنىڭ ئۆز زېمىنلىرىگە قەدەر كىرىپ قوغلىدى. كۆپىنچىسى تالاپەت يەپ يوقىتىلدى. پەقەت ئاز قىسمىلىرىلا پۈتۈن مال ـ مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلىپ جانلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالالىدى. ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھكەملىكى بىلەن پۈتۈن جاھانغا مەلۇم بولغان كۆپلىگەن قەلئەلەر ۋە نۇرغۇنلىغان مال ـ مۈلۈكلەر تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاسانلا قولىمىزغا چۈشتى.

بۇ تەرەپتىكى كۇپپارلاردىن كۆڭلىمىز تىنچلانغاندىن كېيىن، بەخت ـ تەلەيي يۇلتۇزىمىزنىڭ پارلاقلىقى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بۇنىڭ شۈكرانىسىنى پۈتۈن ئالەمنىڭ پەرۋەشچىسى بولغان تەڭرىگە

بايان قىلىش، ئاندىن پۈتۈن كۈچ ۋە قۇۋۋىتىمىز بىلەن دىنسىز قىزىل باشلارنى يوقىتىشقا كىرىشكەيمىز. شۇڭا تەڭرىنىڭ ئىنايىتىگە ۋە ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ شاپائىتىگە يۆلىنىپ، بىز ئۆزىمىزنىڭ غالىپ ئەسكەرلىرىمىزنى شۇلارنىڭ قەلئەلىرىگە ۋە سارايلىرىغا قارشى بۈيۈك جەڭگە ئەۋەتىش نىيىتىدىمىز. چېگرادىن ئۆتۈش ۋاقتىدا بۇ ھەقتە سىزنى مەكتۇپ بىلەن خەۋەردار قىلىمىز. سەن ماۋەرائۇننەھرنىڭ پادىشاھىسەن. سېنىڭ مەزكۇر ھۆكۈمىتىڭ قەدىمدىن بېرى شۇ قەدەر كۆپ بۈيۈك ئۆلىما، دىيانەتپەرۋەرلەر ۋە شەيخلەر ماكانى بولۇش بىلەن مەشھۇردۇر. شۇڭا تەڭرى ھۆكمىنىڭ قۇۋۋەتلىنىشى ۋە ئىسلام ئەھلىنىڭ بەخت - سائادىتىگە ياردەم بېرىش سېنىڭ بۇرچۇڭ بولسا كېرەك. مەنمۇ غالىپ ئەسكەرلىرىم بىلەن بىرلىشىپ، ئاشۇ بەدقىلىق دۈشمەنلەرنى يوقىتىش ۋە گۈزەل ئىراق ۋادىلىرىنى ئۇلارنىڭ نىجاسەت ۋە شانائەتلىرىدىن پاكلاش ئۈچۈن، سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئۆزبېكلىرىڭگە پەرمان بېرىشكە تېگىشلىكسەن. باشقا ئىشلار توغرىلىق يېزىپ ساڭا مالاللىق يەتكۈزۈشنى ئىستىمەيمىز. چۈنكى، بۇ مەكتۇپ پەقەتلا ساڭا دىنىي جەھەتتە ئۆزۈڭنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپەڭنى ئورۇنداش ئۈچۈن بىر پۇرسەت كۆرسىتىپ بېرىش مەقسىتى بىلەنلا يېزىلدى.»

ھەر ھالدا بىر دىيانەتپەرۋەر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن سۇبھانقۇلىنىڭ خەلىپىگە چەكسىز ئېھتىرامى بولسىمۇ، قەيسەرى رۇمنىڭ (يىراق ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى تۈركىيە سۇلتانلىرىنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى) يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان دەبدەبىلىك مەكتۇبىغا جاۋابەن ئۇ ئۆزىنىڭ بىھېساپ ئۆزبېك ئەسكەرلىرىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئەۋەتەلمىدى. خۇسۇسەن سۇبھانقۇلى غەۋغا ۋە جاڭجاللاردىن لەززەت ئالغۇچىلاردىن ئەمەس ئىدى. سۇبھانقۇلىنىڭ نائىپلىرى (ۋاسساللىرى) ھېچ توختاۋسىز پىتنە - پاسات چىقىرىپ تۇراتتى. بۇنىڭ قىسمەن سەۋەبى ئۇنىڭ مەھمۇدبەي ھەققىدىكى گەرچە ھەقلىق بولسىمۇ، چەكسىز ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىكى ئىدى. بۇ ئىسيان ۋە پىتنە - پاساتلار ۋاقتىدا ئادەتتە سۇبھانقۇلى ئەڭ ئاخىرقى مەجبۇرىيەت ۋە زۆرۈرىيەت كۆرۈلگەندىلا، كۈچ ۋە قورال ئىشلىتىشكە يۈزلىنەتتى.

بەلكىم ئۆزئارا ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، ئۇ يەرگە ئۆزىنىڭ ئوغلى مۇقىمخاننى نائىپ قىلىپ تەيىنلەش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىلدى. بۇنىڭغا ئۇ: «ئوغلۇمنىڭ يېشى كىچىك بولغانلىقتىن، مەشغۇلىيەت جەھەتتىن تېخى مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشقا شەرت - شارائىتى تولۇق ئەمەس» دەپ ئۇنىڭغا كۈچلۈك ياردەمچى تەيىنلەش شەرتى بىلەن رازىلىق بەردى.

سۇبھانقۇلى ئۆزى ئىلىم سۆيەر كىشى ئىدى. ھەتتا ياشىنىپ قالغان چاغلىرىدىمۇ مەشھۇر ئۆلىمالاردىن دەرس ئېلىشتىن تارتىنمىدى. «نىشانىي» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ناھايىتى يېقىملىق ۋە چوڭقۇر مەنىلىك شېئىرلارنى يازاتتى. دۇنياۋى بىلىملەر ئىچىدە ئۇ تېبابەت ئىلمىگە بەكرەك قىزىققانىدى. ئۇنىڭ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بىر تېبابەت كىتابى بۇنىڭغا ئوچۇق دەلىلدۇر. مەن بۇ كىتابنىڭ گۈزەل بىر قولىيازما نۇسخىسىنى ھىراتتا ئۆزۈمگە ئاتاپ سېتىۋېلىش بىلەن بەختىيار بولدۇم. بۇ كىتابنىڭ قىسقا بىر مۇقەددىمىسىدە ئىلىم - مەرىپەت سۆيگۈچى بۇ خان مۇنداق دەيدۇ:

«شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەردۇركى، ئىلگىرىكى تېبابەت ئالىملىرى ئەرەب، پارس تىللىرىدا ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە ئەسەرلەر قالدۇرغان. ئەمما تۈركىي تىلدا يېزىلغان تېبابەت كىتابى بولسا ھازىرغا قەدەر ماڭا ئۇچرىمىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن مەن خارۇزار بەندە سەيد مۇھەممەد سۇبھانقۇلىخان ئىبنى سەيد نەدىر مۇھەممەدخان (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بۇ كىتابنى يازدىم. ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەر ئۈچۈن بۇ كىتابتا داۋالار كۆرسىتىلدى. كۆپ كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلانسا ئەجەب ئەمەس»[8]. ئۆز تەۋەلىرىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشقان بىر ھۆكۈمدار ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتەن گۈزەل بىر نەمۇنە. سۇبھانقۇلى قېرىغان مەزگىللىرىگىچە، يەنى 80 يېشىغىچە سالامەت تۇردى. ئاخىر قىسقا بىر مۇددەت كېسەل بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەجىلى يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلغاچقا مۆتىۋەر كىشىلىرىنى يېنىغا توپلىدى ۋە شىكايەت قىلماستىن خۇدانىڭ تەقدىرىگە بوي سۇنۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۆزىنىڭ كۆپتىن بېرى ۋەلى ئەھدى قىلىپ تەيىنلىگەن سۆيۈملۈك ئوغلى مۇقىمخان بىلەن ۋىدالىشالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. ئۇ بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئورنىغا نائىپ قىلىپ چوڭ قېرىندىشى ئۇبەيدۇللانى

www.uyghurkitap.com

تەيىنلىگەندىن كېيىن، ھىجرىيە 1114 (مىلادىيە 1702) ـ يىلى رەببىيەلئاخىرنىڭ باشلىرىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ھەممە ھۆكۈمرانلىقى 55 يىل داۋام قىلغان بولۇپ، 31 يىل بەلختە، 24 يىل بۇخارادا ئۆتتى. بەزىدە كۈچلۈك نائىپ سۈپىتى بىلەن، بەزىدە مۇستەقىل ھۆكۈمدار بولۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلدى.

تەختكە ئىنى باسار تەيىنلەش مەسىلىسىدە سۇبھانقۇلىنىڭ كېيىنكى پەرمانى يۇقىرىدىكىدەك رەۋىشتە بولغانلىقىنى بىز «تارىخى مۇقىم خانىي» دىن ئېلىپ يازدۇق. بۇ ھەقىقەتەن شۇنداق بولدىمۇ ياكى ئاپتورلار ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ يازدىمۇ، بۇ تەرىپى بىز ئۈچۈن پۈتۈنلەي قاراڭغۇ. شۇنىسى مەلۇمكى، ئاتىلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىككى قېرىنداش ئارىسىدا دەرھال ئۇرۇش باشلاندى ۋە بىر نەچچە يىللار داۋام قىلدى. ۋاپات خەۋىرى بەلخكە يېتىش بىلەنلا مۇقىمخان ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا ئالدى بىلەن تەزىيەنامە ئەۋەتتى. بىر ئازدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرۇش بىلەن تەبرىكلىدى.

قېرىندىشىنىڭ بۇ مۇئامىلىسى سەممىمىي ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئۇبەيدۇللاخان ئۇنىڭ ئەۋەتكەن ھەيئىتىنى سوغۇق قوبۇل قىلدى. شۇندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ ئىككى قىسمى، يەنى ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپى بىلەن بېرىقى تەرىپى ئارىسىدا دەرھال ئۇرۇش باشلاندى. مۇقىمخان تەرىپىدىن يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مەھمۇدبەي ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇبەيدۇللا ئۆز ئارزۇسىنىڭ مۇداپىئەسىنى مانغىت قەبىلىسىنىڭ رەئىسى رەھىمبەي ئاتالىققا تاپشۇردى. ئەسلىدە بۇ جەڭ تەخت ئۈچۈن ئىككى قېرىنداشنىڭ غەۋغاسىدىن بەكرەك بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولغان ئىككى ئۆزبېك قەبىلىسىنىڭ ماجىراسىدىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى ھۆكۈمەت خاندانىنىڭ ئېتىبارى كۆپتىن بېرى يوقالغان ۋە خۇسۇسەن سۇبھانقۇلىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، شاھزادىلەر مەنسەپكە ھېرىسمەن بەگلەرنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق بولۇپلا قالغانىدى.

بەش يىلغا قەدەر داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن، ئاخىر ئۇبەيدۇللا غەلىبە قازاندى. ئىنتايىن نوپۇزلۇق بولغان رەھىمبەي ئاتالىق تەلەپ قىلغان مۇددەتكىچە[7]، يەنى تەخمىنەن ھىجرىيە 1130 (مىلادىيە 1718) ـ يىلىغا قەدەر مەملىكەتنى ئىدارە قىلدى. چۈنكى ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر بولغان سىياسەت ئاستىدىن بىر يوشۇرۇن گۇرۇھنىڭ ياردىمى بىلەن قۇتۇلۇشنى ئىستىگەنلىكى سېزىلىپ قالغان ھامان، ئۇبەيدۇللا ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ماۋەرائۇننەھر تەختىگە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەبۇلفەيزخان ئولتۇردى.

ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار تەرىپىدىن «مۇلايىم، ئېھتىراملىق ۋە دەرۋىش تەبىئەتلىك» دەپ سۈپەتلەنگەن بۇ خان باشقىلارغا ئەڭ كەڭ دائىرىدە يول قويۇش سايىسىدە ھۆكۈمدارلىق نامى بىلەن قىرىق يىلغا قەدەر ساقلىنىپ تۇردى. چۈنكى ھەقىقىي ھاكىمىيەت رەھىمبەي ھەم ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ قولىدا ئىدى.

ئامۇ دەرياسىنىڭ بېرىقى تەرىپىدىكى ئاھالىلەر بولسا، يەنى بەدەخشان ھەم بەلخ بۇ خاندانىنىڭ ئىككىنچى بىر تارمىقىنىڭ قولىغا، يەنى نەدىرمۇھەممەدخاننىڭ قىزىنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئۆتتى. ئۇلار بۇ يەرلەرنى پۈتۈنلەي بىلەتتى. سۇبھانقۇلىنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا بۇ ئائىلىنىڭ رەئىسى سالىھ خوجا بەلخنى ئېلىش ئۈچۈن مۇقىمخان ھەم مەھمۇدبەي قاتارلىقلار بىلەن قانلىق جەڭلەرنى باشلىۋەتكەن ئىدى. بۇلار جەڭ مەيدانىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە ناھايىتى ئاسان ئېرىشتى. چۈنكى ئۇنىڭ مەقسىتى ئەتراپىغا توپلانغان دىنىي ئەھۋاللارنىڭ ياردىمىدە بەلخلىكلەر كۆپتىن بېرى ئۇنىڭ تەرەپدارى ئىدى. پەقەت ئەندىخۇي، مەيمەنە، لەبئاب[8] ياكى ئەرسارى تۈركمەنلىرى ئامۇ دەريانىڭ بېرىقى تەرىپىدە بۇخارا ھاكىمىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئېتىراپ قىلاتتى. لېكىن داۋام قىلىۋاتقان پارچىلىنىش ۋە پىتنە ـ پاساتلارنى توختىتىشقا بۇنىڭ ياردىمى ناھايىتى ئاز ئىدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتلاردا ئاشتەرخانىيلارنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرى بولغان ھاكىمىيەتلىرىنى يىقىتىش ئۈچۈن تاشقىرىدىن كەلگەن ئەڭ يەڭگىل بىر كۈچمۇ يېتەرلىك ئىدى. ھالبۇكى، ئەينى زاماندا ئىراندىن شىددەتلىك بىر دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى. ئۇ بولسىمۇ نادىر شاھ ئىدى[9].

ئاسىيانىڭ كېيىنكى جاھانگىرى بولغان بۇ زات تەختكە تولۇق ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قورالىنى بۇ تەرەپكە قاراتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ ۋاقىتلاردا ئىراننىڭ شەرقىدىكى ھىندىستاننىڭ ھەم شۇنداقلا ماۋەرائۇننەھرنىڭ زەئىپ ۋە ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكى بولسا كېرەك. نادىر

ئالدى بىلەن غەربتىكى كۈچلۈك دۈشمىنى بىلەن بولغان شىددەتلىك جەڭدە غەلىبە قازىنىشنى ئارزۇ قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئوسمانلىيلارنىڭ قوشۇنى گۇرجىستان ۋە ئەرەبىستاندا مەغلۇب بولغاندىن كېيىنلا، ئۇ ئۆز مەملىكىتىنىڭ شەرقىي چېگرالىرىدا تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. ئۆزى قەندىھارنى مۇھاسىرە قىلىشقا باشلىغان ۋاقىتتىلا ئوغلى رىزاقۇلى كۈچلۈك بىر توپ قوشۇن بىلەن بادغىس (بادگىس) ۋە مارچا (سابىق مەرۋچاك) ئارقىلىق ھىجرىيە 1139 (مىلادىيە 1736) - يىلى ئەندىخۇي ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى گوياكى ئەندىخۇي ھاكىمى ئەلىمەردانخاننى ئەدەبسىزلىكى ئۈچۈن جازالاشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇ تەرەپتىكى قارا ۋە جالاير ناملىق تۈركىي قەبىلىلەر كۆپ مائاشلارنىڭ ۋەدە قىلىنىشى نەتىجىسىدە تېزدىن ئىران قوشۇنى تەرىپىگە جەلىپ قىلىنغان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ياردىمىسىز مۇۋەپپەقىيەتلىك رەۋىشتە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئەلىمەردانخان مەغلۇب بولدى ۋە ئەسىر ئېلىنىپ، نادىرنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلدى. ئاقچى بىلەن شىبىرغانمۇ دۈشمەنگە ناھايىتى ئاسانلا تەسلىم قىلىندى. پەقەت يۇقىرىدا مەزكۇر بولغان خوجا سالىھنىڭ ئوغلى ئەبۇلھەسەن تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىۋاتقان بەلخلا بۇ كۈچلۈك دۈشمەنگە جىددىي بىر قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلدى. «شەھەرلەر ئانىسى» [10] بولغان بۇ قەدىمىي شەھەرگە كېلىدىغان يوللارغا خەندەكلەر قېزىلىپ، مۇداپىئە قىلىنغان ئىدى. لېكىن، دۈشمەننىڭ يېقىنلىشىشىغا بۇلار توسقۇن بولالمىدى. رىزاقۇلى بىلەن كەلگەن كۈچلۈك توپچىلار پىرقىسى توپا تام بىلەن ئىھاتە قىلىنغان قەلئەنى تېزدىن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىدى. بەلخنىڭ ئېلىنغىنى ئۈچۈن نادىر پەۋقۇللاددە مەمنۇن بولدى ھەم مۇكاپات قىلىپ ئوغلىغا 12 مىڭ ئالتۇن (دوقات)، 300 قۇر قىممەت باھا كىيىم، قىممەتلىك تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئالتۇن ئىگەرلىك نەجىپ ئاتلارنى ئەۋەتتى.

بۇ مۇكاپاتلار رىزا قۇلدا يېڭىدىن جەڭ ھەۋەسلىرىنى ئويغاتتى. بۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئايرىم - ئايرىم گۇرۇھلارغا بۆلۈنگەن ھالدا ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى باشلىغان ئىدى. ئۇ تېزدىن ئۆزىمۇ ھەممە ئەسكىرى بىلەن شۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ئەبۇلفەيزخان بىلەن جەڭ باشلاشنى قارار قىلدى. لېكىن ئۇ بۇ نۆۋەت ئۆزىنىڭ پىكرىدە خاتالاشقان ئىدى. يۇمشاقۋاش ئاشتەرخانىي ئەبۇلفەيز بۇ قېتىم جەڭگىۋار ۋە غەيرەتلىك خىۋە خانى يولبارسخاندىن ياردەم سورىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باھادىر ئۆزبېك ئەسكەرلىرى بىلەن ئىرانلىقلارنىڭ قارشى شەھىرىگە كېلىدىغان يوللىرىنى كەستى. ئىرانلىقلار گەرچە قارشى شەھىرىگە يېقىن يەردىكى سالجۇق قەلئەسىنى ئىشغال قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، شۇنىسى مەلۇمدۇركى، رىزاقۇلى بىرلەشكەن تاتار قوشۇنى تەرىپىدىن بۇ يەردە شىددەتلىك بىر مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىندى. شۇڭا تېخىمۇ چوڭراق پالاكەتلەرگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن نادىر ئۆزىنىڭ ئوغلى رىزاقۇلىنى چاقىرتىپ، بىر - بىرلەپ چېكىندۈرۈۋالدى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىرىغا ۋە ئۆزبېك مۆتىۋەرلىرىگە قىلىنغان بۇ تاجاۋۇز ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ رازىلىقىسىز ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن سۈلھى تۈزۈپ تىنچلىق ئىچىدە ياشاشنى تىلەيدىغانلىقىنى، چىڭگىز خان نەسلىنىڭ ۋە بۈيۈك تۈركمەن خانلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس بولۇپ قالغان مەملىكەتلىرىنى تىنچسىزلاندۇرۇش خىيالىدا بولمىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مالكولىم ئۆزىنىڭ «ئىران تارىخى» [11] ناملىق كىتابىدا نادىرنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئوغلىنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ كېتىۋاتقان شۆھرىتىگە ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەنگەن ئاقىلانە بىر تەدبىردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇخارا ھۆكۈمدارلىرى ھەرقانچە كۈچسىز بولسىمۇ، ئۆزبېكلەرنىڭ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشلىرى جەنۇبتا ھەرىكەت قىلىۋاتقان نادىرغا چوڭ زىيانلارنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاشۇنداق ئېھتىماللىقلارنىڭ يولىنى توسۇشنى ئىزدىدى ھەم ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى (ساختا) دوستلۇقى سايىسىدە بۇخارا بىلەن خىۋە ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولدى.

ئىران ھۆكۈمدارىنىڭ ئۇ يەردە بولمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، يولبارس خۇراساننى بۇلاپ - تالىغان ھەم ئۇنىڭ ھاكىمى رىزاقۇلىغا كۆپ زىيان - زەخمەتلەرنى سالغان بىر زاماندا، بۇخارانىڭ رەھبەرىي

www.uyghurkitap.com



ئاتالىق باشلىق ئۆزبېك مەمۇرىيلىرى ئىراننىڭ ئالتۇنلىرى ھەم ۋەدىلىرى ۋاستىسى بىلەن ئاستىرتتىن نادىر تەرىپىگە جەلپ قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭ باشقا بىر سەۋەبىمۇ بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ خىۋە بىلەن ئىتتىپاق بولۇش ئەشتەرخانىيلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە مۇۋاپىق بولمىغانلىقى ۋە شۆھرەتپەرەس مانغىت قەبىلىسىنىڭ مەقسەتلىرى ئۈچۈن زىيانلىق بولغانلىقى ئىدى.

بۇخارا بىلەن خىۋە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. لېكىن، ھىجرىيە 1153 (مىلادىيە 1740) ـ يىلى نادىر ئۆزىنىڭ ھىندىستان سەپىرىدىن غەلىبىلىك قايتقان چېغىدا، رەھىمبەي تەرىپىدىن ئەھۋال ئۇنىڭ پايدىسىغا شۇ قەدەر ياخشى ھازىرلانغان ئىدىكى، ھېچ بىر قورال ئىشلەتمەستىن، ھەتتا ئېھتىرام بىلەن قارشى ئېلىنىپ، ئامۇ دەرياغا يېقىنلاشماق ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى. ھېسار ۋە قارشى قاتارلىق جايلارنىڭ نائىپلىرى ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەركىغىچە باردى. ئۇ بۇخارانىڭ ماھىر سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن ئىنتايىن نازۇك قىلىپ ئىشلەنگەن ۋە ئەتىۋارلىق تۆشەكلەر بىلەن جابدۇلغان قېيىقتا ئىران بىلەن تۇران ئارىسىدىكى قەدىمىي چېگرادا ھەرىكەت قىلدى. ساسانىيلاردىن پىروزنىڭ ماۋەرائۇننەھر سەپىرى شائىرانە بىر سۈرەتتە تەسۋىرلەنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ راست ئىكەنلىكى گۇمانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن رۇداكىي [12]نىڭ تەبىرى بويىچە ئامۇنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى قەدىفەگە ئوخشىغان يېشىل ساھىلغا بىر ھۆكۈمدار سۈپىتى بىلەن بىرىنچى قېتىم ئاياغ باسقان كىشى نادىر بولدى.

بۇخارادىن تۆت مىل يىراقلىقتىكى يەردە ئۇ ئۆزىنىڭ بارگاھىنى قۇردى ۋە ئەلا سۈرەتتە زىننەتلەنگەن چېدىردا ئەبۇلفەيزخاننىڭ بەيئەت قىلىشىنى كۈتتى. ئاشتەرخانىيلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان بۇ زاتنى بەيئەت قىلىشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن، ھىيلىگەر رەھىمبەي ئاتالىق بۇرۇنلا بۇخاراغا ئەۋەتىلگەنىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن بەك مۈرەككەپ بولمىدى. چۈنكى ئۇ ئاشتەرخانىيلارنىڭ ئۆز تەبىرلىرى بويىچە ئېيتقاندا، ساپ چىڭگىز نەسلىدىن بولغان ئەبۇلفەيزخاننى بۇ جاھاننىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە تەپەككۇرغا چۆمۈپ ئولتۇرغان زاھىدلارنىڭ مەجلىسىدە ئۇچراتتى.

ھىجرىيە 1153 ـ يىل جەمادىيەلئاخىرنىڭ 19 (مىلادىيە 1740 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12) ـ كۈنىدە ئەبۇلفەيزخان بىر توپ مولللار بىلەن بىرلىكتە بۇخارادىن چىقىپ ئىران بارگاھىغا باردى ۋە بۇرۇنلا ئۆزىگە ئاتاپ تەييارلانغان چېدىردا ئورۇنلاشتى. ئەتىسى نادىرغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ بەيئەت قىلدى ۋە نادىر تەرىپىدىن ئۇنىڭغا قىممەتلىك تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن بەلباغ، ئالتۇن ئىگەرلىك ئەرەب ئېتى ۋە باشقا ھەدىيىلەر بېرىلدى. نادىر ئۇنىڭغا تاجدار بىر قېرىنداشقا تۇتقان مۇئامىلىسىنى كۆرسەتتى. لېكىن، ئەبۇلفەيز ئامۇ دەرياسىنىڭ بېرىقى تەرىپىدىكى تەۋەلىكىنى چاھارجۇي شەھىرى بىلەن بىللە ئىرانغا تاشلاپ بېرىشكە ۋە بۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزبېكلەر ۋە تۈركمەنلەردىن ئىران ھۆكۈمىتىگە بىر ئاز ئەسكەر بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچىيىشى ۋە داۋام قىلىشى ئۈچۈن نادىرنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى «ئالىيجاناب» بۇخارا ھۆكۈمرانىنىڭ قىزى بىلەن نىكاھلاندۇرۇلدى.

شۇندىن كېيىن ئىران ھۆكۈمدارى يالغۇز قالغان يولبارس بىلەن ھېسابلىشىش ئۈچۈن خارەزمگە كەتتى ۋە مەقسىتىگە يەتتى. ئاندىن قايتىش ۋاقتىدا چاھارجۇيدا بۇخارا خانى ئۇنىڭغا يېڭىۋاشتىن تەۋەلىك ۋە ساداقەت ئىزھار قىلدى. نادىر تولۇق غەلىبە بىلەن مەشھەتكە قايتقاندىن كېيىن، بۇ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ شۈكرانىسى سۈپىتىدە «ئىران ھامىيسى» ئىمام رىزانىڭ زىيارەتگاھىدا قىممەتلىك تاشلار بىلەن زىننەتلەپ بىر گۈمبەز ياساتتى. بۇ بۈيۈك گۈمبەزنىڭ يۇقىرى [13] ئىستراھەتگاھ ئەتراپىنى ئىھاتە قىلغان ساپ كۈمۈش پار مىخلىق رىشاتكىلار ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئالدىنقى قاتاردىكى زىننەت بولۇپ تۇردى. تۇران يارەمچى ئەسكەرلىرىدىن بولسا ئاخىرى ئافغانلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىران شىئەلىرىگە دەھشەتلىك زەربە بەرگەن پىرقىلەر تەشكىل قىلىندى.

نادىرنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە قاراتقان ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىن ئىراننىڭ قازانغان مەنپەئەتلىرى شانلىق قەھرىمانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ناھايىتى تېزلا يوقالدى. ئۇ سالامەت ۋاقتىدا قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكىتى سەۋەبىدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلار قانداق تېزلىك بىلەن يوق بولغان بولسا، ئۇنىڭ قازانغان پايدا ـ مەنپەئەتلىرىمۇ ئەنە شۇنداق تېز سۈرئەت بىلەن يوق بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەبۇلفەيزخان

ئۈستىگە يۈكلەنگەن خارلىق ماۋەرائۇننەھردىكى ئالىي ھاكىمىيەتكە كەسكىن بىر زەربە بەردى. چۈنكى ئۇ نادىرغا بەيئەت قىلىش ۋەقەسىدىن ئېتىبارەن كۈندىن - كۈنگە ئىناۋەت ۋە ئېتىبارىنى يوقىتىپ، مەنسەپپەرەس ۋەزىرلىرىنىڭ قولىدىكى بىر قونچاققا ئايلىنىپ قالدى. ئاخىر ئەنە شۇ ۋەزىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. رەھىمبەينىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن ئوغلى ۋە ۋەلى ئەھدىگىمۇ ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىندى. گەرچە بۇندىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر تەختىدە ھوقۇقلۇق بىر خان قىلىپ ئاشتەرخانىيلار خانلىق دەۋاسىدىكى ئۈچىنچى بىر كىشى ئولتۇرغۇزۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ سۇلالىگە مەنسۇپ ئاشتەرخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلار سۇلالىسى ئەبۇلفەيزخان بىلەن ئۈزۈلدى. ئامۇ دەرياسى بويىدىكى كىچىككىنە بىر ئۆلكىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن بولغان ئەھمىيىتى بىلەن ئىسلام ئاسىياسىنى يورۇتۇپ تۇرغان ئاخىرقى بىر نۇرمۇ يۈز ئەللىك يىلغا قەدەر داۋام قىلغان مۇشۇ سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدا تامامەن ئۆچتى.

يۇقىرىدا سۆزلىنىپ كەلگەن مەزمۇنلاردىن كېيىن، بۇ دەۋردىكى تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت ھەققىدىمۇ سۆز ئېچىشقا ئېھتىياج بار. بۇ ۋاقىتلاردا ئوسمانلىي، ئىران، ھىندى مەملىكەتلىرى غەربىي ياۋروپادىكى يېڭىلىقلار ھەققىدە مەلۇمات ئېلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىگە باشقا كۈچلۈك بىر مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە باشلىغان ئىدى. ئىستانبۇل، ئىسپاھان، لاھور ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ياۋروپالىق سىياسىئونلار، مىسيونېرلار ياكى خۇسۇسىي سودىگەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، خالىسۇن - خالىمىسۇن غەربىي ياۋروپادىكى يېڭى ھايات بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان ئىدى. ھالبۇكى، كۆچمەن قەبىلىلەر ھەم مېھمانپەرۋەر بولمىغان قۇم - چۆللىرى بىلەن قورشىلىپ ياشىغان ماۋەرائۇننەھر بولسا ئۆتكەن ئەسىرلەرنىڭ روھىغا تولىمۇ سادىق ۋە ئېتىقادمەن بولۇپ تۇراتتى. ھەتتا دىنىي پەزىلەت خۇسۇسىدا پارلاق نەمۇنىلەرنى كۆرسىتىپ، يېڭى مەدەنىيەت بىلەن رىقابەتلىشىشكە تىرىشاتتى.

يۇقىرىدىمۇ بايان ئېتىلگىنىدەك، زەرەپشان بويىدا پەن نامىدا «قۇرئان»نى، دىنىي ئىلىملەر ۋە ئېتىقادنى تونۇيتتى. ئىنسان كامالىتىنىڭ غايىۋى ئىستەكلىرى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇپنى تونۇيتتى. ئىنسان ئارزۇلىرىنىڭ ۋە پۈتۈن دۇنياۋى مەقسەتلىرىنىڭ ھەممىسى سوفىزمدا مۇجەسسەملەشكەن دەپ قارايتتى.

ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا قاراتۆپىدە، دەمەشقتە ۋە باغدادتا بولغىنىدەك، بۇ يەردىمۇ قۇرئان ھۆكۈملىرىگە رىئايە قىلىش بىلەن بىللە، يەنە مائارىپقا، تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشقا كۆڭۈل قويۇپ، بۇ ئىشلارغا ئازراق ھەۋىسىنى قوشۇمچە قىلغان بولسا ئىدى، ئېھتىمال قەدىمدىن بېرى سوزۇلۇپ كەلگەن ئىسلام مەدەنىيىتى دەۋرى يەنىمۇ بىر ئاز ۋاقىتلارغىچە داۋام ئەتكەن بولار ئىدى. لېكىن، بۇنىڭغا بىر تەرەپتىن تۈركىيلەرنىڭ جەڭگىۋارلىق تەبىئەتلىرى ۋە شۇنىڭ نەتىجىسى بولغان مائارىپقا قىزىقماسلىق خۇسۇسىيەتلىرى، ئىككىنچى بىر تەرەپتىن ئامۇ دەرياسى بويىدىكى تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ ئايرىم بىر مەۋقەدە بولغانلىقى توسقۇن بولدى. شۇڭا، زەرەپشان بويىدىكى خانلار ھارۇن رەشىدنىڭ ياكى ئەندولوسىيەدىكى ئەبدۇرەھمان III نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن پەقەتلا دىنىنى ھىمايە قىلىش نېسىۋىسىنىلا ئالدى. تەۋەلىكلىرى نامازنى تەرك ئەتمىسە ۋەزىپىلىرى ئادا ئېتىلگەنگە ھېساب ئىدى. ئەخلاقىي جەھەتتە ئۆزلىرىنى گويا سائادەت دەۋرىدىكىدەك تۇتۇشقا تىرىشاتتى.

ئاشتەرخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ھۆكۈمدارلىرى ۋاقتىدا شەيبانىيلار دەۋرىدىن قالغان بىر نەچچە شائىرلارمۇ، نەزمىي شەكىل بىلەن تارىخ بايان ئەتكۈچىلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. شۇنداقلا بۇ سۇلالىلەرنىڭ خانلىرىدىن بەزىلىرى، مەسىلەن: ئىمامقۇلى، شاھزادە قاسىممۇھەممەد سۇلتان ۋە بولۇپمۇ سۇبھانقۇلى مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدا ناھايىتى ياخشى ماھارىتىنى ۋە مائارىپقا بولغان سەمىمىي مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. بۇلار بىرىنچىسىنىڭ يەر ئىسلاھاتى ھەققىدىكى غەيرىتى نەتىجىسىدە چېپىلىپ، بىرىم ۋەيرانە ھالەتتە بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن ئۆز ئىسمىدىكى قاناللاردىن، ئىككىنچىسىنىڭ شائىرانە تەبىئىتى نەتىجىسىدە ئۆزىدىن كېيىن قالغان دىۋاندىن مەلۇمدۇر. ئۈچىنچىسىنىڭ پەنگە بولغان مۇھەببىتى يۇقىرىدا ئۇ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن تېبابەت كىتابى ھەققىدە سۆزلىگىنىمىزدە مەلۇم بولغان ئىدى.

لېكىن، يالغۇز بۇلارلا ئۇ دەۋرنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ھېچ ۋاقىتتا بىرەر يەردە بۇنىڭغا ئوخشاش بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچ ھۆكۈمدارنىڭ پارلاق تەختلىرىنى تاشلاپ، ئەزىز

www.uyghurkitap.com

ئۆمۈرلىرىنى پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسى يېنىدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، قوللىرىغا دەرۋىش ھاسىلىرىنى ئېلىپ، ھەجگە كېتىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى. ھېچ بىر ئىسلام مەملىكىتى تارىخىدا بۇنداق مىسال كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى. بۇنى ئۇيلىغىنىمىزدا شۇ ۋاقىت شۇ زاماندا ھۆكۈم سۈرگەن روھنىڭ جاھالەت، مۇتەئەسسىپلىك، رىياكارلىق ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئاشتەرخانىيلار دەۋرىدە دىنىي ئىلىملەرنىڭ تارقىتىلىشى، مەسچىتلەر، مەدرىسىلەرگە ئوخشىغان دىنىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئالدىنقى سۇلالىلەرنىڭ ۋاقتىدىكىگە نىسبەتەن ئازراق بولدى. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ بۇ سۇلالە ۋاقتىدا ماددىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەرنىڭ تولىمۇ چېكىنگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. سەيىد راقىمنىڭ بايانىغا قارىغاندا، سەمەرقەند ۋە بۇخارادا ھىجرىيە 1030 (مىلادىيە 1611) ـ يىللىرىدىلا كېيىنكى ئەسىرلەردىكىدەك ھەشەمەتلىك بىنالار بولغان. لېكىن، ئاسرالمىغانلىقى، تەئمىر (رېمونت) قىلىنمىغانلىقى سەۋەبىدىن ۋەيرانە ھالەتكە كەلگەن ئىدى. ئەمما ئاشتەرخانىيلار دەۋرىدىن يېڭى زامانغا قالغان بىنالار پەقەتلا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەن ئۇلۇغبەك مەدرىسىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ھىجرىيە 1020 (مىلادىيە 1611) ـ يىلى قۇرۇلغان يالاڭتۆش مەدرىسىسى؛ ھىجرىيە 1029 (مىلادىيە 1619) ـ يىلىدا نەدىر دىۋان بېگى ناملىق بىر باي تەرىپىدىن بۇخارادا قۇرۇلغان بىر مەدرىسە ھەم مەسچىت ۋە پەقەت ئىككى كۆرۈنۈشخانە. بۇلارنى ھىجرىيە 1014 (مىلادىيە 1605) ـ يىلى بۇخارادا ۋە سەمەرقەندتە باقىيمۇھەممەدخان قۇردۇرغان ئىدى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ تېشىدا نائىپلار تەرىپىدىن تۇرلۇك ۋاقىتلاردا ھەزرىتى ئەلى زىيارەتگاھى دەپ گۇمان قىلىنغان ئورۇنلاردا ياسالغان ئىمارەتلەرنىڭ بىرىنچىسى بەلختە بولۇپ، شۇ زاماننىڭ تارىخلىرى بۇلارنى ئالەمگە تونۇتقان ئىدى.

ئۆز ۋاقتىدا سۈننىي مەزھىپىدىكى ئۆلىمالارنىڭ مەركىزى ھېرات ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا بەلخ قالدى. مەشھەدنىڭ شىئە مەزھىپىدىكى موللىلىرى بىر ـ بىرىگە قاتتىق دۈشمەن بولۇپ، مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرنى بۇ يەرگە ئەۋەتىشەتتى. ھەر ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش بۇ قېتىممۇ تەشەببۇسكارلىق ئىران تەرەپتىن بولدى. گەرچە مۇقىمخان زامانىدا بەلخ ئالىمى مەۋلانا ئەمرۇ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن سۈننىلەرنىڭ جاۋابى ياخشى ۋە قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە دەپ قارالغان بولسىمۇ، قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى ھەققىدىكى ئىختىلاپلار بۇ ئىككى مەزھەپ ئارىسىدىكى قەدىمدىن بېرى سوزۇلۇپ كەلگەن ئايرىمىلىقنى تۈگىتەلمىدى. سۈلھىگە مۇھتاج بولغان ئىران مەسىلىسىنى قەلەم ۋاسىتىسى بىلەن ھەل قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما غەنىمەت ۋە ئەسىر ئېلىشنى ئىستەيدىغان سۈننىي مەزھىپىدىكى ئۆزبېكلەر قورال كۈچى بىلەن جاۋاب بېرىشنى ئەلارراق كۆرەتتى. ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي ھېسسىياتىنىڭ ئەڭ ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر ئۈچۈن قۇربان قىلىنغانلىقىغا بۇ پەقەتلا بىرىنچى مىسالمىدۇ؟ !...

## ئىزاھلار:

① «ئاتالىق» نىڭ سۆز مەنىسى ئاتا ئورنىدا تۇرغۇچى كىشى دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ قەدىمكى زاماندا تۈرك، تاتار قەۋملىرىدە خانلارنىڭ يېنىدا مەسلىھەتچى سۈپىتىدە تۇرىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنۋانى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ۋەسىي، مۇرەببى (پەرۋىش قىلغۇچى)، مۇئەللىم دېگەن مەنىلەردىمۇ ئىستېمال قىلىنغان. پەقەت يېڭى زامانلاردىلا بۇنىڭ ۋەزىر، مىنىستىر مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. شەيبانىيلار ۋە ئاشتەرخانىيلاردا كۆپلىگەن «ئاتالىق» لار بار، ھەتتا ھەربىر شاھزادە سارىيىنىڭ مەمۇرلىرى ھەيئىتى ئىچىدە بىر ئاتالىق بولغان ئىدى. ھازىرقى خىۋە ھۆكۈمدارىنىڭ مۇئەييەن بىر ساندا ئاتالىقلىرى بار. بۇخارا ۋە قوقەن ھۆكۈمدارلىرى بۇ ئۇنۋاننى بىر ئىمتىياز ئورنىدا بېرەتتى.

② ئەرناق ياكى گەرناق ـ ناھايىتى قەدىمىي بىر تۈركچە ئىسىمدۇر. چۈنكى مەلۇم بولۇشىچە، ئاتىللانىڭ ئوغلى ئەرناق ئىسىملىك ئىدى.

③ بۇ جەڭ شاھزادە جاھانئارانىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ۋە توسقۇن بولۇشى بىلەن مەيدانغا چىقماي قالدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆتكۈر ۋە ماھارەتلىك خانىم ئىككى ھۆكۈمدار سارىيى ئارىسىدىكى يېقىنلىقنىڭ ھاسىل بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

④ سۇلتان ئەھمەد II ھىجرىيە 1691 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تەختكە چىقتى. 1695 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋاپات بولدى.

⑤ «مۇنشىئاتۇس ـ سەلاتىن» ــــ سۇلتان مۇراد III نىڭ باش كاتىپى بولغان پەرىدۇن بەگ تەرىپىدىن 1800 ـ يىلى تۈزۈلگەن بىر قىممەتلىك كىتابنىڭ ئىسمىدۇر. ئۇ ئوسمانلىي سۇلتانلىرى تەرىپىدىن تۈرلۈك ۋاقىتلاردا يېزىلغان مەكتۇپلار ۋە سىياسىي سەنەد (داكومېنت) لەرنى ئوسمانلىي ئىمپېراتۇرلۇقىنىڭ ئارخىپىدىن ئېلىپ بۇ تارىخ كىتابىغا ئەينەن كىرگۈزگەن. كېيىنكىرەك زامانلاردىكى ئەنە شۇنداق سەنەدلەرنى قوشۇمچە قىلغان ھالدا بۇ ئەسەر ئىستانبۇلدا بېسىلىپ تارقىتىلدى.

⑥ بۇ كىتاب جالىنۇس، بۇقراد ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىلىرىدىن ھەم ئىبنى سىنا ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىپ يېزىلغان. ئۇلاردىن باشقا ئۆزى تەرىپىدىن كۆپلىگەن يەرلىك ئۇسۇللار ئىلاۋە قىلىنغان. مەسىلەن، بەزىبىر دۇئالارنى يۇزمۇ يۇز ئوقۇش، بەزىبىر نۇسخىلارنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلار.

⑦ مەن بۇنى بۇخارادا ئېغىزدىن ئاڭلىغىنىمغا ئاساسەن يازدىم. تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇمات بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، توغرىلىقىغا ھۆددە قىلالمايمەن. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىكدۇركى، شۇنچە يېڭى زامان ھەققىدىمۇ ئېشەنچىلىك مەلۇمات ئېلىنىدىغان مەنبەلەر يوق.

⑧ بۇلارنىڭ لەباب ياكى ساھىل تۈركمەنلىرى دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ بۇ تەرەپلەرگە كۆچۈپ كەلگەن ۋاقىتلىرىدىن بۇيان، خاجە سالىھتىن باشلاپ چاھارجۇيغا قەدەر ئامۇ دەرياسىنىڭ سول ساھىلىنى ئىشغال قىلىپ تۇرغانلىقىدىندۇر. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ مانغىشلاقتىن كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ.

⑨ ئۆزىنىڭ تارىخچىسى مىرزامەھدىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، نادىر ياكى نادىر قۇلى ئەفشار، دوستى ئاۋشار قەبىلىسىنىڭ قاراقۇلى تارمىقىدىن ئىكەنلىكىدىن نىشان بېرىلگەن. ئاۋشارلار ئىرانغا موڭغۇللار ھاكىمىيىتى ۋاقتىدا كېلىپ ئەزەربەيجان ۋىلايىتىدە ئورۇنلاشقان. شاھ ئىسمايىل سەپەۋى ۋاقتىدا ئۇلار خۇراسانغا كۆچكەن ھەم شۇ ۋاقىتتىن بېرى مەشھەدنىڭ يىگىرمە پەرسەخ غەربىي شىمالىدا ئابىۋەردكە تەۋە بولغان ياپكۆيگەن دېگەن جايدا تۇرغان. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ يەردە ھىجرىيە 1110 (مىلادىيە 698) ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 6 ـ كۈنى شەنبىدە نادىرشاھ دۇنياغا كەلگەن.

⑩ قەدىمىي شەھەر بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئەرەبلەر بەلخنى «ام البلاد ــــ ئۇممۇل ـ بىلاد» (شەھەرلەرنىڭ ئانىسى) دەپ ئاتايدۇ.

⑪ گەرچە مالكولىم رىزاقۇلىنىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى غەلىبىسىنى بايان قىلغان بولسىمۇ، ئىككىنچى بىر جەھەتتىن خاتالاشقان. قارشى شەھىرى يېنىدا ئۇنىڭ پۈتۈنلەي تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ھەتتا مىرزا مەھدىنىڭ ئىنتايىن مۇبالىغىلەر بىلەن قىلغان نەقىللىرىدىنمۇ بىلىش مۇمكىن.

⑫ رۇداكىينىڭ بۇنىڭغا ئائىت مىسرالىرى تۆۋەندىكىچە:

زى يەك ئامۇلۇ دەر شتايىئۇ،
زىرى پايەم پۇرنەيان ئايەد ھەمى.

بۇ مىسرالار يېڭى ئىران شېئىرىيىتىنىڭ بىرىنچى شائىرى تەرىپىدىن بۇخارانى مەدھىيلەپ يېزىلغان شېئىرلارنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

⑬ غايەت قىممەتلىك بولغان بۇ زىبۇ ـ زىننەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەھمەد شاھ زامانىدا ئافغانلىقلارنىڭ تاجاۋۇزى زامانىدا زايا بولدى. گەرچە مەشھەد نادىرنىڭ ئوغلى شاھرۇخ مىرزا ھۆكۈمرانلىقىدا قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئافغانلىقلارنىڭ تەمەگەرلىك ۋە ھېرىسمەنلىكلىرى خۇراساننىڭ بۇ مۇقەددەس پايتەختىنى چوڭ پالاكەتكە دۇچار قىلدى. ئىمام رىزانىڭ زىيارەتگاھىدىكى خەزىنىلەرنىڭ ئىككىنچى بىر قىسمى ئىراننىڭ ھۆكۈمدارى بىلەن سالارباغىيلارنىڭ ئۇرۇشلىرى ۋاقتىدا ھالاك بولدى. دىيانەتپەرۋەر ئەزىزلەرنىڭ زىيارەتگاھلىرىغا كۆپلىگەن قىممەتلىك ھەدىيىلەر سەرىپ قىلىنىدۇ. شۆھرەتپەرەسلەر بولسا ئۇلارنى ئېلىپ ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. بۇنداق مىساللار كۆپ يەرلەردە كۆپ قېتىم تەكرارلانغان.

www.uyghurkitap.com

# ئەۋدەرنىڭ سول كۆزى

## (ھېكايە)

### ئەزىزى

### كېچەش

قۇياش مەغرىب تامان ئېگىلگەن بولۇپ، قاق سەھەردە چىقىشقا باشلىغان سوغۇق شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئاسماننى قاپلاپ كەتكەن بۇلۇتلار قايىنمى پات ئارىدا ئېغىر بىر شىۋىرغاننىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. قۇياش گويا زېمىن بىلەن مۆكۈشمەك ئويناۋاتقاندەك، تۇرۇپ بۇلۇتلار قورشاۋىدا غايىب بولسا، تۇرۇپ بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۆرلەپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ھامان غالىب ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تەنتەنە قىلىشقا تىرىشاتتى.

دەل ـ دەرىخى شالاڭراق بىر تۈزلەڭلىككە سانجاق ـ سانجاق چېدىرلار تىكىلگەن بولۇپ، بۇ چېدىرلارنىڭ ئۈستىگە قادالغان تۇغ ـ ئەلەملەر شامالدا توختىماي يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى كىگىز ۋە بۆز رەختلەردىن تىكىلگەن بۇ چېدىرلار بىر ـ بىرىدىن قىسمەن ئايرىلىق تاشلانغان ھالدا بىر ھالقا شەكلىنى ھاسىل قىلغان ئىدى. ئەنە شۇ ھالقىنىڭ مەركىزىگە يوغان ۋە ھەيۋەتلىك بىر ئاق چېدىر تىكىلگەن بولۇپ، ئۇ ئەتراپتىكى چېدىرلاردىن پەرقلىق ھالدا يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. چېدىرنىڭ ئەتراپىدا بېشىغا قۇندۇز تېرىسىدىن تىكىلگەن تەلپەك، ئۇچىسىغا ئىككى مۈرىسىگە يۈلتۇز كەشتىلەنگەن مىس تۈگمىلىك قىزىل تون كىيىپ، بېلىنى ئالقان كەڭلىكىدىكى خۇرۇم كەمەر بىلەن باغلىغان، قوللىرىغا قۇيۇۋېتىن سوقۇلغان قىلىچ تۇتقان لەشكەرلەر مىدىر ـ سىدىر قىلماي قېتىشىپ تۇرۇشاتتى.

چېدىرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى گەرچە ھەيۋەتلىك بولسىمۇ، ئىچى ئادەتتىكىدەكلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىدى. تۆر تەرەپكە بىر پارچە ئىران نۇسخىلىق گىلەم سېلىنغاندىن تاشقىرى، قالغان يەرلىرىگە شىرداق، تەڭلىماتلار سېلىنغان ئىدى. چېدىرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا يوغان بىر چۆيۈن ئاتەشدان قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قىپقىزىل بىر دۆۋە چوغ يالقۇنجاپ تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئاتەشداننىڭ ئەتراپىدا ئون نەچچە ئادەم سۈكۈت ئىچىدە خىيال سۈرۈپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈمۈش تۈگمىلىك سوكنا تون كىيىپ، بېلىگە ئۇنچە ـ ياقۇتلاردىن كۆز قويۇلغان خۇرۇم كەمەر باغلىغانلارمۇ، ئېسىل رەختلەردىن كەمزول كىيىپ، ئۈستىگە پېرىجە يېپىۋالغانلارمۇ بار ئىدى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر ھازا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن جىمجىت ئولتۇرۇۋېرىشتىن ئىچى سىقىلدى بولغاي، ئارىدىن قاتاڭغۇ چىراي، شاپ بۇرۇت بىرەيلەن گەپ باشلىدى:

— مېنىڭچە ئارتۇقچە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئالدى بىلەن توپ ـ زەمبىرەكلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئاندىن ئاتلىق يىگىتلىرىمىزنى ئاتلاندۇرساق، ئاتلىق يىگىتلەرگە ئۇلاشتۇرۇپلا سەرۋازلارنى باشلاپ، پۈتۈن سەپ بويىچە توغرىدىن ـ توغرا تېگىش قىلساق خوتەننى پەتھى قىلىش قىيىنغا چۈشمەيدۇ. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب بىرىنچىدىن، ھاجى پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزدەك مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن ئەمەس. ئىككىنچىدىن، ھاجى پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى سان جەھەتتە بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئاران ئۈچتىن ئىككى قىسمىغىلا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەننىڭ سېپىل ـ قورغانلىرىنىڭ ئۇنچىۋالا مۇستەھكەم بولۇشىمۇ ناتايىن.

— ئەمىر لەشكەرنىڭ دېگەنلىرىمۇ قىسمەن ئورۇنلۇق، — دەپ گەپ قىستۇردى باياتىن بېرى ئاندا

- ساندا ئاق ئارىلغان ساقىلىنى تۇتاملاپ ئولتۇرغان مىرزا بېشى، — لېكىن ھاجى پادشاھنىڭ لەشكەرلىرىنى ئانچە سەل چاغلاشقىمۇ بولمايدۇ. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ھاجى خەزىنىچى بەگ باشچىلىقىدىكى كۆچا لەشكەرلىرىنى بىر قېتىم ئېلىشىش بىلەنلا تىرە - پىرەن قىلىپ، يەكەنگىچە قوغلاپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق زۆرۈر. ھاجى پادشاھنىڭ لەشكەرلىرىمۇ بىر گەپ، مۇھىمى خوتەن پۇقرالىرى. ئۇلار سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق ھۆكۈمرانغا ئاسانلىقچە بويۇن ئەگمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئېتىقادى كۈچلۈك، ئۆزئارا ئۇۋم، ئىرادىلىك، گېزى كەلگەندە ياش - قېرى، ئەر - ئايال دېمەي، پۈتكۈل خوتەنلىك تەۋرەپ كېتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئىماملىرىمىز ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن بۇ يۇرتقا كېلىپ، ئون نەچچە يىل قانلىق غازات قىلىپ، ئاران دېگەندە ئۇلارنى ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلغان ئىكەن. تا مەككە - مۇكەررەمدىن باشلاپ دەھشەتلىك غازاتلارنى قىلىپ، ساق - سالامەت كەلگەن ئىماملىرىمىز شۇ قېتىملىق غازاتتا شېھىت بولغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ يۇرت «شەھىدانە خوتەن» دېگەن نام بىلەن ئەتراپقا مەشھۇر. شۇڭا، بۇ ئىشتا پازىللارنىڭ «رەقىبىڭنى سەل چاغلىساڭ، ئاقىۋەتتە پۇشايمانغا قالىسەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىگە ئاساسەن ئاقىلانىلىك بىلەن ئويلىنىپ، پەم بىلەن يول تۇتماق لازىم.

مىرزا بېشىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن چېدىر ئىچى يەنە سۈكۈتكە چۆمدى. ئولتۇرغانلار لام - جىم دېمەستىن چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ئىدى. ئۇلار يەنە ئالاھىزەل بىر ئاش پىشىمدىن ئارتۇقراق ۋاقىت مەسلىھەت قىلىشسىمۇ، بىرلىككە كېلەلمىدى - دە، تارقاپ كېتىشتى.

# سىرلىق مەكتۇپ

ئەتراپقا تۈن پەردىسى يېپىلىشى بىلەن تەڭ ساي تەرەپتىن كېلىۋاتقان سوغۇق شامال بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ بورانغا ئايلاندى - دە، گويا كائىناتقا زەردە قىلىۋاتقاندەك، غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ گۈركىرەشكە باشلىدى. ئاسماننى قويۇق چاڭ ئارىلاش تۇمان قاپلاپ كەتكەچكە، نە يۇلتۇز، نە ئاينى پەرق ئېتىپ بولمايتتى. ئېشەكلەرنىڭ يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ھاڭراشلىرى، قوي - قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى، لالما ئىتلارنىڭ ئەنسىز ھۇۋلاشلىرى بوراننىڭ گۈركىرەشلىرىگە قوشۇلۇپ، كېچىنى ئادەم شۈركەنگۈدەك دەرىجىدە سۈرلۈك تۈسكە كىرگۈزۈۋەتكەن ئىدى.

ئاق كىگىزلىك چوڭ چېدىرنىڭ ئىچى پىلىلداپ كۆيۈپ تۇرغان شامنىڭ نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئاتەشداننىڭ چوغى يېڭىلا ئالماشتۇرۇلغان بولسا كېرەك، ھېلىمۇ شوخ يالىلداپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن بالقىۋاتقان سۇس قىزىل يالقۇن بەئەينى ئەپسانىلەردە سۆزلىنىۋاتقان ئەجدىھانىڭ ئوتلۇق تىلىغا ئوخشاش ھەدەپ ھاۋانى يالمىماقتا ئىدى. ئاتەشداندىن ئىككى - ئۈچ ماڭدامچە يىراقلىقتا سېلىنغان ئاق كىگىزنىڭ ئۈستىدە ئوتتۇرا بوي، يەلكىلىرى تارراق، دىقماققىنا كەلگەن بىر ئادەم كۆزىنى يۇمغان ھالدا جىمجىت ئولتۇرۇپ بىر خىل رېتىمدا تەسۋى سىرىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ تەسۋى ئۇرۇقلىرىنى ئىككى بارمىقىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئاستا ئايلاندۇرۇپ، تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن سىرىۋاتقان قولىغا دىققەت قىلمىغان كىشى ئۇ چوقۇم ئولتۇرغان پېتى ئۇيقۇغا كەتكەن ئوخشايدۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ قالاتتى. ئەپتىدىن قارىغاندا ئۇ چېدىرنىڭ سىرتىدىكى سۈرلۈك ئاۋازلارنى ئاڭلىمىغاندەك، ئاڭلىسىمۇ قىلچە پەرۋا قىلمىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ سەل قارىداپ يىرىكلىشىپ كەتكەن يۇملاق چىرايىدا بىر خىل تەمكىنلىك ۋە ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى. ئۆسكىلەڭ قويۇق قېشىنىڭ ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىنىڭ جۇپلەشكەن كىرپىكلىرى كىمنىڭدۇر يۈرىكىگە بەتلەنگەن ئوقيانىڭ ئوقىدەك تىك تۇراتتى.

ئۇ قارىماققا تەسۋى سىرىپ ئولتۇرغاندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە كۈندۈزى ئون نەچچە ئادەم يىرىم كۈن باش قاتۇرۇپمۇ بىرلىككە كېلەلمىگەن ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە، يەنى خوتەننى قانداق ئېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلانماقتا ئىدى.

ئۇ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھەرخىل چارىلەرنى ئويلاپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ چارىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ كۆڭلىگە خوپ كەلمەيۋاتاتتى. شۇ يېشىغا كەلگۈچە تالاي قانلىق جەڭلەرگە ئاقىلانىلىك بىلەن قوماندانلىق قىلىپ، نى - نى مۇستەھكەم سېپىل - قورغانلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، نى

www.uyghurkitap.com



- نى شەھەر - قەلئەلەرگە نۇسرەت تۇغلىرىنى قاداپ، زەپەر كۇيلىرىنى ياڭرىتقان بۇ تەجرىبىلىك لەشكەر بېشى بۇ قېتىم خوتەننى ئېلىشتا گاڭگىراپ قالغان ئىدى. ئۇ ھاجى پادشاھ ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى ئۆزىگە ئانچە تەڭ قىلىپ كەتمىسىمۇ، خوتەندىكى پۇقرالاردىن ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ خوتەن پۇقرالىرىنىڭ ئۆزئارا ناھايىتى ئىجىل - ئىناقلىقىنى، ھاجى پادشاھقا بولغان ئىخلاسىنىڭ قاتتىقلىقىنى، بۇنداق ئۆيۈلتاشتەك ئۇم يۇرتنى ئېلىشنىڭ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى، نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈش جەريانىدا ئېنىق تونۇپ يەتكەن ئىدى. شۇڭا، ئۇ خوتەننى يېنىپ تۇرغان بىر پارچە ئوت، قاراملىق قىلىپ ئۇنىڭغا سەللا تېگىپ كەتسەك، قاراپ تۇرۇپ ئۆزىمىزنى ئوتقا ئۇرغان بولىمىز. بۇ ئىشتا كاللىنى ئوبدان ئىشلىتىپ، بۇ ئوتقا تەگمەي تۇرۇپ ئۇنى بويسۇندۇرغىلى بولىدىغان بىرەر ئەقىل - چارە تېپىش زۆرۈر، دەپ قارايتتى.

ئۇنىڭ خىيال ئەينىكىدە ھاجى پادشاھ گەۋدىلەندى. ئىگىلىگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا ھاجى پادشاھ تولىمۇ تەقۋادار، ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەم بولۇپ، ئاسانلىقچە بىرسىنىڭ لەۋزىنى يەردە قويمايدىكەن. قول ئاستىدىكى ھەرقانداق بىر ئادەم مەيلى ئۇ ئەمەلدار ياكى پۇقرا، باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن، ئۇنىڭ ئالدىغا بىرەر ئەرزىيەت ئېيتىپ كەلسە، مۇمكىنقەدەر ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ بېرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئوردىسىغا بىر قوغۇنچى دېھقان كېلىپ يەرگە باش قويۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ھاجى پادشاھ ئۇنىڭدىن نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى سورىغان ئىكەن، قوغۇنچى: «ئەي كەرەملىك شاھ ئاتىمىز، ئېيتسام تىلىم كۆيىدۇ، ئېيتمىسام دىلىم. مېنىڭ بۇ دۇنيالىق پەقەت بىرلا ئوغلۇم بار. ئۇ كىچىگىدىنلا ئات چاپتۇرۇشقا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى. ئەمما، ئۇ پانىي ئالەم مەئىشىتىنىڭ تىخى ئوندىن بىرىدىنمۇ بەھرىمەن بولماي تۇرۇپ، قاتتىق كېسەلگە دۇچار بولۇپ قالدى. ھەرقانچە قىلغان بولساممۇ ھاياتىدىن ئۈمىد قالمىدى. مەن ئۇنىڭدىن قانداق ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى سورىۋىدىم، ئۇ پادشاھ ئاتىمىزنىڭ ئالتۇن ئىگەر - جابدۇقلۇق قاشقا ئېتىنى بىر قېتىم مىنىۋالغان بولسام، ئۇ دۇنياغا ئارمانسىز كېتەتتىم، دەپ جاۋاب بەردى. ھالا دادا بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئوغلۇمنىڭ ئارماندا كېتىشىگە يۈرىكىم چىدىمىدى. شۇ ۋەجىدىن خەيرىيەت، دەپ ئالدىلىرىغا كەلدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھاجى پادشاھ ئىككىلەنمەيلا ئۆزىنىڭ ئالتۇن ئىگەر جابدۇقلۇق ئېتىنى قوغۇنچىنىڭ ئوغلىنىڭ مىنىۋېلىشىغا بەرگەن ئىكەن. ئەگەر ھاجى پادشاھنىڭ ئەنە شۇنداق ئاق كۆڭۈللىكىدىن پايدىلىنىپ، بىرەر چارە - تەدبىر قوللىنىلسا قانداق بولار؟

ئۇ مۇشۇ ھەقتە بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن توساتتىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى - دە، مۇلازىمنى دەرھال بېرىپ مىرزىنى باشلاپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

مۇلازىم چىقىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا چېدىرغا مىرزا كىرىپ كەلدى ۋە ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن سول تەرەپتىكى شىرەنىڭ يېنىغا بېرىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قەلەم، قەغەز ۋە سىياھنى راسلاپ خىزمەتكە تەييار بولدى. شۇ تاپتا سىرتتىكى بوران توختاپ پۈتۈن ئەتراپ جىمىپ كەتكەندەك بولدى - دە، چېدىردا ئىشەنچلىك ۋە ياڭراق ئاۋاز بىلەن دانىمۇ دانە قىلىپ ئېيتىلغان مۇنۇ سۆزلەر جاراڭلاشقا باشلىدى:

— شەرىئەتنىڭ باش پاناھى كەرەملىك ھاجى پادشاھ ئاتامغا:

كۆپتىن - كۆپ دۇئا ۋە سالامدىن سوڭرە مەلۇم بولغايكى، كەمىنىنىڭ بۇ مۇبارەك زېمىنغا قەدەم قويغىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ياراتقان ئىگىمىزنىڭ مېھىر - شەپقەتكە باي ئىنايىتىنىڭ خاسىيىتىدىن ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئەۋلىيا، ئەنبىيالارنىڭ تەۋەررۈك مازار - مەشايىخلارنى تاۋاپ قىلىپ، خەتمىقۇرئان ئوقۇتۇپ ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ بېرىش، غېرىب - غورۋا، ئىگە - چاقىسىز يېتىم - يېسىرلارنى يوقلاش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز خۇرسەنمەن. ئەمدى پېقىرلىرىنىڭ زەئىپ كۆڭۈل قۇشى ھەزرىتى ئىمامى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇبارەك قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرۇپتۇ. مۇبادا ھاجى پادشاھ ئاتام مەرھەمەت قىلىپ ئىجازەت بەرسە، مازار - مەشايىخنى تاۋاپ قىلغاچ پادشاھ ئاتامنىڭ نۇرلۇق چىرايىنىمۇ بىر كۆرۈپ، باسقان قەدەملىرىنى كۆزۈمگە سۈرۈپ يانسام، دېگەن ئۈمىدتە ئەزىز ئىخلاسىمنى مەلۇم قىلىپ بۇ مەكتۇبنى يازدىم. قوبۇل كۆرۈشلىرىنى ئۆتۈنۈپ:

خىزمەتكارلىرى مۇھەممەد ياقۇپبەگ
تارىخى ھىجرىيىنىڭ 1283 ـ يىلى بارات ئېيىنىڭ 14 ـ كۈنى

مەكتۇب يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ مۆھۈرىنى باستى ـ دە، ئىشەنچلىك چاپارمەنلەردىن ئون ئادەمنى تالالاپ، مەكتۇبنى تۇتقۇزۇپ قىممەتلىك سوۋغا ـ سالاملار بىلەن كېچىلەپ خوتەنگە يولغا سالدى. ئاندىن مىرزا بېشى ۋە ئەمىر لەشكەرلەرنى چېدىرغا چاقىرىپ، تەنتەنە بىلەن «ئەتە مازارى شېرىپ زىيارەتكە ئاتلىنىمىز. بارلىق قوشۇن تەقمۇ تەق بولۇپ تۇرسۇن» دېگەن مەزمۇندا يارلىق چۈشۈردى.

ئەتىسى ناماز بامداتتىن كېيىن بارلىق قوشۇن چېدىر ـ بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كۆتەك ھارۋىلارغا باستى ـ دە، سەپكە تىزىلىپ ھەيۋەتلىك ناغرا ـ سۇناي سادالىرى ئىچىدە خوتەن تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى.

ياقۇپبەگنىڭ ئون بەش مىڭ لەشكەردىن تەركىب تاپقان بۇ قوشۇنى شۇ مېڭىش بىلەن ئۇدا توختىماي يول مېڭىپ، خوتەننىڭ پاسىلىغا يېتىپ كەلگەندە ئاندىن ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكلەشتى ۋە ئالدىن ماڭدۇرۇلغان چاپارمەنلەرنىڭ يولىغا قاراپ تۇرۇشتى.

# ھاجى پادىشاھ

ھاجى پادشاھنىڭ ئەسلىي ئىسمى ھەبىبۇللاخان بولۇپ، دادىسى پۇتكۈل خوتەندە نامى بار ئاتاقلىق مۇپتى ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دادىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ھەبىبۇللاخان جامائەت تەرىپىدىن دادىسىنىڭ ئورنىغا مۇپتى قىلىپ سايلاندى.

ئۇ كىچىكىدىنلا دادىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشىگە ئىگە بولغاچقا، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىۋالغان. كېيىن مەدرىسكە كىرىپ شۇ تىللار بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە بۇ جەرياندا شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئادىللىق، پاكلىق، ھالاللىق ۋە سەمىمىيلىك قاتارلىق بۈيۈك ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئۇلۇغلايدىغان دىداكتىك ئەسەرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ مۇپتى بولغاندىن كېيىن شەرىئەت ئىشلىرىدا ئادىل ۋە ھالال بولۇشنى باش مىزان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئىدى.

بىر قېتىم ئۇ مەلۇم سەۋەب بىلەن ئاقسۇغا بېرىپ، ئاقسۇدا خەلپە، يەنى پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى، دەپ شۆھرەت قازانغان مەشھۇر زات ھادى خەلپىنىڭ ئۆيىگە پاتىھەگە بارىدۇ. ھادى خەلپە ئۇنى كاتتا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ، ھەر خىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن داستىخان سالىدۇ. ئەمما، ئۇ ھادى خەلپىنىڭ داستىخىنىغا ئېغىزمۇ تەگمەي دۇئا قىلىپ يانىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

— ھادى خەلپە پەرھىزگە كامىل، تەقۋادار زات تۇرسا، سىلى نېمە سەۋەبتىن ئۇنىڭ داستىخىنىغا ئېغىز تەگمىدىلە؟ — دەپ سورىغاندا ئۇ:

— دۇرۇس، ھادى خەلپە ھەقىقەتەن تەقۋادار زات ئىكەن. ئەمما، ئۇ پەقەت نەزىر ـ چىراغ، ئۆشرە ـ زاكاتقىلا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۆزى ئەمگەك قىلمايدىكەن. ئۇنداق ئادەم بىر ئۆمۈر تەمە بىلەن ياشاپ، ئەمگەك ۋە نازۇ نېمەتلەرنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. ھالال نەرسىلەرنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ داستىخىنىدىكى نەرسىلەر ھارام نەرسىلەردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھادى خەلپىنىڭ ئۆزىمۇ ئۆشرە ـ زاكات بېرىش ۋاجىپ بولغان كىشى ئىكەن. ئۆشرە ـ زاكات ۋاجىپ بولغان ئادەمنىڭ باشقىلار بەرگەن ئۆشرە ـ زاكىتىنى يېيىشى شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، شۇسەۋەبتىن مەن ئۇنىڭ داستىخىنىغا ئېغىز تەگمىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ھەبىبۇللاخان بىر مەزگىل موپتىلىق قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىش نىيىتىدە مەككە مۇكەررەمگە بارىدۇ ھەمدە ھەج ئىشلىرىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن شۇ يەردە ئالتە ـ يەتتە يىل چامىسىدا تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ھەرقايسى ئەللەردىن مەككە مۇكەررەمگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان مەشھۇر ئالىم، ئۆلىمالار بىلەن تونۇشۇپ ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، كەڭ دائىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. كېيىن ئۇ يۇرتىنى سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن مەككە مۇكەررەمدىن ئايرىلىپ، تەرەققىي قىلغان نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

ئەل ۋە شەھەرلەرنى ئايلىنىپ خوتەنگە قايتىپ كېلىدۇ.

ھەبىبۇللاخان ھەرەمدىن ھاجى بولۇپ قايتىپ كېلىشتىن سەللا بۇرۇن خوتەن خەلقى قوزغىلىپ ئىلگىرىكى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولۇپ، خوتەن ئىگە ـ چاقىسىز قالغان ئىدى. دەل شۇ كۈنلەردە كىشىلەر ھەبىبۇللاخاننىڭ ھەرەمدىن ھاجى بولۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەبىبۇللاخانغا بولغان بۇرۇنقى ئىشەنچ ۋە ئىخلاسىغا ئاساسەن ئۇنى خوتەنگە پادشاھ قىلىپ سايلاش قارارىغا كېلىدۇ ۋە خاسىيەتلىك كۈندىن بىرىنى تاللاپ، پادشاھلارنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش رەسىم ـ قائىدىلىرى بويىچە ئۇنى ئاق كىگىزدە كۆتۈرۈپ پادشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەبىبۇللاخان ھاجى پادشاھ دېگەن نام بىلەن خوتەنگە رەسمىي پادشاھ بولىدۇ.

# قورقۇنچلۇق چۈش

ھاجى پادشاھ ھەر كۈنى ئەتىگىنى ناماز بامداتتىن كېيىن ئۇزۇم، مېغىز، مۇراببا دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ناشتا قىلاتتى ـ دە، ھەرەمخانىسىغا يانداپ سېلىنغان ھەشەمەتلىك ئوردىغا كىرىپ، ئالتۇن يالىتىلغان كۆركەم، ھەيۋەتلىك تەختكە ئولتۇرۇپ ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەركانى ئەكابىرلارنىڭ تەزىمىنى قوبۇل قىلاتتى. ئاندىن ئۇلار مەلۇم قىلغان دۆلەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. بەزى ئىشلارغا نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا يا ئۇنداق، يا مۇنداق قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا كەسكىن پەرمان بېرەتتى. بەزى ئىشلارنى بولسا ۋەزىرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن بىر تەرەپ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھاجى پادشاھنىڭ بىر كۈنلۈك دۆلەت ئىشلىرى تۈگەپ، ھۇجرىسىغا قايتىپ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، دۇئا ـ تىلاۋەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. جۈمە كۈنلىرى ئوردىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئازنا مەسچىدكە بېرىپ جامائەت بىلەن بىرگە جۈمە نامىزىنى ئوقۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياشىنىپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئوردىدىن سىرتقا كەمدىن ـ كەم چىقاتتى.

ھەر جۈمە كۈنى خوتەن شەھىرى باشقىچىلا قىزىپ ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. ئەرلەر چاچ ـ ساقاللىرىنى پاكىزە ياستىپ، موينى ئېچىلىپ راسا ۋايىغا يەتكەن كۆرپە تۇماقلىرىنى قىرلاپ كەيسە، ئاياللار چاچلىرىنى يۇيۇپ چىرايلىق تاراپ، يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ سەھەردىلا بازارغا مېڭىشاتتى. شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان دۇكانلار ئادەتتىكىدىن ئەتتىگەن ئېچىلىپ، دۇكاننىڭ ئالدى پاكىزە سۈپۈرۈلۈپ سۇ چېچىلاتتى. ئادەتتىكى كۈنلىرى كۈن ئۆرلەپ خېلىدىن كېيىن ئاندىن ئوچاقلىرىغا ئوت يېقىلىدىغان ئاشخانىلاردىمۇ كىشىلەرنىڭ بامدات نامىزىدىن يېنىشىغا ئۈلگۈرۈپلا ئاش ـ مانتا دۈملىنىپ بولاتتى. ئادەتتىكى كۈنلىرى باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، پەقەت جۈمە كۈنىلا يايما ئېچىپ ئوقەت قىلىدىغان تۆمۈرچى، ياغاچچى، تورچى ۋە باشقا خىلمۇ خىل ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرمۇ سەھەردىلا بازارغا كېلىپ تازا قىزىيدىغان يەردىن ئورۇن تۇتۇپ، ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى رەتلىك تىزىپ تەقمۇ تەق بولۇشۇپ تۇراتتى.

جۈمە نامىزى تۈگەپ ئازنا مەسچىدىنىڭ پەشتىقىدا ناغرا ـ سۇناي چېلىنغاندىن كېيىن بازار راسا ئەۋجىگە چىقاتتى. قايناق شاۋقۇن ـ سۈرەن ئاۋازلار ھەممىلا يەرنى قاپلاپ، پۈتكۈل شەھەر بىردىنلا ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى.

ھاجى پادشاھ بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ ئازنا مەسچىدكە بېرىپ، جۈمە نامىزىنى جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇدى. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن يەنە تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ ئوردىغا قايتتى.

ئەمما، ئوردىغا ئاز قالغاندا توساتتىن بېشى قايغاندەك بولۇپ، ئۆزىنى ئارامسىز ھېس قىلدى. كۆزلىرى قاراڭغۇلۇشۇپ مىجەزى باشقىچىلا بولۇپ قالدى. ھاجى پادشاھ گەرچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئادەتتە تېنى ساغلام ئىدى. يول ماڭغاندا قەددىنى تىك تۇتۇپ، سالماق قەدەم تاشلاپ سالاپەتلىك ماڭاتتى. شۇنچە يېشىغا كەلگۈچە ئۆزىنىڭ ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىراق، بۈگۈن ئۇ مىجەزىدە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشتىن بەكمۇ بىئارام بولۇپ، مۇلازىملارنى تېز مېڭىشقا بۇيرۇدى.

مۇلازىملار ئوردىغا يېتىپ كېلىپ، ھاجى پادشاھنىڭ خاس ھۇجرىسىنىڭ ئالدىدا توختاشتى ـ دە،

تەختىراۋاننى سىلىققىنا يەرگە قويۇپ، هاجى پادشاھنى ئېھتىيات بىلەن يۆلەپ چۈشۈرۈپ، خاس ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ يۇمشاق تۆشەكنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇشتى.

هاجى پادشاھنىڭ بىتاپ بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئوردا ئەمەلدارلىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ پاتپاراق بولۇشۇپ كەتتى. ئۇلار ئالدىراپ - تېنەپ ئوردا تېۋىپىنى چاقىرىپ كېلىشتى. بىراق، ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن تېۋىپنى كۆرگەن هاجى پادشاھنىڭ چىرايى تاتىرىپ دەرغەزەپكە كەلدى ۋە ئۇنى خاس ھۇجرىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى. بۇ هال ئوردا ئەمەلدارلىرىنى تولىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلار ھەيرانلىق ۋە ئەنسىزلىك ئالامەتلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى بىر - بىرىگە تىكىشتىيۇ، ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشتى.

هاجى پادشاھ توختىماي هاسىراپ - ھۆمۇدەيتتى. ئەمما، زادى قەيىرىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى. ئۇ شۇ ياتقان پېتىچە تاكى باش توخۇ چىللىغانغا قەدەر گاھ قىزىپ بەدىنى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ، گاھ سوۋۇپ جالاقلاپ تىترەپ زادىلا كۆز يۇمالمىدى. باش توخۇ ئاخىرقى قېتىم چىللىغان چاغدىلا ئاندىن بىر ئاز ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى - دە، ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

هاجى پادشاھ چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۆزى يالغۇز يۇلغۇن، چاتقال ۋە يانتاق بىلەن قاپلانغان جاڭگالدا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگۈدەك. بىر چاغدا پادشاھنىڭ ئالدىغا سېمىزلىكىدىن تۈكلىرى پارقىراپ كەتكەن بىر كېيىك ئۇچرىغۇدەك، پادشاھ دەرھال كېيىككە قاراپ ئات سالغۇدەك، پادشاھنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كېيىك قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ قۇيۇن تېزلىكىدە قاچقۇدەك، پادشاھ قوغلىغۇدەك، قوغلىغۇدەك. ئەمما، كېيىككە زادىلا يېتىشەلمىگۈدەك. بىر چاغدا كېيىك تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ، پادشاھ ئېگىز بىر يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغۇدەك. كېيىكنى قاچۇرۇپ قويغىنىغا زەردىسى قاينىغان پادشاھ ئېتىنى ئارقىسىغا بۇراپ تۇرۇشىغا موزايدەك كېلىدىغان بىر يولۋاس پادشاھقا قاراپ ئېتىلىپ كەلگۈدەك، يولۋاستىن ھۈركۈپ كەتكەن ئات ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە قاتتىق بىر كىشنەپ، پادشاھ بىلەن بىرگە ياردىن غۇلاپ كەتكۈدەك...

پادشاھ چۆشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئالتۇندىن ياسالغان شامداندىكى شام ھۇجرىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى ماموق ياستۇقتىن تەسلىكتە كۆتۈرۈپ، يوتقاندىن سەل سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئىچىدە كەلىمە شاھادەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. بىراق، پادشاھنى يەنە غەپلەت باستى. ئۇخلىماسلىققا ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ، كۆزلىرى ئېلىشىپ زادىلا بولالماي يەنە ئۇخلاپ قالدى ۋە يەنە چۈش كۆرۈشكە باشلىدى.

بۇ قېتىم پادشاھ ئوردىدىكى گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياسالغان ئېگىز راۋاقنىڭ ئۈستىدە ئانىسىدىن تۇغۇلما ھالەتتە تەمتىرەپ تۇرغۇدەك. راۋاقتىن چۈشۈپ كېتەي دېسە، نېمىشقىدۇر چۈشەلمىگۈدەك، گەپ قىلاي دېسە ئاۋازى چىقمىغۇدەك، دەل شۇ چاغدا كائىناتنى يورۇتۇپ تۇرغان قۇياش بىردىنلا ئاسماندىن دومىلاپ چۈشۈپ ئۆچۈپ قالغۇدەك. يەر يۈزىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغۇدەك. ئەمما، پادشاھنىڭ كۆزى ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇدەك. بىرچاغدا ئوردىنىڭ سىرتىدا دۈپۈرلىگەن ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلانغۇدەك، پادشاھ قارىغۇدەك بولسا، كىشىلەر تېنى بار، بېشى يوق ھالەتتە ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن قاتار تىزىلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقۇدەك، ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن پادشاھ سەپنىڭ باش - ئاخىرىنى پەرق ئېتەلمىگۈدەك. باشسىز بويۇنلاردىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قان يولغا ئېقىپ، يولنى قىپقىزىل رەڭگە كىرگۈزۈۋەتكۈدەك. بۇنى كۆرگەن هاجى پادشاھ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ھەيران قالغۇدەك...

ئەتىسى پادشاھ ناماز بامداتقىمۇ تۇرالمىدى. قوبۇل ۋاقتى بولغاندا ئاندىن بىر ئامال قىلىپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، كىيىمىنى كىيىپ قوبۇلخانىغا چىقتى. ئادەت بويىچە سالام - سائەت رەسمىيەتلىرىنى تۈگىتىپ، ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىپ كىردى ۋە ئالىم - ئۆلىمالارنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا كېچىدىن كۆرگەن چۈشلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. ئاندىن ئۇلاردىن بۇ چۈشكە قانداق تەبىر بېرىش لازىملىقىنى سورىدى. ئۆلىمالار هاجى پادشاھنىڭ بۇ چۈشىگە دەماللىققا بىر نەرسە دەپ تەبىر بېرەلمىدى. شۇندا پادشاھ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن كېسىپلا:

— بۇ چۈشنىڭ تەبىرى شۇكى، خوتەن شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەر ئادەم بويى ئېگىزلىكتە قالدۇرۇلۇپ، ئۈستى كېسىپ تاشلانسۇن! شۇندىلا بۇ قورقۇنچلۇق چۈش دەپئى بولغۇسى، — دېدى. ئۆلىمالار هاجى پادشاھنىڭ بۇ تەبىرىگە كەينى - كەينىدىن ئاپىرىن ئوقۇشتى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن شەھىرى ئەتراپىدىكى بارلىق دەرەخلەر ئادەم بويى ئېگىزلىكتە قالدۇرۇلۇپ، ئۈستى

www.uyghurkitap.com

كېسىپ تاشلاندى. مۇشۇ ئىشلار بولۇپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ياقۇپبەگ ئەۋەتكەن چاپارمەنلەر خوتەنگە كېلىپ، ياقۇپبەگنىڭ خېتىنى ھاجى پادىشاھقا يەتكۈزدى. ھاجى پادىشاھ ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزىرالىرى بىلەن تەپسىلىي مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئوغلى شاھزادە نېمەتۇللاخاننى كاتتا سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ئىستىقبالىغا ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى.

## قىلتاق

ئىككى نەپەر چاپارمەن چېدىرغا كىرىپ، ئاراچتىلا توختاپ ياقۇپبەگكە ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئاق كىگىزنىڭ ئۈستىدە گويا نېمىنىدۇر خىيال قىلىۋاتقاندەك، ئويچان قىياپەتتە ئولتۇرغان ياقۇپبەگ ئۇلارغا «قانداق بولدى؟» دېگەن مەنىدە سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى. ئارىدىن كەكە ساقال، قىيغاق يۈز كەلگەن دارازا چاپارمەن ياقۇپبەگنىڭ مەقسىتىنى دەررۇ چۈشىنىپ، ئاۋازىنى ئامال بار مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشىپ، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

—— ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك مەكتۇبلىرىنى ھاجى پادىشاھنىڭ قولىغا ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بەردۇق. ھاجى پادىشاھ مەكتۇبنى كۆرگەندىن كېيىن ئوغلى شاھزادە نېمەتۇللاخاننى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا سالامغا ئەۋەتتى. ئارقىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ.

ياقۇپبەگ چاپارمەننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھاجى پادىشاھ ۋە خوتەندە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ھەققىدە بەزى سوئاللارنى سورىدى. بۇنداق ئىشلارنى كۆپ قېتىم قىلىپ پىشىپ كەتكەن چاپارمەن سورالغان سوئاللارغا ھودۇقماي تولۇقى بىلەن جاۋاب بەردى. ياقۇپبەگ مەمنۇنىيەت بىلەن باش لىڭشىتىپ، چاپارمەنلەرنىڭ چىقىپ كېتىشىگە ئىجازەت بەردى.

چاپارمەنلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ياقۇپبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، چېدىرنىڭ ئىچىدە ئۇششاق قەدەملەر بىلەن مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئالامەتلىرى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزى تېخىمۇ يوغىناپ، نۇرلىنىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھاجى پادىشاھنىڭ ئوغلى نېمەتۇللاخاننىڭ سالامغا كېلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا نۇسرەت ئىشىكىنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزى ئويلاپ تاپقان تەدبىرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۇنۇم بېرىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا: «خۇداغا شۈكرى، تەلىيىم ھەر ھالدا ئوڭدىن كەلدى. مۇراد گۈلۈم پات ئارىدا چېچەك ئاچقۇسى. يارانقان ئىگەم ئۆزى ئىنايەت قىلىپ ماڭا زەپەر ئاتا قىلغۇسى» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

شاھزادە نېمەتۇللاخان تولىمۇ داغدۇغىلىق ۋە ھەشەمەتلىك كۈتۈۋېلىندى. يۈزلەپ قوي ـ قوزىلار سويۇلدى. چوڭ ـ چوڭ داشقازانلار ئېسىلىپ، پۇرىقى دىماغنى يارغۇدەك مەززىلىك پولۇ دۇملەندى. داستىخانغا مول قەنت ـ گېزەك، نازۇ نېمەتلەر تىزىلدى. شاھزادە نېمەتۇللاخان ۋە ئۇنىڭ خاس ھەمراھلىرى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئالاھىدە جابدۇلغان ئازادە چېدىرنىڭ تۆرىدىكى كۆرپىلەرگە باشلاندى. مېھمانلار كەڭ ـ كۇشادە يەپ ـ ئىچىپ ساھىبخانلار بىلەن مۇڭداشتى.

زىياپەتتە شاھزادە نېمەتۇللاخان دادىسى ھاجى پادىشاھ ئەۋەتكەن سوۋغا ـ سالام، تارتۇق ـ پىشكەشلەرنى ياقۇپبەگكە بىرمۇ بىر تاپشۇردى. ياقۇپبەگ تولىمۇ سۆيۈنگەن ھالدا ھەربىر سوۋغا ـ سالامنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ رەھمەت ـ تەشەككۈر ئېيتتى. ھاجى پادىشاھنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، دۆلىتىنىڭ زىيادە بولۇشىنى تىلەپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن دۇئا قىلدى. ئاندىن شاھزادە نېمەتۇللاخاننىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىدىن ئۆزىنىڭ چەكسىز مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، شاھزادىگىمۇ كۆپتىن ـ كۆپ ئىززەت ـ ئىكراملار كۆرسەتتى.

شاھزادە نېمەتۇللاخان ياقۇپبەگنىڭ ھوزۇرىدا ئىككى كۈن مېھمان بولغاندىن كېيىن خوتەنگە قايتىش قارارىغا كەلدى. ياقۇپبەگ «شاھزادەمنىڭ لايىقىدا بولمىسىمۇ، كەمىنىنىڭ ئازغىنا ئەقىدە ـ ئىخلاسى سۈپىتىدە قوبۇل كۆرگەيلا» دېگەندەك تەكەللۇپ سۆزلەر بىلەن شاھزادە نېمەتۇللاخانغا زەر يىپتىن توقۇلغان كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك جۇلالىق كۆركەم سەللە، كىمخاپ تون، ئىگەر ـ جابدۇقلىرىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش ياللىتىلغان ئېسىل نەسىللىك ئارغىماق ئات قاتارلىق قىممەتلىك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى. شاھزادە بىلەن

بىرگە كەلگەن خاس مەھرەم، لەشكەر ۋە مۇلازىملارغىمۇ ئۆز لايىقىدا تون ـ سەرۇپاي، تەڭگە ـ تىللالارنى ئىنئام قىلدى. ئاندىن شاھزادىنىڭ ئالدىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

—— كۆپتىن ـ كۆپ شۈكرىكىم، يارائقان ئىگىمىز ئۆزىنىڭ پەزلى كامالى بىلەن مېنى شاھزادەمنىڭ ئەزىز جامالىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ قىلدى. بۇ مەن ئۈچۈن چەكسىز سائادەتتۇر. ئەمدى شانۇ شاۋكەتلىك ھاجى پادىشاھ ئاتامنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ، باسقان قەدەملىرىنى كۆزۈمگە سۈرتۈش نېسىپ بولارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم. ئەگەر كەرەملىك شاھ ئاتام كەمىنە ئاجىزلىرىنىڭ بۇ ئەرزىمەس ئارزۇسىنى قوبۇل كۆرۈپ، بۇ پېقىرانە چېدىرىمغا قەدەم تەشرىپ قىلسا، ئاياغلىرىغا قونغان چاڭ ـ توزانلارنى ساقلىم بىلەن سۈرتۈپ خىزمىتىدە بولسام، مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈپ خىرەلەشكەن كۆزلىرىمنى مۇنەۋۋەر قىلسام. مۇبادا ھاجى پادىشاھ ئاتام بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىسە، ئۆزۈم ئالدىغا بېرىپ بوسۇغىلىرىنى تاۋاپ قىلىپ دىدارىنى بىر كۆرۈپ يانسام، ئۆمرۈمدە ئارمىنىم قالماس ئىدى، —— دېگەنلەرنى بايان قىلدى.

ياقۇپبەگنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان شاھزادە نېمەتۇللاخاننىڭ كۆڭلى ئېرىپ، دەرھال بېرىپ ياقۇپبەگنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ـ دە:

—— مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى شاھ ئاتامغا يەتكۈزىمەن. ياخشىسى ئۆزلىرى ئىشەنچلىك مۇلازىملاردىن بىر نەچچىنى ماڭا قوشۇپ بەرسىلە. مەن ئۇلارنى شاھ ئاتام بىلەن كۆرۈشتۈرسەم ھەمدە بۇ ئىشنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدىكى جاۋابنى شۇ كىشىلەر ئارقىلىق سىلىگە يەتكۈزسەم، —— دېدى.

بۇ گەپ ياقۇپبەگكە ياغدەك ياقتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىمۇ مۇشۇنداق بىر ئەپچىل پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ياقۇپبەگ ئەمىر لەشكەر ئابدۇللا پانساتنى پىنھان بىر چېدىرغا باشلاپ كىرىپ، بىر پارچە خىشنى نەچچە قات تاۋار ـ دۇردۇن بىلەن قۇرئاننىڭ شەكلىدە ئوراپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ـ دە:

—— سىلەر بېرىپ ھاجى پادىشاھقا مېنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسىمنى تولۇق بايان قىلىڭلار، ئەگەر ئىشەنمىسە مۇشۇ «قۇرئان» بىلەن مېنىڭ نامىمدا قەسەم ئىچىڭلار. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بىر ئامال قىلىپ ھاجى پادىشاھنى جەزمەن ئالدىمغا باشلاپ چىقىڭلار، —— دېدى.

## شامالىق ساي

دەل ـ دەرەختىن ئەسەرمۇ بولمىغان كۆز يەتكۈسىز تاشلىق ساي غۇۋا بىر قەۋەت تۇمان ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

يازدىكى ئۆتكۈنچى يامغۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى سۇ يۈزىنى كۆرمىگەن بۇ ساي گويا تەبىئەتنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرىغاندەك، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا ئادەمنى بىزار قىلىدىغان دەرىجىدە جىمجىت ۋە زېرىكەرلىك ئىدى. ئاندا ـ ساندا ئۆتۈپ قالىدىغان كارۋانلارنىڭ تۇچتىن قۇيۇلغان يوغان كولدۇرمىلىرى بۇ ساينى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتماقچى بولغاندەك بار ئاۋازى بىلەن جارڭلىسىمۇ، كارۋاننىڭ ئۇزىشىغا ئەگىشىپ، ساي يەنە ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىپ جىمىپ قالاتتى. باھار كېلىپ جىمى ئۇچار قۇشلار قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ پەرۋاز قىلىشقا باشلىسىمۇ، بۇ سايىنىڭ ئاسمىنى ئىگە ـ چاقىسىز بالىغا ئوخشاش يېتىمسىراپ مۇڭلىنىپ تۇراتتى.

قۇياشنىڭ بارا ـ بارا ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ تۇمان تارقىدى ـ دە، ساي قىپقىزىل شەپەق نۇرىغا چۈمۈلۈپ يالىلداپ تۇرغان ھەيۋەتلىك بىر پارچە يالقۇنغا ئوخشاپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن يالقۇن بارغانسېرى قېنىق تۈسكە كىرىپ، ئۇنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن خۇددى ئوت دېڭىزىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندەك بىر توپ ئاتلىق كىشىلەر چىقىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ھەيۋەت بىلەن ئۇزۇن سەپ تۈزۈپ بىر خىل سۈرئەتتە ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتاتتى.

بۇ ساينىڭ ئادەمنىڭ جېنىغا ئەڭ قاتتىق تېگىدىغان يېرى ئۇنىڭ جىمجىتلىقىدا بولماستىن، بەلكى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا ئۈزۈلمەي غۇرقىراپ چىقىپ تۇرىدىغان بىزەڭ شامىلىدا ئىدى. بۇ شامال

www.uyghurkitap.com



ياز كۈنلىرى ئۆزىنىڭ ئوتتەك قىزىق تەپتى بىلەن ئۆتكۈنچىلەرنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئازابلىسا، قىش كۈنلىرى مۇزدەك سوغۇق نەشتىرىنى سانجىپ بۇرۇن ـ قۇلاقلارنى سەزمەس قىلىپ كاردىن چىقىرىۋېتىشكە تەييار تۇراتتى.

ئاتلىق سەپ داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتۇن يالىتىلغان ئىگەر ـ جابدۇقلۇق قاشقا ئاتقا مىنگەن ھاجى پادىشاھ قىلىن سۆسەر جۇۋىغا مەھكەم ئورۇنۇپ مۈگدەپ ئولتۇراتتى.

ھاجى پادىشاھ دەسلەپتە ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئانچە خالىمىغان ئىدى. ئەمما، ياقۇپبەگنىڭ ئەلچىلىرى ئۇنى ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا بېرىشقا ئۈندەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ھەتتا «بىز سىلىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكلىرىگە خۇدانىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن كېپىللىك قىلىمىز» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ ياقۇپبەگنىڭ نامىدىن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھزادە نىمەتۇللاخانمۇ ئەلچىلەرنىڭ گېپىنى ياقلاپ، ھەر خىل گەپ ـ سۆزلەر بىلەن ئۇنى ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ كېلىشكە دالالەت قىلدى. نەتىجىدە ھاجى پادىشاھ ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئەمما، كۆڭلى تازا خاتىرجەم بولمىغانلىقتىن گەپ ـ سۆز قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يول بويى قاپىقىنىمۇ ئاچماي كېلىۋاتاتتى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە يېرىم كۈندىن ئارتۇقراق يول يۈرگەندىن كېيىن، يىراق كۈن پېتىش تەرەپتە ياقۇپبەگنىڭ چېدىر ـ بارگاھلىرىنىڭ ئۈستىگە قادالغان تۇغ ـ ئەلەملەر غۇۋا كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن تا ئەتىگەندىن باشلاپ بۇ قارغىش تەككۈر تاقىر سايدا توختىماي يول يۈرۈپ چارچاپ كەتكەن ئاتلىقلارغا بىر ئاز جان كىرگەندەك بولۇپ، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاتلىرىنى دېۋىتىشكە كىرىشتى.

## بۇمۇ قىسمەت

ئەمىر لەشكەرلەر چېدىرغا كىرىپ، ياقۇپبەگكە ھاجى پادىشاھنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ياقۇپبەگ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ چېدىرنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىقلارنى كۆرۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ھەقىقىي خۇشال بولىدىغان، يەنە كېلىپ خۇشاللىقىنى چىرايىدا ئىپادىلەيدىغان چاغلىرى كەمدىن ـ كەم كۆرۈلەتتى. چۈنكى، ئۇ ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم ئارىسىدا تاسقىلىپ يۈرۈپ، تالاي ئىسسىق ـ سوغۇق قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ قارامىلىقى، قاتتىق قوللۇقى ۋە رەھىمسىزلىكىگە تايىنىپ دەۋر سۈرۈپ كەلگەچكە، ھەددىدىن زىيادە خۇشاللىق ئۇنىڭغا نىسبەتەن تەنتەكلىك ۋە ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسىدەك تۇيۇلاتتى. ئەمما، شۇ تاپتا ئۇ بۇنداق خىياللارنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەندەك قىلاتتى.

ھاجى پادىشاھ باشچىلىقىدىكى ئاتلىق كىشىلەر بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ياقۇپبەگ مىرزا بېشى، ئەمىرلەشكەر ۋە باشقا ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ھاجى پادىشاھ مىنگەن ئاتنىڭ ئىگەر، ئۈزەڭگىلىرىنى يۈز ـ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ كۆز يېشى قىلدى. ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى داق يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ھاجى پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈردى ھەمدە ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ھاجى پادىشاھقا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدى. بۇنى كۆرگەن ھاجى پادىشاھ ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ئاتتىن چۈشمەكچى بولدى. ئەمما، ياقۇپبەگ ھەر خىل شېرىن سۆزلەر بىلەن ھاجى پادىشاھنى ئاتتىن چۈشكىلى قويمىدى. ئەكسىچە، ئاتنى ئۆز قولى بىلەن يېتىلەپ ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك چېدىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا ئاندىن ھاجى پادىشاھنى ئاتتىن ئۆزى كۆتۈرۈپ چۈشۈردى. بۇ چاغدا ئەتراپتا دەبدەبىلىك ناغرا ـ سۇناي سادالىرى ياڭرىدى. ياقۇپبەگ ھاجى پادىشاھنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئەللىك ـ ئاتمىش قەدەم ئۇزۇنلۇقتا سېلىنغان ئاق شايى پاياندار ئارقىلىق ئۆز چېدىرىغا باشلاپ كىرىپ تۆرگە باشلىدى.

ھاجى پادىشاھنىڭ شەرىپىگە ھەر خىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن مول داستىخان سېلىندى. ھاجى پادىشاھ ئارتۇقچە تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماي داستىخانغا باقتى. ياقۇپبەگ ھاجى پادىشاھنىڭ تۆۋىنىدە ئولتۇرۇپ، ھاجى پادىشاھقا ئۆز قولى بىلەن چاي قۇيدى ۋە ئۇياق ـ بۇياقتىن سۆزلىگەچ ھاجى پادىشاھنى داستىخانغا كۆپرەك بېقىشقا ئۈندىدى. داستىخان يىغىلىپ دۇئا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ياقۇپبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوشتۇرۇپ تولىمۇ مۇلايىملىق بىلەن ھاجى پادىشاھقا:

— پادشاھ ئاتام خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل مۇبارەك تاۋاپگاھىمىز مەككە مۇكەررەمدە ئىستىقامەت قىلىپ ھاجىلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. پېقىر بولسا بىلىپ - بىلمەي قىلغان گۇناھى كەبىرلىرىمدىن پارىغ بولۇش ئۈچۈن، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ مازار - مەشايىخلىرىنى زىيارەت قىلىپ يۈرگەن ئاددىي بىر تاۋاپچىمەن. ئۆلىمالاردىن «ھاجى ياكى غازى بىلەن بىر قېتىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش، پەيغەمبەر بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشكەنگە باراۋەر» دېگەن ھەدىسنى ئاڭلىغان ئىدىم. ھاجى پادىشاھ ئاتام بىلەن بىر قېتىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالىغان بولسام، ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادا چەكسىز بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم، — دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ھاجى پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئېرىپ ئورنىدىن تۇردى. ياقۇپبەگ غۇلچىنى كەرگىنىچە كېلىپ ھاجى پادىشاھنى قۇچاقلىدى ۋە شۇ پېتى دەس كۆتۈرۈپ، ئالدىن چېدىرغا يانداپ راسلاپ قويۇلغان بىر قاراڭغۇ يەرگە ئېلىپ كىردى. ھاجى پادىشاھ نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە بىر نەچچە ئادەم كېلىپ ئۇنى يەرگە يىقىتىپ چەمبەرچاس باغلىدى. ئاردىن بىرەيلەن ھاجى پادىشاھنىڭ تون ۋە كۆينەكلىرىنى يىرتىپ كۆكسىنى يالىڭاچلىدى - دە، يېنىدىن يالىلداپ تۇرغان بىر خەنجەرنى چىقىرىپ ئۇنىڭ كۆكسىگە كۈچ بىلەن ئۇردى. «گاچ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ خەنجەر ھاجى پادىشاھنىڭ كۆكرىكىگە دەستىسىنىڭ تۈۋىگىچە پېتىپ كەتتى. بۇ چاغدا ھاجى پادىشاھ زەئىپ ئاۋاز بىلەن ئىڭراشقا باشلىدى. ھېلىقى كىشى خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ ھاجى پادىشاھنىڭ كۆكرىكىگە ئارقا - ئارقىدىن كۈچ بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇردى. ھاجى پادىشاھنىڭ كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان قان ئۇنىڭ كىيىم - كېچەك، يۈز - كۆزلىرىگە چاچراپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ھاجى پادىشاھنىڭ پۇت - قولى تىپىرلاشتىن توختاپ كۆزىنىڭ قارىچۇقى تارتىلىپ كەتتى.

ياقۇپبەگ ھاجى پادىشاھنىڭ جېنى تولۇق چىقىپ بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ھېلىقى كىشىلەرگە:

— بۇنى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا بىر تەرەپ قىلىڭلار، ھېچكىم بىلىپ قالمىسۇن، بولمىسا كاللاڭلار بىلەن جاۋاب قىلىسىلەر، — دەپ قويۇپ چېدىردىن يېنىپ چىقتى ۋە مىرزىسىغا ھاجى پادىشاھنىڭ نامىدىن «مەن ئۇكام ياقۇپبەگ بىلەن بۈگۈن كېچە مۇشۇ يەردە مۇڭدىشىپ، ئەتە ئۇنى خوتەنگە ئۆزۈم باشلاپ كىرىمەن، سىلەر خاتىرجەم قايتىپ بېرىپ ئوغلۇم نېمەتۇللاخانغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، بارلىق ئەمىرلەشكەر ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ئېلىپ ئالدىمغا چىقسۇن» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە خەت يازدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھاجى پادىشاھنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپ، ھاجى پادىشاھنى كۈتۈپ تۇرۇشقان مۇلازىم ۋە لەشكەرلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇلار بۇ خەتنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولغان ھالدا كەلگەن يولى بىلەن خوتەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ھاجى پادىشاھ ياقۇپبەگنىڭ چېدىرىغا پەقەت ئون نەچچىلا خاس مەھرەملىرى بىلەن بىللە كىرگەن ئىدى. ياقۇپبەگنىڭ ئەمىر لەشكەرلىرى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان پىلان بويىچە ھاجى پادىشاھنى قانداق بىر تەرەپ قىلغان بولسا، ئۇلارنىمۇ خۇددى شۇنداق بىر تەرەپ قىلدى. بۇ ئىشلار شۇ قەدەر ئۇستىلىق بىلەن تېز ھەم مەخپىي بىر تەرەپ قىلىندىكى، بۇنى ياقۇپبەگنىڭ بىر نەچچە ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن ئۆزگە ھېچكىم سەزمىدى.

# پۇشايمان

تېخى قار چۈشمىگەن بولسىمۇ، سوغۇق جاندىن ئۆتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق بولۇۋاتاتتى. پەقەت چۈش بولاي دېگەندىلا بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىققان قۇياش گويا ئۆزىنىڭ ھېلىمۇ مەۋجۇد ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىش ئۈچۈن، ئەتەي ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقاندەك ئۇزۇن ئۆتمەي كۆزدىن غايىب بولاتتى. قۇياشنىڭ غايىب بولۇشى بىلەنلا ئالەم غۇۋالىشىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان كۆڭۈلسىز بىر مەنزىرە شەكىللىنەتتى.

ياقۇپبەگ سەپىنىڭ ئالدىدا ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن بىرگە كېلىۋاتاتتى. ئۇ پارقىراپ تۇرىدىغان سۆسەر جۇۋىغا ئورۇنۇۋالغان بولۇپ، ھەدەپ ئەتراپتىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرگە، يىلان باغرى سوزۇلۇپ ياتقان چىغىر يوللارغا، ئۇ يەر، بۇ يەردە ئۇچراپ تۇرىدىغان غۇژمەك - غۇژمەك

www.uyghurkitap.com



پاكار ئۆيلەرگە، ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىكى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن ئۈرۈك، ئۈژمە، شاپتۇل دەرەخلىرىگە قىزىقىسىنىپ قارايتتى.

ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى خوتەنگە يېقىنلاپ قالغاندا ئالدىن يۈرگۈچى ئاتلىق لەشكەرلەردىن چاپارمەن كېلىپ، ياقۇپبەگكە شاھزادە نىمەتۇللاخاننىڭ بىر توپ ئاتلىقلار بىلەن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ياقۇپبەگ مەغرۇر قىياپەتتە لەشكەرلەرگە يۈرۈشنى توختىتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. ئاندىن چاپارمەننى ئۆزىگە يېقىن چاقىرىپ ئۇنىڭغا نىمىلەرنىدۇر تاپىلىدى. چاپارمەن شۇ ھامان ئېتىنى قامچىلاپ بايا كەلگەن يولى بىلەن تېزلىكتە كېتىپ قالدى.

شاھزادە نىمەتۇللاخان بارلىق ئەمىرلەشكەر ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاز بىر قىسىم ئوردا ئاتلىق لەشكەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا دادىسى ھاجى پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئېتىنى تېز ـ تېز قامچىلاپ بىر مەزگىل يول يۈرگەندىن كېيىن كەنت، مەھەللىلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئانچە چوڭ بولمىغان بىر تۆپىلىكتىن ھالقىپ كەڭ بىر سايغا چۈشۈشتى. ئەمما، دەل شۇ چاغدا غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى، يەنى ئۇلار تۆپىلىكتىن ئەمدىلا ھالقىپ سايغا چۈشۈشكە، خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئالدى تەرەپتىن بىر توپ ئاتلىق كىشىلەر پەيدا بولۇپ ئۇلارغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، دەماللىققا گاڭگىراپ قالغان نىمەتۇللاخان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇشىغا ئارقا تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن بىرەيلەن بىر نەيزە ئۇرۇپ، ئۇنى ئاتتىن تىك موللاق چۈشۈردى. نىمەتۇللاخان ئىڭرىغان پېتى ئېغىناپ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە بىر نەچچە ئادەم دەرھال ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنى يەرگە بېسىپ تۇرۇپ قىل ئارغامچا بىلەن پۇت ـ قولىنى مەھكەم باغلىۋەتتى. نىمەتۇللاخان ئۆزىنىڭ ھاجى پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىق شاھزادىسى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى تىللىدى، تېپىچەكلىدى. بىراق، بۇلارنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ ياقۇپبەگنىڭ قاپقىنىغا دەسسىگەنلىكىنى بىلىپ قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئەمما، ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان كېچىككەنلىكىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ يەتتى.

شاھزادە نىمەتۇللاخاننىڭ ئاتتىن يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن خاس قوغدىغۇچىلار ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولۇپ كېلىۋىدى، ئاڭغىچە ئارقا تەرەپتىن ئۇرۇلغان ئۆتكۈر پولات قىلىچلار ئۇنىڭغا ئىمكان بەرمىدى. قالغانلارمۇ ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئاتتىن يىقىلىپ، پۇت ـ قوللىرى باغلىنىپ بولدى. قارشىلىق كۆرسىتىپ باغلاققا بوي بەرمىگەنلەر قىلىچ يەپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى.

## قىرغىن

ياقۇپبەگ لەشكەرلىرى بىلەن خوتەن شەھەر سېپىلىنىڭ يېنىغا چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكىپ ئورۇنلاشتى ھەمدە شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا قول ئاستىدىكىلەر بىلەن قىسقا كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، كېڭەشنىڭ قارار قىلىشى بىلەن ئېزىزبەگ جاللاتنى ئالدى بىلەن شەھەرگە كىرىپ ھاجى پادىشاھنىڭ خەزىنىسىنى يىغىشتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ئېزىزبەگ جاللات بەش يۈز نەپەر خىللانغان ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ چاقماق تېزلىكتە خوتەن شەھەر ئىچىگە كىردى ۋە ئۇدۇل ھاجى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ بېرىپ، ئوردىنى قوغداۋاتقان ئاز بىر قىسىم لەشكەر ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى تۇتۇپ شۇ يەردىلا قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى. نەتىجىدە ھەش ـ پەش دېگۈچە پۈتۈن ئوردىنى قامال قىلىپ، خەزىنىلەردىكى بارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ساق ـ سالامەت قولغا چۈشۈردى. بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ئۇلار پەرەز قىلغاندىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى.

ياقۇپبەگ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى ۋە بارلىق لەشكەرلىرىنى سەپ بىلەن شەھەرگە كىرىشكە بۇيرۇدى. تاڭ سۈزۈلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى شەھەرگە كىرىپ، شەھەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئىشغال قىلىپ بولدى. ئۇلار خەلقنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇ ئىشلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇمكىنقەدەر شەپە چىقارماي ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئەتىسى شەھەر خەلقى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئەھۋالنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ھەيران

قىلىشتى. ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ تاسادىپىي يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەر خۇددى قورقۇنچلۇق چۈشكە ئوخشاش ئۇلارنى ھەر خىل گۇمانلارغا سالاتتى. شۇڭا بىردىن، ئىككىدىن بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىر – بىرىدىن بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىشاتتى. ئەمما، ھېچكىم بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتى. ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان يات كىشىلەرگە قىزىقىش بىلەن سەپسېلىشاتتىيۇ، ھېچكىم ئۇلارنىڭ زادى نېمە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، خوتەنگە نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى سوراشقا پېتىنالمايتتى.

بۇگۈن بارلىق شەھەر ئاھالىسى ئۈچۈن بىر خىل ھەيرانلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى.

ئەتىسى چۈشكە يېقىن كوچىدا قوللىرىدا تاياق – توقماق كۆتۈرۈشۈۋالغان بىر توپ كىشىلەر پەيدا بولدى. ئۇلار ھەدەپ «ھاجى پادىشاھىمىز قېنى؟»، «بىزگە ھاجى پادىشاھىمىزنى تېپىپ بېرىش!»، «يات تائىپىلەرنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرايلى!» دېگەندەك چوقان – سۈرەنلەرنى سېلىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇپ، دەسسەپ چەيلەشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن شەھەر ئاھالىسى تەرەپ – تەرەپتىن كېلىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ توپى بارغانسېرى زورىيىشقا باشلىدى.

ياشلاردىن باشقا مويسىپىت بوۋايلار، ھەتتا ئاياللارمۇ كېلىپ بۇ توپقا قوشۇلدى. نەتىجىدە ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا ئۇلار ھەيۋەتلىك بىر قوشۇنغا ئايلىنىپ، خۇددى تۇغاندىن ھالقىغان كەلكۈنگە ئوخشاش ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى مەركەزلىك ئورۇنلاشقان ئورۇنغا قاراپ تاشلاندى.

ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. توپنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقانلار ئوق تېگىپ ئارقا – ئارقىدىن يىقىلىشقا باشلىدى. ئەمما ئۇلار توختاپ قالمىدى. ئەكسىچە غەزەپ – نەپرەتلىرى قايناپ – تېشىپ، جەسەتلەرنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرىگە قاراپ ئېتىلدى.

بۇ ئۇرۇش شۇ تەرىقىدە تاكى كۈن پېشىن بولغۇچە داۋام قىلدى. شەھەر ئاھالىسى چېكىنىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇدۇلدىن – ئۇدۇل قىستاپ كەلدى. ياقۇپبەگنىڭ مىلتىق ئېتىپ ھالىدىن كەتكەن لەشكەرلىرى ئاخىر ئامالسىز قېلىپ، پاتپاراق بولۇشۇپ چېكىنىشكە باشلىدى.

ئارىدىن يەنە ئۈچ كۈن ئۆتتى. بۇ جەرياندا خوتەن شەھىرى ۋە شەھەرگە يېقىن يېزىلاردىن كەلگەن خەلق توپلىشىپ، ئۆز يۇرتىنى قوغداش يولىدا ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن قان كېچىپ ئېلىشتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ قولىدا تاياق – توقماقتىن ئۆزگە قورال بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ھاياتىدىن ئايرىلدى.

ئالتىنچى كۈنى چاشكا ۋاقتى بىلەن تاياق – توقماق، پالتا – كەكە ۋە ئورغاق، ئارىلار بىلەن قوراللانغان نەچچە مىڭ كىشى خوتەنگە بېسىپ كېلىشتى. بۇلار خوتەننىڭ يات تائىپىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم، دېگەن نىيەتتە بېلىنى باغلاپ، ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ كەلگەن چىرىيەلىكلەر ئىدى.

چىرىيەلىكلەر شەھەرنى يان تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل ياقۇپبەگنىڭ چېدىر – بارگاھلىرىغا قاراپ يوپۇرۇلدى. ياقۇپبەگنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسماقچى بولدى. ئەمما، ئۇلار ئاتلىرىنى ناھايىتى تېز چاپتۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئارىلىق يېقىنلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى تارتىشقا ئۈلگۈرمەيلا، توپنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ قالدى. چىرىيەلىكلەر بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، دەرھال چەمبەر شەكلىدە دەۋرەپ كېلىپ ئۇلارنى ئارىغا ئېلىۋالدى – دە، باش – كۆزلىرىگە چېپىلىۋاتقان قىلىچلارغا قارىماستىن پىتراپ تۇرغان ئاتلارنىڭ پاچاقلىرىغا تاياق – توقماقلار بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىشقا باشلىدى. ئات بىلەن بىرگە يىقىلغان لەشكەرلەر ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە تاياق زەربىسىدىن قاش – قاپاقلىرى يېرىلىپ داد – پەرياد سېلىشقا باشلىدى. بىر قىسىم لەشكەرلەر يىقىلغان ئاتنىڭ ئاستىدا قېلىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلدى.

بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان ياقۇپبەگ ئاتلىق لەشكەرلىرىنىڭ چىرىيەلىكلەرگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، سەرۋازلارنى مىلتىقلارنى ئىشقا سېلىشقا بۇيرۇدى. بىراق، ياقۇپبەگنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى چىرىيەلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مىلتىقلار قولايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ بۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىدى.

www.uyghurkitap.com

چىرىيەلىكلەر ھەدەپ ياقۇپبەگنىڭ چېدىرىغا قىستاپ كەلدى. ئەھۋالنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەكمۇ خەتەرلىك تەرەپكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى سەزگەن ياقۇپبەگ ساراسىمە ئىچىدە توپچىلارنى جەڭ مەيدانىنى قارا - قويۇق توپقا تۇتۇشقا بۇيرۇدى. زەمبىرەكلەر ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلىپ جەڭ مەيدانىنى قويۇق چاڭ - توزان قاپلاپ كەتتى.

چىرىيەلىكلەر ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرىگە قارشى توپتوغرا بىر كېچە - كۈندۈز مۇرىنى - مۈرىگە تىرەپ جاسارەت بىلەن ئېلىشتى. ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلۈپ تۆگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ھېچبىر ئىككىلەنمىدى. ئەكسىچە، ئۆز يۇرتىنى قوغداش، قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئىرادىسى بارغانسېرى كۈچىيىپ، ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن جان تىكىپ كۆرەش قىلدى. ئەمما، ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى قورال - ياراغ جەھەتتە ناھايىتى خىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئارتۇقچە بەرداشلىق بېرەلمەي، جەڭ مەيدانلىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن قىرىلىپ تۈگىدى. ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئېغىر دەرىجىدە تالاپەتكە ئۇچرىدى. شۇ كۈنگە كەلگۈچە بولغان ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى جەڭ ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر بۇنداق ئىرادىلىك رەقىبنى كۆرۈپ باقمىغان ۋە بۇ قەدەر ئېغىر زىيان تارتمىغان ياقۇپبەگ دەرغەزەپكە كېلىپ بارلىق لەشكەرلىرىگە پۈتۈن سەپ بويىچە قەتلىئامغا ئۆتۈشكە ۋە خوتەننى تالان - تاراج قىلىشقا پەرمان بەردى. بۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، ئۇچرىغانلىكى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. قەدىمى يەتكەنلىكى ئۆيلەرنى بۇلاپ - تالاپ ئاندىن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ دەھشەتلىك قىرغىن ئۇدا بىر نەچچە كۈن داۋاملىشىپ ھەممىلا يەرنى قانغا مىلىنىپ ياتقان جەسەتلەر قاپلاپ كەتتى. ئۆي - ۋارانلار كۆيۈپ خارابىلىققا ئايلىنىپ، ئاسماننى ئىس - تۈتەك قاپلاپ، خوتەننىڭ ئىلگىرىكى گۈزەل مەنزىرىسىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىدى.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ئەمىنىيە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ياقۇپبەگ لەشكەرلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خوتەندە ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىق ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تارىخ كىتابلىرىدا بىر تۈمەن ئادەم ھالاكەتكە يەتكەن بولسا، بىر مۇردا قولىنى ئۈستۈن كۆتۈرىدۇ، ئىككى تۈمەن ئادەم ھالاكەتكە يەتكەن بولسا ئىككى ئۆلۈك قولىنى كۆتۈرىدۇ. ئەگەر ئۈن تۈمەن ئادەم ھالاك بولسا بىر ئۆلۈك ئۆرە تۇرىدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇ چاغدا خوتەندە بەش ئۆلۈك قولىنى كۆتۈرگەن ئىكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا ئەللىك مىڭ ئادەم ھالاك بولغانلىقى مەلۇم.

## خاتىمە

ئاردىن توپتوغرا ئون بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى تارىخى ھىجرىيىنىڭ 1294 (مىلادىيە 1877) - يىلى باھار پەسلىنىڭ بىر كۈنى ئۆزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇياشى، مەڭگۈ پېتىلمەيدىغان غالىپ سەركەردە ھېسابلاپ كەلگەن ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ، ئېغىر ئازاب ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى.

كۆپلىگەن كىشىلەر بىرەر بالايىئاپەتتىن ئامان قالسا ياكى كۆڭلى يورۇپ خۇشاللىققا چۆمسە، بۇنى تەقدىرنىڭ ئۆزلىرىگە ئوڭ كۆزى بىلەن نەزەر سالغانلىقىدىن، ئەگەر تەسادىپىي بىرەر كېلىشمەسلىك سەۋەبىدىن پېشكەللىككە ئۇچرىسا ياكى قەلب ئاسمىنىنى تۇمان بېسىپ ئازاب چەكسە، بۇنى تەقدىرنىڭ ئۆزلىرىگە سول كۆزى بىلەن قارىغانلىقىدىن، دەپ چۈشىنىدۇ. مەن بۇ يەردە «تەقدىر» دېگەن بۇ نەرسىنىڭ مەۋجۇد ياكى مەۋجۇد ئەمەسلىكى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمايمەن. بىراق، يۇقىرىقى ئاددىي قاراشقا ئاساسلانغاندا، ياقۇپبەگ خوتەننى بېسىۋالغاندا تەقدىر خوتەن خەلقىگە سول كۆزى بىلەن قارىغان بولسا، ئەمدىلىكتە تەقدىر ياقۇپبەگكىمۇ ئەنە شۇ سول كۆزى بىلەن قارىغان بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن قارىغاندا تەقدىرمۇ يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرۇشىغا ئەگىشىپ ئايلىنىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئوڭ ۋە سول كۆزلىرىنى ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرسا كېرەك.

# ئەلىشىر نەۋائى

## ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان

### تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

ئەلىشىر بەگ ياكى ئەمىر ئەلىشىر (1441 ــ 1501)، تەخەللۇسى نەۋائى (نەۋائى، نەۋايى). تېمۇرىيلار زامانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا تەرەققىي قىلغان (گۈللەنگەن) تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئەدەبىياتى (چاغاتاي ئەدەبىياتى) نىڭ ئەڭ ئاتاقلىق شەخسلىرىدىن. موڭغۇللاردىن ئىلگىرى، بولۇپمۇ قاراخانىيلار زامانىسىدا ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدا ۋە يەتتىسۇدا ھەم قىسمەن سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلاردا مۇسۇلمان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئارىسىدا ئۆزىنى كۆرسەتكەن ئەدەبىي پائالىيەت موڭغۇللار دەۋرىدە خارەزمدە، ماۋەرائۇننەھر ۋە شىمالىي خۇراساننىڭ ئاساسىي تەدبىرلەر ئارقىلىق تۈركىيلىشىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، دەسلەپتە قىپچاقچىنىڭ بەزى تەسىرى بىلەن سىر دەريا بويلىرى ۋە خارەزمدە، كېيىن تېمۇر دەۋرىدە قەشقەر ئەدەبىي دېئالېكتىغا يېقىن بىر شەكىلدە ماۋەرائۇننەھردە، بولۇپمۇ سەمەرقەندتە ۋە ئەڭ ئاخىرىدا تېمۇرىيلاردىن ئەبۇلقاسىم بابىر ۋە ھۈسەيىن بايقارا زامانىسىدا خۇراساندا، تېخىمۇ توغرىسى ھېراتتا گۈللەندى. بۇ ئەدەبىياتنىڭ ھېراتتىكى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ زور ئامىلى ئەلىشىر بولغانىدى. شۇ دەۋر ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئەدەبىياتى ئىران ئەدەبىي ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تارمىقى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان ئىدى. «چاغاتاي ئەدەبىي تىلى» سەمەرقەند دەۋرىدە ئاساسىنى تەشكىل قىلغان «قەشقەر تىلى» ئەنئەنىلىرىگە سادىق قالغان بولسىمۇ، خۇراساندىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئارىسىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان تۈركمەنلەرنىڭ دېئالېكتىدىنمۇ بىرمۇنچە يېڭى تەركىبلەرنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ياردىمىدە بۇ تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ ئەلىشىرنىڭ ئەسەرلىرىنى شىنجاڭدىكىگە ئوخشاش ئىراق ۋە ئاناتولى تەرەپلەردىمۇ ناھايىتى ئاسانلا چۈشەنگىلى بولىدىغان بولدى. 16 ــ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەردىكى چاغاتاي خانى شائىر سەئىدخان (1534 ــ يىلى ۋاپات بولغان) بىلەن ئىراقتا تۈركىي ــ ئەزەرى دېئالېكتى بىلەن يازغان غەربىي تۈركىي شائىرى فۇزۇلى (1552 ــ يىلى ۋاپات بولغان) مۇ ئەلىشىرنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىدا شېئىرلار، ھەتتا ئۇنىڭغا نەزىرەلەر يازغان ئىدى. بۇ ئېتىبار بىلەن ئەلىشىر پەقەت شەرق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، يەنى بارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر ئورۇن تۇتقان شەخس بولۇپ قالدى.

**ئەلىشىرنىڭ ياشلىق دەۋرى:** ئەلىشىر ھىجرىيە 844 ــ يىلى رامىزاننىڭ 17 ــ كۈنى (مىلادىيە 1441 ــ يىلى 2 ــ ئاينىڭ 9 ــ كۈنى) ھېراتتا تۇغۇلغان. ئەلىشىر ياشلىقىدا زاماندىشى بولغان ھەيدەر مىرزا دوغلاتنىڭ ناھايىتى ئېنىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇيغۇر قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئاتىسى كىچىككىنە باخشى دەپ نام ئالغان ئىدى①. ئەلىشىرنىڭ ئۆز ئىپادىسىگە قارىغاندا، ئەجدادى يەتتە

---

① مەجمۇئە بىلەن 14 ــ، 16 ــ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ۋە چۈشەنچە ھاياتىغا ئائىت مەن توپلىغان ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۈچ توملۇق مەجمۇئە قىلىپ تۈزۈلگەن ئىدى. بۇ ماقالىگە ماتېرىيال مەنبەسى بولغان باشقا مەتبۇئات ئەسەرلىرىدىن ئەلىشىرنىڭ «مەجالىسۇن ــ نەفائىس»، «نەسايىمۇل مۇھەببە» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ سۇلتان مۇھەممەد بىن ئەمىر ۋەلى ھەرەۋىنىڭ «لەتىفنامە» سى؛ ھەيدەر مىرزا دوغلاتنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرى؛ فەخرى بىن مۇھەممەد ئەل ھەرەۋىنىڭ «رەۋزەتۇس سەلاتىن» ناملىق ئەسىرى؛ ھەسەن ھاجى بۇخارىنىڭ «مۇزەككىرەل ــ ئەھباب» ناملىق ئەسىرى؛ زەينىددىن ئەل ۋاسىفىنىڭ «بەدايىئۇل ۋەقايىئ» ناملىق ئەسىرى ھەم ئۆزۈم توپلىغان مەجمۇئەلەردىن پايدىلىنىپ يېزىلدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەۋلادتىن بىرى بارلاس ئەمىرلىرى، تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ خىزمىتىدە بولغان ئىدى. باشقا ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەلىشىر مەنسۇپ بولغان ئائىلە، بولۇپمۇ ئۇمەر شەيخ مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بايقاراغا خىزمەت قىلغان ئىدى. ئەلىشىرنىڭ ئانا تەرەپ جەمەتىدىن بۇسەئىد چىسەك، بايقارا مىرزىنىڭ ئۇلۇغ بېگى (بەگلەر بېگى) بولغىنىغا ئوخشاش، ئاتىسى كىچىككىنە باخشى ياكى كىچىككىنە باھادىرمۇ دەسلەپتە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان ئىدى. ئەلىشىر ئاتىسىنى، جەمەتىنى ۋە ئانىسىنى سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئاتىسى ۋە جەمەتىنىڭ بايىرى قۇللىرى (قەدىمكى خىزمەتچى قۇللىرى) دەپ ئاتىغان ئىدى. 1447 ـ يىلى شاھرۇخنىڭ ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن كېلىپ چىققان قالايمىقانچىلىقلاردا كىچىككىنە باھادىر كىچىك ئوغلى ئەلىشىرنى ئېلىپ، يەزدىتىن ئىراققا كەتكەن ئىدى. بۇ قېتىملىق ساياھەتتە ئەلىشىر تېمۇرنىڭ تارىخچىسى شەرەفىددىن يەزدى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن دۇئا ئالغانلىقىنى، ياشلىقىغا ئائىت مۇھىم بىر خاتىرە سۈپىتىدە تىلغا ئالاتتى. 1449 ـ يىلدىن 1457 ـ يىلغىچە بايقارا مىرزىنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ھىراتنىڭ كەلگۈسى ھۆكۈمدارى ھۇسەيىن بايقارا بىلەن كىچىككىنە باھادىر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەلىشىر، شاھرۇخنىڭ شۇ دەۋردە خۇراساننى ئىدارە قىلىۋاتقان نەۋرىسى، يەنى بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ ئوغلى ئەبۇلقاسىم بابىرنىڭ قول ئاستىدا بولغان ئىدى. بۇ دەۋردە كىچىككىنە باھادىر بىر مەزگىل سەبزىۋار ۋىلايىتىنى ئىدارە قىلدى. يەنە شۇ ھۆكۈمدار تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، ئاستىرابادقا ئەۋەتىلدى. ئەبۇلقاسىم بابۇر ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىبراھىم مىرزا ھىرات ھۆكۈمدارى بولدى ۋە 1457 ـ يىلى بەلختە تۇرۇۋاتقان سەمەرقەند ھۆكۈمدارى ئەبۇ سەئىد مىرزىغا ئەۋەتىلگەن ھىرات ئۆلىماسىغا ھەمراھ بولغان ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئەمىر غىياسىددىن كىچىككىنەنىڭ ئىسمى ئاخىرقى قېتىم تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلىدۇ. ئەلىشىر شۇ تارىختىن كېيىن، تېمۇرىيلارنىڭ «قۇشچى» ئەمىرلىرىدىن سەيىد ھەسەن ئەردەشىرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن «دادا (ئاتا) مەنسىپى» دە بولغانلىقىنى سۆزلىگەن ئىدى؛ بۇنىڭدىن كىچىككىنە باھادىرنىڭ 1457 ـ يىلى ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ھەر ھالدا بۇ زاتنىڭ سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ بۈيۈك ئەمىرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. سام مىرزا ئۇنىڭدىن نەقىل ئېلىپ، باشقا ئەسەرلەردە (مەسىلەن: «قامۇسەل ـ ئەئلەم» دە) بەرگەن مەلۇماتلار ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. دەۋلەتشاھنىڭ ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا، كىچىككىنە باھادىر «تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر» دىن كېلىپ چىقىش بىلەن بىرگە ئىلىم ۋە پەزىلەتتىن مەھرۇم قالمىغان ھەم ئوغلىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن كېلىپ چىققان شەيخلەردىن باباكۆكى ئىسىملىك بىرسىگە تەۋە بولغانلىقى ھەم بوغۇم ۋەزنىدە شېئىر ئوقۇغانلىقى مەلۇم. ئەلىشىرنىڭ تاغىلىرى (ھىمايىچىلىرى) مىر سەئىد كابۇلى بىلەن مۇھەممەد ئەلى غەرىبىمۇ تۈركىيچە شېئىرلار يازغان ۋە مۇزىكا بىلەن شۇغۇللانغان ئەمىرلەردىن ئىدى. مىرسەئىدنىڭ ئوغلى مىر ھەيدەر سەبۇھىمۇ پارسچە ۋە تۈركىيچە شېئىرلار يازغان ئىدى. ئەلىشىر بىلەن بۇرادىرى دەرۋىش ئەلى بەگكە سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا كوكۇلداش (ئىملداش) ئىكەنلىكىنى سۇلتان ھۇسەيىن نەشر قىلغان پەرماندىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. باشقا تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئەلىشىر سۇلتان ھۇسەيىننىڭ ساۋاقدىشى ئىدى. سۇلتان ھۇسەيىن بىلەن ئەلىشىرنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە تەربىيە ئېلىش ئىشلىرىنى ئەبۇلقاسىم بابىر شەخسەن ئۆزى تۇتقان ئىدى. ھۇسەيىن بايقارا بىلەن ئەلىشىر ئەبۇلقاسىم بابۇر ھايات چېغىدىلا پارسچە ۋە تۈركىيچە شېئىرلار يازغان ئىدى؛ ئۆزىمۇ شائىر بولغان ھۆكۈمدار ئەلىشىرنىڭ شېئىرلىرىغا ئىنتايىن قىزىقاتتى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ «ئوغلۇم» دەپ ئاتايتتى.

ئەلىشىرنىڭ پارسچىغا قارىغاندا تۈركىيچە شېئىر يېزىشقا ئەھمىيەت بېرىشىدە، بىر جەھەتتىن ئائىلە ئەنئەنىسى ۋە ئەبۇلقاسىم بابىرنىڭ بۇ جەھەتكە ئەھمىيەت بېرىشى، يەنە بىر جەھەتتىن ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ھەسەن ئەردەشىر ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە «پىر» دېگەن لەقەمنى تەۋسىيە قىلغان بۈيۈك چاغاتاي شائىرى مەۋلانا لۇتفى تۈرتكە بولغان ئىدى. ھەسەن ئەردەشىر ئالىم بولغاچقا، زامانىسىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئۈيغۇن بولمىغان ھالدا شېئىرلىرىنى تۈركىيچىلا يازاتتى. ئەلىشىر ئالغان تەربىيىسى جەھەتتىن ئۆزىگە ئىنتايىن مىننەتدار بولغان بۇ ھەسەن ئەردەشىرگە 1489 ـ يىلى ۋاپات بولغان ھامان ئۆزى ساراي ۋە باغچىلارنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئېتىكىگە بىر گۈمبەز ياسانقان ئىدى. ماۋەرائۇننەھر ۋە

خۇراساندا سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەزگىللەردە (1457 ـ 1469) بايقارا مىرزىنىڭ نەۋرىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىدى. بۇلاردىن ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن ھۈسەيىن بايقارا ئاستىرابادتا مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلغاچقا (1459) سۇلتان ئەبۇ سەئىد تەرىپىدىن ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ھۈسەيىننىڭ شۇ ۋاقىتتا مەشھەدتە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ساۋاقدىشى ئەلىشىر ھىراتقا كېلىپ، ئەبۇ سەئىدنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن بولسىمۇ، ئەبۇ سەئىد ئۇنچىۋالا ئىلتىپات كۆرسىتىپ كېتەلمىدى. شۇڭا ئۇ ھىراتتىن ئايرىلىپ سەمەرقەندكە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەلىشىر ھەسەن ئەردەشىرگە يازغان بىر نەزمىي مەكتۇبتا: «مەن بىر شائىرمەن، ئۆزۈمنى نىزامى ۋە فىردەۋسىدىنمۇ كۈچلۈك ھېسابلايمەن. قەدىرلىك بىر شەخس بولۇپ تۇرۇقلۇق، مەن ھىراتتا ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن باشقا نەرسە كۆرمىدىم. ھىراتتا سەمەرقەندلىكلەرنىڭ (يەنى ئەبۇ سەئىدنىڭ) ھاكىمىيىتى سۈپەتسىز ۋە ئۇرۇشخۇمارلىقنىڭ ھاكىمىيىتى دېمەكتۇر؛ بۇلار قارا تاشتىن قىزىل ئالتۇن ئالماق ۋە قارا مانگىر (چىلىم ئېمىزگىسىگە قويۇلۇش ئۈچۈن كۆمۈر توزۇندىسىدىن مېتال پۇل چوڭلۇقىدا ياسالغان تېز كۆيىدىغان يېقىلغۇ) ئۈچۈن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كېپەنلىرىنى يېشىۋېلىش بىلەن مەشغۇلدۇر. مېنىڭ بۇ يەردە بۈگۈن ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىدىغانغا دوستۇم يوق، جان پىدالىق بىلەن ئىشلەشنى تەمىن ئەتكۈدەك مۇئاشىمۇ بېكىتىشمىدى، ھەتتا بىرەر ئۆيمۇ بېرىشمىدى. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ۋەتەننى (يۇرتنى) تاشلاپ كەتمەكتىن باشقا نېمە چارە؟ باشقا تەرەپتىن ئىلىم تەھسىل قىلىشقىمۇ ئېھتىياجلىقمەن» دەپ يازغانىدى. ئەبۇ سەئىد مىرزا تەرىپىدىن سەمەرقەند ۋىلايىتىنى ئىدارە قىلىشقا قويۇلغان قەشقەرلىك ئەھمەد ھاجىبەگ ئەلىشىرنىڭ كونا دوستى بولغاچقا، ئەلىشىردىن ھېچنېمىسىنى ئايىمىدى؛ ئەلىشىرمۇ ئۇ يەردە يەرلىك شائىرلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىدى ۋە فەزلۇللا ئەبۇل لەيسنىڭ خانىقاسىدا ئىككى يىل تۇرۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلدى.

**ئەلىشىرنىڭ سىياسىي ھاياتى:** 1469 ـ يىلى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئىراقتا يۈرۈش قىلغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، خۇراسانغا يۈرۈش قىلغان ھۈسەيىن بايقارا ھىراتقا تەھدىت سالغاچقا، ئەبۇ سەئىدنىڭ سەمەرقەندنى باشقۇرۇۋاتقان ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزا قورقۇنچقا چۈشتى ۋە ئامۇ دەرياسى كېچىپ خۇراسانغا يۈرۈش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. سۇلتان ئەھمەدنىڭ قول ئاستىدا (يېنىدا) قانداقلا بولمىسۇن ئەلىشىرمۇ بار ئىدى. شۇ ئەسنادا ئەبۇ سەئىدنىڭ ئاق قويلۇقلاردىن ئۇزۇن ھەسەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى كەلدى. ھۈسەيىن بايقارامۇ شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ھىراتنى ئىشغال قىلىپ، خۇراسان سۇلتانى بولدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا بۇ ۋەقە سەۋەبى بىلەن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ھۈسەيىن بايقارا سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن ساۋاقدىشى ئەلىشىرنى ھىراتقا ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى ۋە بۇ ئۆتۈنۈش قوبۇل قىلىنىپ، ئەلىشىر ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ھىراتقا ئەۋەتىلدى. ئەلىشىر 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگە توغرا كەلگەن شېكەر بايرىمىدىن بىر ئىككى كۈن ئىلگىرى، يەنى ھىرات سۇلتان ھۈسەيىن تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ يىگىرمە توققۇز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ شەھەرگە يېتىپ باردى ۋە بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن سۇلتاننى تەبرىكلەپ يازغان «ھىلالىيە» قەسىدىسىنى تەقدىم قىلدى. سۇلتان ھۈسەيىن ئۆزىنىڭ دوستى ھېسابلايدىغان ئەلىشىرنى قارشى ئېلىپ، شەرىپىگە ھىراتنىڭ سىرتىدىكى «باغى زاغان» سارىيىدا زىياپەت بەردى ۋە ئەلىشىرنى دەسلەپتىلا «مۆھۈردار» لىققا تەيىنلىدى. ئەلىشىرنىڭ يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان تاغىلىرى (ھىماتچىلىرى) دىن مىرسەئىد بىلەن مۇھەممەد ئەلى بەگلەر ئەبۇ سەئىد مىرزا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ھۈسەيىن بايقارا تەرەپدارى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ئەلىشىر 1470 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاق قويلۇق تۈركمەنلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھىراتنى ئىشغال قىلغان يادىكار مۇھەممەد مىرزا ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئىشىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى بىلەن دوستى ھۈسەيىن بايقاراغا بولغان پىداكارلىقىنى ئىسپاتلىغان ئىدى. سۇلتان مۇرغاپتىن ھىراتقا ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىنى بىر كۈندە بېسىپ «باغى زاغان» سارىيىنى كېچىلەپ مۇھاسىرىگە ئالغان ئىدى. قول ئاستىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئەلىشىر يالغۇز ئۆزى قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، سارايغا كىرىپ يادىكار مىرزىنى تۇتۇپ سۇلتان ھۈسەيىنگە تەسلىم قىلدۇردى ۋە شاھزادە دەرھال ئۆلتۈرۈلۈپ، سۇلتان ھۈسەيىن تەخت رەقىبىدىن قۇتۇلدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سەمىمىي ۋە پىداكارانە ھەرىكەتلەر سۇلتاننىڭ

www.uyghurkitap.com

شائىر بېگىگە قارىتا ئىشەنچىسىنى ئېچىمۇ ئاشۇردى. سۇلتان ئۈچۈن ئەلىشىر شۇ دەۋر (زامان) دۆلىتىنىڭ ۋە سۇلتانلىقىنىڭ تايانچىسى (رۇلنەس ـ سەلتەنە) ئىدى. 1472 ـ يىلى سۇلتان ئەلىشىرنى «دىۋان بېگى» لىككە تەيىنلىدى. سۇلتان مۇھەممەدىبن ئەمىرگە قارىغاندا ئۇ «ئەمرى دىۋانى مال» (دۆلەت پەرماندارى) لىققا تەيىنلەنگەن ئىدى. سۇلتان ھۈسەيىنىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن بولسا، ئەلىشىر «ئەمىرى دىۋانى بۇزۇرگى ئەمارەت»، يەنى «تۇۋاچى دىۋانىنىڭ بېگى» لىكىگە تەيىنلەندى. «تۇۋاچى دىۋانى» شۇ دەۋردىكى قوشۇننىڭ ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن تەشكىل تاپقانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان دىۋان ئىدى. بۇ «تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر دىۋانى» مۇ دېيىلەتتى. «دىۋانى مال» بولسا مالىيە ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن بولمىغان ئىرانلىق رەئىيە ئىشلىرىغا قارىغان بىر دىۋان بولۇپ، بۇ «سارت دىۋانى» مۇ دېيىلەتتى. بۇ دىۋانلارنى باشقۇرغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن بولغان بەگلەرگە «دىۋان بېگى» نامى بېرىلگەن ئىدى. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر دىۋانىنىڭ كاتىبلىرى «باخشى» ياكى «نۇۋىسەندەگانى تۈرك»، سارت دىۋانىنىڭ كاتىبلىرى بولسا «ۋازىر» ياكى «نۇۋىسەندەگانى تاجىك» دېيىلەتتى. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ۋە سارت دىۋانلىرىنىڭ ھەر ئىككىسىگە رىياسەتچىلىك قىلغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن بولغان بەگلەر «ئۇلۇغبەگ» دەپ ئاتىلاتتى. ئەلىشىر بولسا «ئۇلۇغبەگ» ئەمەس، باشقا بەزى بەگلەرگە ئوخشاش «دىۋانى ئالىي» (يەنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر دىۋانى) ئەزاسى ۋە «ئىچكى» (يەنى سۇلتانىنىڭ يېقىن ئادىمى ۋە دوستى) ئىدى. ئەلىشىرنى سۇلتان ھۈسەيىنىنىڭ ۋەزىرى دېيىش خاتا ئىدى؛ چۈنكى، «ۋەزىر» تەبىرى شۇ زاماندا پەقەت تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن بولغان بەگلەرگە تەۋە بولغان ئەجەم كاتىبلار ئۈچۈن قوللىنىلاتتى. ئەلىشىر 1487 ـ، 1488 ـ يىللىرىدا ئون بەش ئاي ئاستىراباد ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان ئىدى. باشقا بارلىق ۋاقتىنى بولسا ھېراتتا ئۆتكۈزدى. سەپەرلەردە سۇلتانىنىڭ قول ئاستىدا بولدى ياكى بەزى سەپەرلەر بولغاندا ھېراتتا قېلىپ، سۇلتانىنىڭ ھەدىسىنىڭ يولدىشى مىران شاھنىڭ نەۋرىسى ۋە دەسلەپكى چاغاتاي شائىرلىرىدىن سەيىد ئەھمەد مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن بىرگە سۇلتانغا ۋاكالىتەن خىزمەت ئىشلەيتتى. دوستى ھەسەن ئەردەشىرمۇ ئەلىشىر بىلەن بىرگە شۇ يىلى «دىۋانى ئالىي بېگى» لىككە تەيىنلەندى. 1484 ـ يىلى بۇرادىرى دەرۋىش ئەلىمۇ دىۋان بېگى بولدى.

ئەلىشىر دەسلەپ ئىگىلىگەن (تۇتقان) مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ساۋاقدىشى شائىر شەيخىم ئەھمەد سۇھەيلىگە بېرىلدى. ئەلىشىر ھوقۇق جەھەتتە ھوقۇقداردىن قالسىلا ئەڭ بۈيۈك نوپۇز ئىگىسى ئىدى. ئۇ رەسمىي ۋەزىپىلىرىدىن ئىستېپا بېرىپ پەقەت «ئىچكى» بولماقچى بولدى. بۇنداق قىلىشىنىڭ بىرقانچە تۈرلۈك سەۋەبى بار ئىدى. بۇرۇندىنلا ئىنتايىن باي بولغانلىقى ئۈچۈن رەسمىي ۋەزىپىلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ماددىي جەھەتتىن پايدىلىنىش ئېھتىياجى يوق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ «تۆرە» سى بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئەلىشىر مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇر قەبىلىسى بەگلىرى مۇراسىملاردا ۋە مەجلىسلەردە بارلاس، ئارلات، تارخان، قىيات ۋە قوڭرات بەگلىرىدىن كېيىن تۇرىدىغان ھالەتتە ئىدى. ئەلىشىرمۇ دۆلەتتە ھۆكۈمداردىن قالسىلا ئىككىنچى چوڭ شەخس بولۇپ تۇرۇقلۇق دىۋان ئولتۇرۇشلىرىدا، مۇراسىملاردا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەبىلە بەگلىرىدىن كېيىن ئولتۇرۇشقا، پەرمانلاردا ئۆز مۆھۈرىنى باشقىلارنىڭ ئاستىغا بېسىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۆزى مەغرۇر زات بولغاچقا، بۇنىڭغا چىداشلىق بېرەلمەيتتى. بەزى قەبىلە بەگلىرىنى باشقا قەبىلە بەگلىرىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇش ھۆكۈمدارنىڭ قولىدىكى (ئىختىيارىدىكى) ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇ چاغاتاي ئۇلۇسى تۈركىي، موڭغۇل قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئەنئەنىۋى مەۋقەسىنى (ئورنىنى) ئۆزگەرتىۋېتىش دېگەنلىك ئىدى. ھۆكۈمدارنىڭ يېنىدا باشقا قەبىلە بەگلىرىدىن خېلى يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلەشتىكى مەقسەت يەككە ـ يېگانە ھالدا چارە ـ تەدبىر كۆرۈش، رەسمىي دۆلەت خىزمىتىدىكى يۇقىرى ئەمەلدارلىقتىن راھەت ـ پاراغەت كۆرۈش، سۇلتانىنىڭ يېقىن دوستى بولۇش ئىدى. ئاقىۋەت ئەلىشىر 1490 ـ يىلى دىۋان بەگلىكىنى ئۆز ئادەملىرىدىن بابا ئەلى ئىشىك ئاغا ئىسىملىك بىر بەگ تەرەپدارىغا ئۆتۈنۈپ بەردى. بۇنىمۇ ئۇ «مۆھۈر سۇندۇرۇش» دەپ ئاتىغان ئىدى. بۇ ھادىسىنى ئەلىشىر شېئىرلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق يازغان ئىدى:

چۈن ماڭا لۇتف ئەتتى شەھ دىۋاندا مۇھر،
بۇ ئىدى ئەلدىن قوبى مۇھر ئۇرماغىم.
كىم غۇرۇرى نەفسى سەركەش مەنئىغە،
بارچەدىن بولغاي قوبى ئۇلتۇرماغىم.
چۈن شىكەستى نەفسى ھاسىل بولمادى،
مۇندىن ئۇلدى مۇھرۇمى سىندۇرماغىم.

بابىر مىرزا ئەلشىرنىڭ بۇ ئىستېپادىن كېيىنكى ئەھۋالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، «ئەلشىر بەگ مىرزىنىڭ (يەنى سۇلتان ھۇسەيىننىڭ) بېگى ئەمەس، يېقىن دوستى ئىدى» دېگەن ئىدى. دىۋان بەگلىكىدىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن، ئەلشىرنىڭ دۆلەت ئىشلىرىدىكى نوپۇزى ۋە ئەمىرلەر ئارىسىدىكى ئېتىبارى بۇرۇنقىدىنمۇ زور بولدى. ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە دۆلەت ئىشلىرىدىن ھېچقاچان ئايرىلالمىدى. مەملىكەت ئىچىدىكى بەزى ئەمىرلەرنىڭ شۇ ئەسنادا بەلخ ۋالىيسى بولغان قېرىندىشى دەرۋىش ئەلىنىڭ ئىسيانلىرىنى ۋە خاندان ئىچىدىكى نىزالارنى بېسىقتۇرۇشتا ئەڭ مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. سۇلتاننىڭ دۆلەت ئىشلىرىدا ئەلشىرنىڭ ياردىمىگە بولغان ئېھتىياجى شۇ قەدەر زوركى، 1499 ـ يىلى ئەلشىرنىڭ ھەجگە بېرىشىغا كەسكىن ئىجازەت بەرگەن بولسىمۇ، سۇلتان ئۆزۈن ئۆتمەيلا بىر پەرمان چىقىرىپ «تېخى ۋاقتى ئەمەس» دەپ ئۆزى بەرگەن ئىجازەتتىن «ھازىرچە پايدىلانماي تۇرۇشنى» ئەلشىردىن ئىلتىماس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلشىرمۇ ھەجگە بارمىدى. ئەلشىر ئوتتۇز ئىككى يىل سۇلتان ھۇسەيىننىڭ يېنىدا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە زور خىزمەتلەرنى ئىشلىگەندىن كېيىن، 1500 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاستراباد سەپىرىدىن قايتقان سۇلتاننى قارشى ئېلىشقا كېتىۋاتقاندا يۈرەك ئاغرىقى قوزغىلىپ قالدى. ھۆكۈمدار ئۇنى ئۆز تەختىراۋانىدا ھېراتقا ئېلىپ بارغۇزدى. ئەلشىر ھەر ۋاقىت ئۆزى كېلىپ ھال ـ ئەھۋال سوراپ تۇرغان ساۋاقدىشى سۇلتاننىڭ كۆز ئالدىدا 1500 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1501 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئاتمىش يېشىدا ئۆز داچىسىدا ۋاپات بولدى ۋە داچىسى ئەتراپىغا بىنا قىلدۇرغان قۇددۇسىيە جامەسى يېنىغا بۇرۇنلا ياسىتىپ قويغان گۈمبەزگە دەپنە قىلىندى. دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ئەلشىرنىڭ داچىسىدا ئۈچ كۈن تۇرغان سۇلتان شەخسەن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلغان ماتەم مۇراسىمى بىلەن يەتتە كۈندىن كېيىن، شەھەرنىڭ شىمالىدىكى «ھەۋزى ماھىيان» دا يەنە ھۆكۈمدارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئۇسۇلى بويىچە بېرىلگەن «ئاش» (يەنى «نەزىر» ) ھېرات تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ۋەقە (ئىش) بولدى. بۇ مۇراسىمدا شاھزادىلەر ۋە مەملىكەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئەمىرلىرى خاندەمىرنىڭ تەبىرى بىلەن «رېئال ‹تەبىئىي› جارچىلارغا ئوخشاش» ئاياغ تەرىپىدە تۇرۇپ خىزمەت قىلىشتى ۋە بۇ بۈيۈك ئىنسانغا چوڭقۇر ھۆرمەتلىرىنى كۆرسىتىشكەن ئىدى.

ئەلشىر تېمۇرىيلار دەۋرى ئەمىرلىرى ئىچىدىكى ھاياتى ئەتراپلىق مۇقىملاشتۇرۇلغان يېگانە شەخس ئىدى. ھاياتىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلغانلاردىن خاندەمىر ئەلشىر ھەققىدە «مەكارىمۇل ـ ئەخلاق» نامى بىلەن بىر ئەسەر يازغان ئىدى (يېگانە نۇسخىسى برىتىش مۇزېيى 7669 ad. nr دا ساقلىنىۋاتىدۇ، 1941 ـ يىلى تاشكەنتتە مەتبەئەدە بېسىلدى) . زەيىنىددىن مۇھەممەد ۋاسىفىمۇ ئەلشىرگە ۋە ھېراتنىڭ ئەلشىر زامانىسىدىكى ھاياتىغا دائىر باي خاتىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئەسەر يازدى (بەدايىئۇل ۋەقايىــئ نۇسخىسى لېنىنگراد، ئاسىيا مۇزېيى nr. ۋالىدوۋ، 568=20 ؛ خۇلاسىسى، 11. Mcm ) . ئەلشىر ھاسىغا چۆشۈپ قالغان ۋاقىتتا تېمۇرىيلاردىن چۇچۇك مىرزىنىڭ ئۆزىگە گۈل تەقدىم قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ۋە توپقاپى سارىيىدا ساقلانغان نۇسخىسىدىن ئېلىنىپ، تۈرك تارىخ جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان رەسىمدە ئەلى ئىسمىلىك بىرەيلەننىڭ ئىمزاسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇ رەسىمنىڭ ئەلشىرنىڭ خۇسۇسىي رەسساملىرىدىن مەھمۇد مۇزەھھىب تەرىپىدىن ئىشلەنگەن، بىر ئاز ئۆزگەرگەن كوپىيىسى شائىرنىڭ ياشانغان ۋاقتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەلشىرنىڭ مۇشۇنداق ھاسىغا تايىنىپ تۇرغان ھالەتتىكى بۇ رەسىمنى تۇنجى بولۇپ بېھزاد تەرىپىدىن سىزىلغان، زەينۇددىن ۋاسىفىنىڭ ئەسىرىدە چۈشەندۈرۈلۈشى بېرىلگەن ئىدى. ھەر ھالدا توپقاپى سارىيىدىكى رەسىمنىڭ بېھزاد تەرىپىدىن سىزىلغان (ئىشلەنگەن) ئەسەرنىڭ باشقا بىر نۇسخىسى ئىكەنلىكى، يەنى توغرىلىقى ئىشەنچلىك ئىدى. خاندەمىرنىڭ ئەسىرىدە كۆرسىتىلگىنىگە ئوخشاش، ھەيدەر مىرزا ۋە سۇلتان مۇھەممەد بىن ئەمىرىمۇ ئەلشىرنىڭ ھاياتىنى بىر گۈزەل ئەخلاق نەمۇنىسى قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى. مىرخاند ئەلشىرنىڭ

www.uyghurkitap.com

خاراكتېرىنى ئىخچام بىر رەۋىشتە شۇنداق دەپ بېكىتىدۇ: «ساپ ئەخلاقلىق، سەممىمي بىر ئىنسان، تەدبىرلىك ۋە ھەيۋەتلىك دۆلەت ئادىمى»، «ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى، ئۆمرىنى ۋە ئەمگىكىنى پەقەت بۈيۈك ھەم گۈزەل ئىشلارغا بېغىشلىماق، ناچار ۋە كىچىك ئىشلاردىن ساقلىنىشتۇر». ئەلىشىر زور بايلىققا ئىگە بولۇپ، رەسمىي دۆلەت مەمۇرى بولغان ۋاقىتتا دۆلەتتىن مۇئاش ئالمىغان، ئۇنىڭ ئەكسىچە دۆلەتكە زور مەبلەغ بېرىپ، ياردەمدە بولغان ئىدى. ئەلىشىر ئەبۇ سەئىد مىرزا زامانىسىدا ئۆزىگە مۇئاش بېرىلمىگەنلىكتىن شىكايەت قىلغان ۋە سەمەرقەندتە يوقسۇزلۇق ئىچىدە قالغانلىقى ھەققىدە توختالغان بولسىمۇ، بۇ شۈبھىسىزكى پەقەتلا مال - مۈلۈككە ھېچقانداق ئېھتىياجى بولمىغان بىر باينىڭ شىكايىتىدىن ئىبارەت. ھېراتقا بارغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە خۇددى بىز كۆرۈپ ئۆتكەندەك ئۇ ئىگە بولغان بايلىقلار بارتولد دەپ ئۆتكىنىدەك، ئەلىشىر ئەمەلدار بولغان ۋاقىتلاردا توپلانغان بولماستىن، ئۇنىڭغا ئەجدادىدىن مىراس قالغان بايلىقلار ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. 1476 - يىلى، يەنى ھېراتقا قايتىپ يەتتە يىلدىن كېيىن، ئەلىشىر ھېراتنىڭ شىمالىدا ئىنجىل قانىلى بىلەن گازىرگاھ تېغى ئارىلىقىدا ئۆزىگە سۇلتان تەرىپىدىن بېرىلگەن كەڭ زېمىننى گۈللەندۈرۈپ ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتالغان بىر مەھەللە بىنا قىلدى ۋە ساراي يېنىغا زور جامە (قۇددسىيە)، «ئىخلاسىيە» ناملىق بىر مەدرىسە، «خەلاسىيە» ناملىق بىر خان (خانىقاھ)، بىر دوختۇرخانا ۋە بىر دارۇلھۇففاز بىنا قىلدۇرۇپ، ئەتراپىغا باغچىلار ياساتتى ھەم بۇ خەير - ساخاۋەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بەش مىليون كېپەك دىنارى قىممىتىدە مال - مۈلۈك ۋەخپە قىلدى. ئەلىشىر مەيلى ھېراتتا بولسۇن، مەيلى خۇراساننىڭ باشقا رايونلىرىدا بولسۇن، ئۇ ياساتقان مەدرىسە، خانىقاھ، مېھمانساراي، كۆۋرۈك ۋە گۈمبەزلەرنىڭ سانى 370 كە يېتىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئەلىشىر خۇراسان تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر خەير - ساخاۋەتچى دەپ خاراكتېرلىنىدۇ. بۇلارنىڭ بىر مۇنچىسىنى دەۋلەتشاھ ۋە خاندەمىر تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدى. بۇلاردىن پەقەت مەشھەدنىڭ شەرق تەرىپىدىكى «رابات سېڭى بېست» نىڭ، نىشاپۇردا «فەرىدىددىن ئەتتار گۈمبىزى» نىڭ، ھېراتتا «جامئى كەبىر» نىڭ ئەلىشىر تەرىپىدىن يېڭىۋاشتىن سېلىنغان قىسمى بىلەن «مازارى ئەبۇل ۋەلىد» نىڭ رەسىملىرى ئۇ. نېدېرمەيىر تەرىپىدىن ئەلىشىرنىڭ ئەسەرلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولماي تۇرۇپ، نەشر قىلىنغان ئىدى. ئەلىشىرنىڭ ھېراتتىكى ئەڭ مۇھىم ئەسىرى «مەھەللەئى ئەلىشىر» ھازىر پۈتۈنلەي خاراب بولۇپ، ئورنىدا باغچا ۋە بوستانلىقلار بىنا قىلىنغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر «كۈچەئى ئەلىشىر» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. قەدىمكى قۇددسىيە جامەسى خارابىسى يېنىدا بولغان مازارمۇ (مازارى شاھى غەرىبان ئەلىشىر) بىر زىيارەتگاھ بولغان ئىدى.

**ئەلىشىر شائىر ۋە مۇتەپەككۇر:** ئۇ شائىر ۋە ئەدىب بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن كېلىپ چىققان مۇنەۋۋەرلەرنى ھەيران قالدۇرغان ئىران ئەدەبىياتىنى قوبۇل قىلىپ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر روھىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر ئۇسلۇبقا كەلتۈرۈپ، تۈركىي تىلنى يۈكسەك سەنئەت تىلى دەرىجىسىگە كەلتۈرۈش ۋە مۇنەۋۋەر تۈركۈن (خەلق ناخشىسىنىڭ) روھىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تۈركىي تىلدا يۈكسەك سەنئەت ئەسەرلىرى يارىتىش غايىسىدا بولغان ئىدى. ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئىران شائىرلىرىدىن نىزامى ۋە خۇسرەۋ دېھلەۋى ئۇسلۇبىدا بەش نەزمىي ئەسەردىن تۈزۈلگەن ۋە 1484 - يىلى تاماملىغان ئاتمىش تۆت مىڭ مىسرالىق «خەمسە» سى ئىدى. بۇ «خەمسە» نىڭ تۇنجى پارچىسى بولغان «ھەيرەتۇل - ئەبرار» ئەخلاق ۋە تەسەۋۋۇپقا ئائىت سۆھبەت ھەم ھېكايىلەر، باشقىلىرى بولسا «فەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، ئىسكەندەر ۋە بەھرام گۇرغا دائىر نەزمىي رومانلار ئىدى. باشقا بۈيۈك ئەسىرى «خەزائىنۇل - مەئانى» نامى بېرىلگەن ئەللىكبەش مىڭ مىسرادىن تۈزۈلگەن تۈركىيچە دىۋانى بولۇپ، ھاياتىنىڭ تۆت دەۋرىدە يېزىلغان شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى سەۋەبلىك «غەرايىبۇس - سىغەر، نەۋادىرۇش - شەباب، بەدايىئۇل - ۋەسەت، فەۋائىدۇل - كىبەر» دىن ئىبارەت تۆت خىل مۇرەككەپ نام بېرىلگەن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا تەخمىنەن ئون ئىككى مىڭ مىسرا كېلىدىغان پارسچە دىۋانىمۇ بار ئىدى. فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» ناملىق ئەسىرىگە نەزىرە قىلىپ، يەتتە مىڭ مىسرالىق ئەسەر «لىسانۇتتەير» نى يازغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا تەزكىرىگە ئائىت كىتاب «مەجالىسۇن - نەفائىس» بىلەن

جامىنىڭ «نەفەھاتۇل ـ ئۇنس» ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلغان ھەم تولۇقلىغان، سوپىلار ۋە مۇتەسەۋۋۇپ (سوپىزمنى بېيىتىشقا تىرىشقۇچى)لارنىڭ ھاياتىغا ئائىت «نەسائىمۇل مۇھەببە مىن شەمائىمۇل فۇتۇۋۋە» ناملىق ئەسەرلىرى بار. كېيىن دوستلىرىدىن جامى، ھەسەن ئەردەشىر ۋە پالۋان مۇھەممەدكە ئائىت خاتىرىلىرى (خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن، ھالاتى ھەسەن ئەردەشىر، ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد كۈشتىگىر) بىلەن مەكتۇبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەتلەر، مۇئەمما (تېپىشماقلار) ۋە ئارۇزغا دائىر رىسالىلەر، ھېراتتا ئۆز مەھەللىسىدە ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىلمىي مۇئەسسەسەلىرىگە ئائىت، تەكەللۇپلۇق بىر تىل بىلەن يېزىلغان ۋەخپىيەسى مۇھىم ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يازغان ئەسەرلەردىن «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» (1498 ـ يىلى) ۋە «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب» (1500 ـ يىلى)لارنىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور بولغان ئىدى. بۇ ئەسەرلەردىن «خەمسە» 1880 ـ يىلى خىۋەدە، 1904 ـ يىلى تاشكەنتتە، تۆت دىۋاندىن «غەرايىبۇس ـ سىغەر» 1881 ـ يىلى خىۋەدە بېسىلغان ئىدى. بولۇپمۇ «غەرايىبۇس ـ سىغەر»دىن ئېلىنغان پارچىلار (مۇنتەخەبات) تاشكەنت، بۇخارا، تەبرىز ۋە ئىستانبۇلدا تەكرار ـ تەكرار نەشر قىلىنغان ئىدى. باشقا ئەسەرلىرىدىن بەيزاۋىنىڭ ئەسىرىنى تولۇقلاپ يازغان قەدىمكى ئىران تارىخى «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم» كۋاترمەرە تەرىپىدىن ۋە بۇنىڭ قەدىمكى تۈركىيچە تەرجىمىسى «تارىخى فەنائى» دېگەن نام بىلەن 1782 ـ يىلى ۋېنادا بېسىلدى. خەت ـ چەكلىرى بىلەن ۋەخپىيىسى 1926 ـ يىلى باكۇدا، «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» نىمۇ «باغى ئىرەم» ناملىق تەزكىرىنىڭ كەنارى (پەۋاز، چېتى ياكى ھاشىيەسى)گە بېسىلدى. شائىرنىڭ مىللىي تىل ۋە ئەدەبىيات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلىگەن ئەسىرى بولۇش ئېتىبارى بىلەن كۆپ ئوقۇلغان «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» ناملىق رىسالىسى پارىژ (1841)، ئىستانبۇل (1899)، قوقەند (1918) ۋە تۈركمەنچىسى ئاشخاباتتا (1925) بېسىلدى. «مەھبۇبۇل قۇلۇب»مۇ ئىستانبۇل (1889)، بۇخارا (1907) ۋە تاشكەنتتە نەشر قىلىندى. دىۋاندىن «نەۋادىرۇش ـ شەباب»، «بەدايىئۇل ۋەسەت»، «فەۋائىدۇل ـ كىبەر» ۋە بۇلارغا قوشۇمچە قىلىنغان قىتئەلەر، ساقىينامىلەر، تەرجىئبەند، قەسىدە ۋە رۇبائىيلار بىلەن تۈركىي تەسەۋۋۇپ ھەم پىكىر تارىخى جەھەتتىن مۇھىم ۋە تىلىمۇ ئاددىي بولغان «نەسايىمۇل مۇھەببە»سى ھازىرغىچە تەتقىق قىلىنمىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ ھېچبىرى تەنقىدىي تەتقىق قىلىنغان ئاساستا نەشر قىلىنمىدى. خاتالىقلارمۇ ئاز ئەمەس. ئاشۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرەرسىمۇ تېخىچە ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنمىدى. ئەلىشىر ئەسەرلىرىدە ھەيران قالغان ئىران كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك پىكىرلىرىنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تىلىدا قايتىدىن ياراتقاندا، بۇلارنى ئىران ئەدەبىياتىدىكى ئىپادىلەش ئۇسلۇبى، ئوخشىتىش ۋە كىنايىلەر بىلەن ئاڭلاتقان ھەم شۇ زامان ئەسەرلىرىگە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ھاياتىغا ئائىت سەھىپىلەر ئاجراتقان. تېمۇرىيلار دەۋرىدىكى تۈركىي ۋە موغۇللارنىڭ چېدىر، ئۆي، شەھەر، ئېسىلزادىلەر ھەم ساراي ھاياتىدىن ئېلىنغان مىسال، ئاتالغۇ ۋە تەبىرلەردىنمۇ ناھايىتى كەڭ مىقياستا پايدىلانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىران كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بارلىق ئىنچىكە تەرەپلىرىدىن ھەقىقىي خەۋەردار بولۇش، شۇ دەۋردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تىلىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىنى، ئېتنوگرافىيىسىنى ھەم تارىخىنىمۇ ناھايىتى ياخشى بىلىش زۆرۈر. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان شەرقشۇناسلار تېخىچە مەيدانغا كەلمىدى. ھازىرچە ئەلىشىرنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقات بولۇش بىلەن بىرگە، پەقەت ئىرانشۇناس بېرتېلىسنىڭ «لىسانۇتتەير»نى ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير»ى بىلەن سېلىشتۇرغان بىر ماقالىسىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئاتاق ئېتىبارى بىلەن ئىران كلاسسىك ئەسەرلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى ھەم شەخسەن ئەلىشىرنىڭمۇ ئەسەرلىرىنى كەمتەرلىك يۈزىسىدىن بۇ ئىران كلاسسىكلىرىدىن ئىلھاملانغان «ئەھمىيەتسىز جاۋابلار» دەپ ئاتىشىغا قارايدىغان بولساق، بۇلارنىڭ ھېچقانداق ئورگىناللىق باھا بېرىلمىگەن تەقلىدلەردىن ئىبارەت بولغان، يۈرگۈزۈلگەن مۇتالىئە (بىر نەرسە ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش)لەرنىڭ تامامەن ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە، ئەلىشىرنىڭ پەقەت بىرلا ئەسىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىلا كۇپايە قىلىدۇ. ئەلىشىرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئورگىناللىقى بولۇپمۇ

www.uyghurkitap.com



«خەمسە» سى ۋە دىۋانى بىلەن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەسلىدە جامى بىلەن ئەلىشىر «خەمسە» سىنىڭ نىزامى ۋە خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ «خەمسە» لىرىگە نىسبەتەن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ بىزمۇ ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى تامامەن ھەقلىق دەپ ھېسابلايمىز. ئەلىشىر بۇ بۈيۈك ئەسەرنىڭ تەركىبىدە مىللىي غايىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر پىلاننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ھەم ئاخىرىغىچە بۇ پىلانغا سادىق بولغان ئىدى. نىزامى، خۇسرەۋ دېھلىۋى ۋە جامىلار ماڭغان يولغا خىلاپ ھالدا ئەلىشىر «خەمسە» گە كىرگەن رومانلىرىدا ۋەقەلىكلەرنىڭ جەريانىغا نىسبەتەن ئەتراپلىق ئەھمىيەت بەرمىگەن ئىدى. بەزىدە مەلۇم رىۋايەتلەرنى قىسقارتقان، يەنە بەزىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن «فەرھاد ۋە شېرىن» ، «لەيلى ۋە مەجنۇن» ، ئىسكەندەر ۋە بەھرام گۇر تېمىلىرىنىڭ ئۇنىڭ نەزەرىدىكى ئەھمىيىتى گۈزەل سەنئەتكە ۋە ئەسەر يېزىشقا بولغان مەپتۇنلۇقىنى كۆرسىتىش، نەپىس ۋە ئىلاھى (مۇناجات؟) تۇيغۇلىرىنى بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلەش، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن كېلىپ چىــققان سۇلتان، بەگ ۋە زىيالىيلىرىغا بۇ ئۇلۇغ پىكىرلەرنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تىلىدا، تۈركىي تــىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر روھىغا ئۇيغۇن بىر شەكىلدە ئاشلاماق (بىر يۈرۈش ئىدىيە ۋە تۇيغۇلارنى باشقىلارغا قوبۇل قىلدۇرماق) ، ئۇلارغا ئىدېئال دۆلەت باشقۇرۇش ھەققىدە ئۆز چۈشەنچىلىرىنى بەدىئىي بىر شەكىلدە ئۆگىتىش ئۈچۈن بىر پائالىيەت سورۇنى ھازىرلاشتىن ئىبارەت. ئۇ فەرھادنى بىر سەنئەتكار، قۇرۇلۇش مۇتەخەسسىسى ۋە رەسسام، بىر قەھرىمان ئەسكەر، ئەينى دەۋردە مۇكەممەل بىر ئىنسان بولغان چىن شاھزادىسى، چىن ھۆكۈمدارى بولغان بىر موغۇل خاقانىنىڭ ئوغلى سۈپىتى بىلەن خاراكتېرلەندۈرگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ چىن سەنئەتكە قارىتا بولغان مۇھەببىتىنى، قەھرىمانلىق بىلەن سەنئەتكارلىقنىڭ، ئاشىق ۋە شەيدالىقنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ پىكرىچە ئىدېئال بىر ئىنسان بولغان بۇ چىن شاھزادىسىنىڭ مەزلۇملار ۋە مەسۇملارنى قوغداش ئۈچۈن، قانداق جانپىدالىق كۆرسەتكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ. ئەلىشىر ئۆزى ياراتقان «فەرھاد» تىپىنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىدۇكى، ئۆلگەندىن كېيىن قەبرە تېشىنىڭ فەرھادقا ئوخشاش بىر سەنئەتكار تەرىپىدىن يونۇلۇشىنى ئارزۇ قىلــىدۇ. چــىن شاھزادىسىنىڭ جەسىتىنىڭ ئىران ۋە ئەرمەنىستان تاغلىرىدا قېلىشىنى خالىمىغان شائىر بۇ دىيارغا باشقا بىر چىن قەھرىمانى بولغان بەھرام دىلاۋەرنىڭ كېلىپ، زۇلۇمنى يەڭگىللەتكەنلىكى، ئادىل ھوقۇق يۈرگۈزگەنلىكى ۋە فەرھادنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ چىنغا كەلگەنلىكىگە دائىر مەزمۇننى ئويدۇرۇپ چىققان ئىدى. ئەلىشىر «بەھرام گۇر» قىسسىسىدە بۇ ئىران ھۆكۈمدارىنىڭ چىن چېگرىسىدا (يەنە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا خوتەن شەھرىدە) ياشىغان بىر باي سودىگەر خوجىنىڭ قىزى دىلئارامنىڭ گۈزەللىكىگە دائىر مەلۇماتى چىندىن بۇ قىزنىڭ رەسىمىنى ئېلىپ كەلگەن مانى نەققاشتىن ئاڭلىغان ۋە ئۆزىنىڭ بۇ نەققاشنىڭ ياردىمى بىلەن چىنغا بېرىپ، قىزنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ۋەقەلىكنى پۈتۈنلەي بىر مىللىي تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ھېكايىسى شەكلىدە تەسۋىرلەپ، «بەھرام گۇر» نىمۇ سۇلتان ھۈسەيىنگە ئوخشىتىپراق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن كېلىپ چىققان ھۆكۈمدارغا ئوخشاش تەسۋىرلىگەن، ھەتتا ئۇنىڭغا ئۆزىگە ئائىت ھېكايىنى تۈركىيچە نەزمىي ئۇسلۇبتا يازغانلىقى ئۈچۈن، چۈشىدە ھەيرانلىق ۋە ھەمدۇ سانا سۆزلىرىنى سۆزلەتكۈزگەن ئىدى. ئەلىشىر دىلئارامنــى چــىن مەلىكىسىنىڭ ئۇستازى سۈپىتى بىلەن ئۇلۇغلىغان ۋە خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ تەسۋىرلىرىدىن پەرقلىق قىلىپ دىلئارامنى بەھرام گۇر تەرىپىدىن بىر ئوۋ سەيلىسىدە ئۆلتۈرگۈزۈپ، بەھــرامنــى بــۇ ســەۋەبــتىن پۈتمەس ـ تۈگىمەس غەم ـ قايغۇغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ ھەم بەھرامنىڭ يەتتە ئىقلىم گۈزەللىرىدىن تەسەللى تېپىش ئېھتىياجىنىمۇ دىلئارامنى سەرخۇشلۇقتا ئۆلتۈرگەندىن كېيىن دۇچار بولغان ئازابلار بىلەن ئىزاھلىغان بولۇپ، بۇ ئىجادىيەت نىزامى ۋە خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ تەسۋىرلىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئىسكەندەر ماۋزۇسى ئەلىشىرگە ئىدېئال دۆلەت ھەققىدە ئالدى بىلەن ئاسىيا ئارىستوتىلچىلىرىدىن ۋە «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىلھاملانغان چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىنــى بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭچە دارا ئىسكەندەرگە تاقابىل تۇرۇۋاتقاندا قوشۇنىنىڭ ئوڭ قانىتى شەرقتە سەمەرقەندتىن چىنغا قەدەر يېيىلغان بولۇپ، يېنىدا يۈزمىڭ ئۆزبېك ۋە موڭغۇل بىلەن بىر يۈز ئەللىك مىڭ قالماق بار بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمدارى ئىدى. ئەلىشىر كۆپىنچە شەرقتىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر بىلەن بىرلەشتۈرگەن چىن خاقانىنىڭ

ئىسكەندەرگە بەرگەن زىبايەتلىرى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ھۆكۈمدارىنىڭ ئەجنەبىي ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن كۆرسەتكەن ئەڭ پارلاق مېھماندوستلۇقى قىلىپ كۆرستىلگەن ئىدى. كۆڭۈل ئېچىشلىرى، ئوۋ ۋە قوشۇن تەشكىلاتى ئېتىبارى بىلەن توغرىدىن ـ توغرا ئىسكەندەرنىمۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ھۆكۈمدارى ۋە ئۇنىڭ شەخسىيىتىدە سۇلتان ھۈسەيىننى، بولۇپمۇ ئوغلى بەدىئۇززاماں مىرزىنى تەسۋىرلىگەن ئىدى. نىزامى بىلەن خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ ئەسەرلىرى تېمۇرىيلار زامانىسىدىكى مىنىياتۇر (قەغەز، پىل چىشى ۋە باشقا نەرسىلەرگە رەسىم سىزىش ياكى رەسىم ئويۇش سەنئىتى) لار بىلەن كۆپ بېزەلگەن ۋە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئىدى؛ پەقەت قەدىمكى پارس كىسرا (قەدىمكى ئىران ھۆكۈمدارلىرىنىڭ لەقىمى) لىرىنى، ھەتتا ئىسكەندەرنى پەقەت بىر ئىران ھۆكۈمدارى قىلىپ خاراكتېرلەندۈرگەن بۇ ئەسەرلەرنى موغۇللار دەۋرىدە، بولۇپمۇ تېمۇرىيلارنىڭ ھېرات دەۋرىدە شۇ ھۆكۈمدارلارنى پۈتۈنلەي تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن بولغان ھۆكۈمدارلار تىپىغا ئوخشاش تەسۋىرلىگەن مىنىياتورلار بىلەن بېزەش بۇ ئەسەرلەرنىڭ پارسچە تېكىستلىرىدىكى تەسۋىرلەر بىلەن قارىمۇ قارشى ئىدى. ئەلىشىرنىڭ ئەسەرلىرىدە بولسا، بۇ ھۆكۈمدارلار بىلەن رومان قەھرىمانلىرى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن چىققان قەھرىمانلارغا ئوخشاش تەسۋىرلەنگەچكە، بۇ ئەسەرلەرگە ئۇ ئۆزى ئىشلىگەچكە، ھېرات رەسساملىرى تەرىپىدىن ئىشلەتكەن رەسىملەر تېكىست بىلەن ئىنتايىن ماسلاشقان ئىدى. ئەلىشىر «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئىسكەندەر رومانىنى بىرمۇنچە ئىسلامىي مىساللار بىلەن بىرگە «فەخىررازى ۋە خارەزمشاھ»، «چىڭگىزخان ۋە خارەزمشاھ» ۋە «سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئاقىۋىتى» گە ئوخشاش تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تارىخىدىن ئېلىنغان ھېكايىلەر بىلەنمۇ بېزىگەن ئىدى. ئەلىشىرنىڭ تۆت دىۋانىنىڭ كۆپىنچىسى شائىرنىڭ تەخمىنەن ئون بەش يېشىدىن بۇيانقى پۈتۈن ھاياتىنى ئۆزىنىڭ ۋە مۇھىتىنىڭ ھاياجانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن لىرىك شېئىرلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار زامانىسىدا بۈيۈك (مەشھۇر) خەتتاتلار تەرىپىدىن يېزىلىپ، تاللانغان نەققاش ۋە رەسساملار تەرىپىدىن بېزەلگەن «رىكئا» (يازما) لارغا ئاساس بولۇپ، مۇزىكاشۇناسلار تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىنغان ئىدى. «بەزم» ئولتۇرۇشلىرىدا ناخشىچى، سېھىرگەر ۋە بارلىق مەجلىس ئەھلىنى ھاياجانغا سالغان بۇ غەزەللەر شۇ دەۋر ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى. دىۋانغا ئىلاۋە قىلىنغان ساقىنامىلەر، قىتئەلەر ۋە قەسىدىلەردە تارىخىي ۋەقەلەر، كۈندىلىك ھاياتتىكى ھادىسىلەر تۈرلۈك شەخسلەر سۆز تېمىسى بولغان ئىدى. بۇ بۈيۈك خەزىنە شۇ زامانىنىڭ تارىخىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىدىغان كىشىلەرگە موھتاج بولۇۋاتىدۇ. تېمۇرىيلار دەۋرىدە، بولۇپمۇ شائىر ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى شېئىر ۋە سەنئەت ئەھلىنى خاراكتېرلەندۈرۈش ۋە ياخشى ـ ياماندىن پەرقلەندۈرۈش مەقسىتى بىلەن قەلەمگە ئالغان «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» مۇ شۇ زاماندىكى پىكىر (چۈشەنچە) ھاياتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بىر مەنبە ھېسابلىنىدۇ. ئەلىشىر بۇ ئەسىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنتايىن نازۇك تەنقىدچى، ئىنسان روھىنى (روھىي دۇنياسىنى) چۈشىنىش ۋە ئىنسانلارغا باھا بېرىشتە پەۋقۇلئاددە ماھارەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يازغان ئەسەرلىرىدە چارچاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇلاردىن «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب» ئۆز زامانىسىدىكى جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك تەبىقىلىرى، باي، قەھرىمان، ياساۋۇل، نۆكەر، قانۇنشۇناس، قارا چېرىك، قۇشچى، رەسسام، مۇزىكشۇناس، يېزا ۋە شەھەر ئاھالىسى تېما قىلىنىپ يېزىلغان دىداكتىك ئەسەر، زامانىسىنىڭ كىچىك «قۇتادغۇبىلىك» ى ئىدى. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ماقال ـ تەمسىللىرى بىلەنمۇ بېزەلگەن بۇ ئەسەرنىڭ تىلى خېلى پەردازلانغان ئىدى.

ئەلىشىرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن روھ، سەمىمىيەت، ساددىلىق، ئۈمىد ۋە ئىرادە، خالىس نىيەتلىك، جىددىيلىك ۋە ئېغىر بېسىقلىققا ئوخشاش ئەخلاق پىرىنسىپلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا ئىنسان شەخسەن ھاياتتىن خۇشاللىنىدۇ، ئۇنىڭ گۈزەللىكلىرىنى ياخشى كۆرۈشنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن كۆيۈپ پىششىنى بىلىدۇ. ئەلىشىرنىڭ دىنىي، پەلسەپىۋى ۋە تەسەۋۋۇپىي مەسىلىلەردە چوڭقۇرلىشىش ئىستىكى بىلەن يازغان پارچىلاردا تەسەنۇئ (بىر نەرسە بولغانلىقتىن تېخىمۇ قىممەتلىك قىلىپ كۆرستىش) كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئەكسىچە بۇ دىنىي چۈشەنچىلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە ئىنتايىن ماھىر ئىدى. چىن قەلبىدىن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن بولغان شەيخلەرگە يۈلەنگەن ھالدا ئۇ ئۆزىنى نەقشىبەندىلەردىن ھېسابلايدۇ. ئەمما ئەلىشىر سوپى ئەمەس، پەقەت مۇتەسسەۋۋۇپ (سوپىزمنى يېيىش ـ تارقىتىشقا تىرىشقۇچى) ئىدى. دىندار بولسىمۇ، بىراق باشقا چاغاتاي

www.uyghurkitap.com



ۋە موغۇل بەگ ھەم مىرزىلىرىغا ئوخشاش ئەلىشىرنىڭ نەزىرىدىمۇ ئىسلامىيەت، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن بولغان ئېسىلزادىلەرنىڭ ھايات ۋە باياشادلىق ئېھتىياجلىرىغا زۆرۈر بولغان شاراب، مۇزىكا، ئىچىملىك، رەسىم، نەقىش، دۆلەتنى باشقۇرۇش، ھەتتا خەير ـ ساخاۋەت مەسىلىلىرىگە ئارىلاشمىغان سامەدانى (تەڭرىگە مەنسۇپ) بىر تۇيغۇدا ئىدى. ئەلىشىرنىڭ شىكايەتلىرى كۆپ ئىدى. بىراق، بۇلاردىن پەقەت ھەقىقىي ھۆرمەتلىك ئىشتىياقى بولغانلارغىلا سەمىمىي ئىدى. بولمىسا ئۇنىڭ خاراكتېرىدە ئۈمىدسىزلىك يوق ئىدى. ئاللاھنى ۋە پەيغەمبەرنى سۆيەتتى. بىراق، ئىنسانلارغا قىيامەتتىن سۆز ئاچمايتتى. ئۇ ھۈسەيىن بايقاراغا، بەدىئۈززامان مىرزىغا مەملىكەتنى باشقۇرۇشتا ئادىل بولۇش ۋە سېخىيلىق قىلىش ھەم زور تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، تارىختا ۋە مىللەتنىڭ (خەلقنىڭ) قەلبىدە ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇرۇش، بىراق بوش ۋاقىتلىرىنى ئويۇن ـ تاماشا بىلەن خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشنى تەۋسىيە قىلاتتى. چۈنكى، ئىنسان دۇنياغا بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ئۇنىڭچە ئىنسان يا تەڭرىسىنى ئۇنۇتمايدۇ ياكى شاراب ئىچىشنى تاشلىمايدۇ ھەم ناماز ئوقۇمايدۇ ھەم ئىچمەيدۇ، پەقەت ئىچكەندە نامازنى تاشلىمايدۇ. ئەلىشىر خەلققە يېقىن ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىنسان پەقەت خەلق ئۈچۈن ياشىغان ئىنساندۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزى ھەر ۋاقىت چاغاتاي ئېسىلزادىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاللاھتىن تىلىگەن «يا مېنى ھەۋاس (ئۆزىنى خەلقتىن ئۈستۈن كۆرىدىغان ئىمتىيازلىق تەبىقە) ئارىسىدا ساپ قىل، يا غەزەپلەنگەن ئاۋام (تۆۋەن قاتلامدىكى خەلق) دىن خالاس قىل» شەكلىدىكى دۇئاسى ئاخىر بابىر مىرزىنىڭ مۇشۇ مەزمۇندىكى شېئىرىغا ئاساس بولغان ئىدى. ئەلىشىر ئىنسانلارنىڭ روھىنى يالقۇنجىتىش بىلەن ئىپتىخارلىنىدۇ، ئۆزىمۇ «مۇڭلۇق» يەنى يارىلانغان قەلبى، باغرى ئەزەلدىن يېنىقتۇر (مۇڭلۇغ مەن ئۇ مۇڭ بىلەدۇر پەيامىم، مۇڭلۇغ كىشىلەر سۆزىدۇر كەلامىم). ئاشىقلىق ئۇلۇغدۇر، بىراق بۇ ئاشىقلىقتىمۇ يەنىلا ئەقىل ۋە مەنتىق ھۆكۈمراندۇر. ئۇ «فەنا فىل ئىشق» ئەمەستۇر، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن گېيوتىنى ئەسلىتىدۇ. ئەلىشىر قوللانغان تۈركىيچە خىتاب خىتاب قىلىنغۇچىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەشھۇر ئىران شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان ۋە شەخسەن پارسچە شېئىر يازغان ئالىي (يۈكسەك) تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن بولغان ئېسىلزادىلەرنىڭ ھەۋەسىگە ئويغۇنلاشتۇرۇپ يازغان نەسر ۋە شېئىرلار ئىران كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بارلىق نازۇك تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەنلىكى ئۈچۈن قىممەتلىك ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەرلەردە ئەلىشىر سىنتاكسىس جەھەتتىن تۈركىيچە يېزىشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى. ساددىلىقنى ياخشى كۆرىدىغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرگە خىتاب قىلغان زامان، مەسىلەن، ھېراتقا كەلگەن ئالتۇن ئوردا شاھزادىسى باھادۇر سۇلتاننىڭ قورۇلتىيى سەۋەبى بىلەن يازغان «ساقىنامە» ۋە ساۋاقداشى ھەسەن ئەردەشىرگە ھەدىيە قىلىنغان «ھەسبى ھال» سەرلەۋھىلىك ئۆزئۆن نەزمىسىدە ۋە ئەنە شۇ ئەسەرلىرىدە شەخسەن ئۆزىنى ھاياجانلاندۇرغان ھادىسىلەرنى خاراكتېرلەندۈرگەن بولۇپ، ھەم ئاددىي، ھەم تەكەللۇپ بولمىغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تىلىنى قوللانغان ئىدى. ئەلىشىرنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن ئوچۇق بولغان مىللىي روھ ئىدى. ئىسلام ۋە ئىران چۈشەنچىسى ئەلىشىرنىڭ روھىي دۇنياسىدا ناھايىتى چوڭقۇر ئورۇن ئېلىش بىلەن بىرگە ئۆز مىللىتىنى ۋە تىلىنى شۇ قەدەر سۆيۈش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تىلىدا شېئىر يېزىشقا ئاتاش ھەم بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تارىختا ئوينىغان باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان رولىنىڭ ئىدراكىغا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇ «لىسانۇت ـ تەير» دە «جاھاندا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئەدەبىياتى بايرىقىنى لەپىلدىتىش بىلەن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنى بىردىنبىر جامائەت دېگەنلىكى» نى سۆزلەپ ئىپتىخارلانغان ئىدى؛ ئۇ «فەرھاد ۋە شېرىن» ناملىق ئەسىرىدە «ھېچقانداق ئەسكىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ھەر تەرەپكە دىۋاننىڭ نۇسخىلىرىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق چىن چېگرىلىرىدىن تەبرىزگە قەدەر بارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر، ھەتتا تۈركمەن ئەللىرىنى بويسۇندۇرغانلىقىنى» قەيت قىلىپ ئۆتكەن ئىدى؛ «سەددى ئىسكەندەرىي» دە ئۇنىڭغا غايىبتىن كەلگەن ئىلاھىي بىر ئاۋازنىڭ: «سەن قىلىچسىز، پەقەت قەلىمىڭ ئارقىلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرىسەن؟ ئۇلارنى بىر مىللەت ھالىتىگە كەلتۈرىسەن، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياشايدىغان ئىقلىملار ساڭا مەنسۇپتۇر، سەن بۇ مىللەتنىڭ ‹ساھىبقىرانىسەن›» دېگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ. ئەلىشىرنىڭ مىللىي تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تارىخى كۆز قارىشىدىمۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تىلى مۇھىم ئورۇننى

ئىگىلەيدۇ. ئىران ئەدەبىياتىنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگەن غەزنەۋىلەر ۋە سەلجۇقىلار بىلەن تونۇردىن - توغرا پارسچە شېئىر يازغان توغرۇل بىن ئارسلان سەلجۇقى ۋە (نەسەبى قارلۇق قەبىلىسى بولغان) مۇزەپپەرىيلەردىن شاھ شۇجائـ، ئۇنىڭ نەزەرىدە «سارت (يەنى ئەجەم) سۇلتانلىرى» ئىدى ھەم «تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن بولغان سۇلتانلار» نىڭ ھاكىمىيەت دەۋرى ئەمەلىيەتتە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تىلىنىڭ ۋە دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ ھۆكۈمران بولغان دەۋرى، يەنى ئىـــراندا ھىلاگۇخان بىلەن تېمۇر ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ھـاكىمىيىتـى دەۋرى ئـىدى («مۇھـاكىـمـەتـۇل - لـۇغـەتـەين» دىن). ئۇلۇغبەگ ئۇچۇن بولغىنىغا ئوخشاش، ئەلىشىر ئۇچۇنمۇ تۈركىـي تـىـلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تارىخى چىڭگىزخاننىڭ ئەجدادى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بىلەن باشلىنىپ، «تۆت ئۇلۇس» نىڭ تارىخى شەكلىدە داۋاملىشىدۇ، ئۇنىڭ بۇ تارىخ چۈشەنچىسى شەخسەن ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ خەلاسىيە خانىقاسىدا ۋە ئۆز كۇتۇپخانىسىدا مىرخاندگە يازدۇرغان دۇنيا تارىخىدا ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. بۇ ئەسەر پىلان ئېتىبارى بىلەن ئەلىشىرگە تەۋە ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن كېلىپ چىققان سۇلتانلىرى (يەنى ئىلخانىيلار بىلەن تېمۇرىيلار) تارىخىغا دائىر يازغان «زۇبدەتۇت - تەۋارىخ» ى بىرگە قەدەر يېتىپ كېلەلمىگەن ئىدى.

ئەلىشىر كۇللىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمى، گۈزەل ۋە نۇقسانسىز نۇسخىلىرى: 1. ئىستانبول - ھىجرىيە 901 (مىلادىيە 1496) - يىلى ھېراتتا دەرۋىش مۇھەممەد تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا (توپقاپى سارىيى، رەۋان كۆشكۈ كۇتۇپخانىسى، نومۇرى 808)، 2. ئىستانبۇل (فاتىخ كۇتۇپخانىسى، نومۇرى 4059)، 3. پارىژ - ھىجرىيە 933 (مىلادىيە 1526) - يىلى ھېراتتا ئەلى ھىجرانى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا (بىبل. نات) سۇپپىل. تۈرك. نومۇرى 316، 317)، 4. پېتىرسبورگ - ئىلگىرى سەفەۋىيلەر كۇتۇپخانىسىغا تەۋە بولغان، ئەلىشىرنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقانچە جىلددىن ئىبارەت گۈزەل نۇسخا (ئومۇمىي كۇتۇب؛ ZDMG، II 248 - 256 غا قارالسۇن). پارسچە دىۋاننىڭ ھىجرىيە 999 (مىلادىيە 1590) - يىلى سەييىد كامال بىن مۇھەممەد تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن گۈزەل بىر نۇسخىسىمۇ ئىستانبۇل (نۇر ئوسمانىيە كۇتۇپخانىسى، نومۇرى 3850) دا ساقلىنىۋاتىدۇ.

**ئەلىشىر ۋە سەنئەت:** دۆلەت ئەربابى ۋە شائىر ئەلىشىر ئەينى زاماندا مۇزىكا، رەسىم، بىناكارچىلىق ۋە يېزىقچىلىق بىلەنمۇ يېقىندىن ئالاقىسى بولغان ھەم بۇ ساھەلەردە شەخسەن ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىگەن ئىدى. گۈزەل مۇزىكا نوتىلىرى بولغان «بابىرنامە» نىڭ خەتتاتلىق ۋە نەققاشلىق ئىشلىرىدا ھەقىقەتەن ماھىر بولغان سۇلتان مۇھەممەد بىن ئەمىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئاپتورى نامەلۇم بولغان «تەزكىرەتۇل خەتتاتىن» ناملىق ئەسەردە بېرىلگەن مەلۇماتقا ئاساسەن، رەســـم، ھەيكەلتىراشلىق، ئالتۇندىن ھەل بېرىش ۋە مۇزىكىغا ئوخشاش ئارتۇقچىلىقلار ئەلىشىرگە ئېھتىمال قوشۇمچە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئەلىشىر مۇزىكىدا ئۆزىگە خوجا يۇسۇپ بۇرھانىنـــىڭ ئۇستاز بولغانلىقىنى سۆزلىگەن ئىدى. مىر مۇھەممەد ئەمىن بۇخارىنىڭ مۇزىكا تارىخىغا دائىر ئەسەرلىرىدە خۇراساندا مەشھۇر كۈيلەردىن «يەتتە بەھر» ئۇسۇلىنىڭ ئەلىشىر تەرىپىدىن قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ئاساس قىلىنىپ، ئىجاد قىلىنغانلىقى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەلىشىرنىڭ دېيىلگەن ئاھاڭلار خۇراسان تۈركمەنلىرى، پەرغانە ۋە خارەزم ئۆزبېكلىرى، ھەتتا شىمالىي كافكازدىكى ستاۋروپول تۈركمەنلىرى ئارىسىدا تارقالغان ئىدى. ئەلىشىرگە بېغىشلىنىپ، ئۈستىگە «ئەمەلىي ئەمىر ئەلىشىر» ئىمزاسى قويۇلغان بىر ئەسەر ھازىرچە مەلۇم بولغان ۋە پەقەت گولۇبەۋ مىنىـــياتۇر (كونا زامان كىتابچىلىقىدا نەپىس ئىشلەنگەن رەسىملەرگە بېرىلگەن نام) كوللېكسىيىسى (مەلۇم بىر سىستېمىدا تەرتىپكە سېلىنغان ۋە ئىلمىي، بەدىئىي ھەم تارىخىي جەھەتتىن ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر تۈردىكى نەرسىلەر توپلىمى، مەسىلەن: كىتاب، پوچتا ماركىسى، پۇل قاتارلىقلار) دا ساقلىنىۋاتقان بىر شىر رەسىمىنىڭ مۇھەممەدى بەگ تەرىپىدىن ئىشلەنگەن كۆپىيىسىدىن ئىبارەت. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رەسىم ئەلىشىرنىڭ ئۆز ئەسىرى دەپ قارىلىدۇ. ئەسەرلىرىنىڭ ھايات ۋاقتىدا خەتتات، نەققاش ۋە كىتابلارنى زىننەتلىگۈچىلىرى تەرىپىدىن تولۇقلانغان رەسىملىك، ئالاھىدە نۇسخىلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. سۇلتان ئەلى مەشھەدى تەرىپىدىن 1495 - يىلى كۆچۈرۈلگەن ۋە ئىستانبۇلدا ساقلىنىۋاتقان ئالتە پارچە رەسىم قىستۇرما قىلىنغان «خەمسە» ۋە سۇلتان ئەلى قائىنى تەرىپىدىن ئەينى يىللاردا كۆچۈرۈلگەن سەككىز پارچە رەسىم قىستۇرما قىلىنغان «غەرايىبۇس - سىغەر» نۇسخىلىرى؛ «خەمسە»

www.uyghurkitap.com

نىڭ شەخسەن ئەلىشىر تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، 1485 - يىلى ۋەلىئەھد بەدىئۇززامان مىرزىغا تەقدىم قىلىنغان، پەۋقۇلئاددە زىننەتلەنگەن نۇسخىسىنىڭ ئون بىر پارچە نەپىس ئىشلەنگەن رەسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت پارچىسى. بۇ ئەسەردە ئەلىشىرنىڭ «خەمسە» سىنى تاماملىغاندىن كېيىن كۆرگەن بىر چۈشىنى تەسۋىرلىگەن رەسىم ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدا ئىراننىڭ مەشھۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ يىغىلىشىدا ئەلىشىرنىڭ ھەسەن دېھلىۋى تەرىپىدىن نىزامىغا تونۇشتۇرۇلۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شائىرنىڭ خۇسۇسىي نەققاشلىرىدىن قاسىم ئەلىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان بۇ رەسىمدە ئەلىشىر ئىنتايىن كەمتەر بىر ھالەتتە ئادەتتىكىدەك بۇيۇك بىر شەيخنىڭ ھوزۇرىدا تۇرۇۋاتقان، بالاغەتكە يەتكەن بىر مۇرىت ۋە شاگىرت شەكلىدە تەسۋىرلەنگەن ئىدى. بۇ ھالەت ھەممىسى ئىمزاسىز بولغان بۇ تەنتەنىلىك رەسىملەرنىڭ شەخسەن ئەلىشىرنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەسەرلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەلىشىرنىڭ كۇتۇپخانىسىدا خەتتاتلاردىن سۇلتان ئەلى مەشھەدى، سۇلتان مۇھەممەد خەندان، رەسسام ۋە نەققاشلاردىن شاھ مۇزەپپەر، بېھزاد، قاسىم ئەلى، ھاجى مۇھەممەد، دەرۋىش مۇھەممەد، سۇلتان مۇھەممەد تەبرىزى، مەھمۇد مۇزەھھىب، يۇسۇف نەققاش قاتارلىقلار ئىشلىگەن ئىدى. بۇ زاتلارنىڭ ھەممىسى بابىر، ھەيدەر مىرزا، خاندەمىر ۋە ۋاسىفىغا ئوخشاش مۇئەللىپلەر تەرىپىدىن ئەلىشىرنىڭ تەربىيە ۋە غەمخورلۇق قىلىشى نەتىجىسىدە كامالەتكە يەتكەن مەشھۇر سەنئەتكارلار دەپ خاتىرىلىنىدۇ. بۇلاردىن ئاخىرقى تۆتىسىنىڭ مەنبە ئېتىبارى بىلەن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن ئىكەنلىكى مۇقەررەر. ئەلىشىر كۇللىياتىنىڭ بىرىنچى جىلدىدىكى رەسىملەر مەھمۇد مۇزەھھىبنىڭ ئەسىرى ئىدى. بۇ زات بىلەن يۇسۇف نەققاش ئەلىشىر زامانىسىدىكى مىنىياتۇرچىلىقنىڭ ھېراتتا، كېيىنچە بۇخارادا بېھزاد بىلەن سۇلتان مۇھەممەد بولسا سەفەۋىيلەرنىڭ ھېراتتا ئەلىشىر ۋە ھۇسەيىن بايقارانىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ھېرات مىنىياتۇرچىلىقىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشىدە شەخسەن ئەلىشىرنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن قىلغان نازارىتى ئاستىدا ئىشلىگەنلىكى مۇقەررەر ئىدى. شاھرۇخ زامانىسىدىكى بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئىشلىگەن خەتتات ۋە رەسساملار «بايسۇنغۇر ئاكادېمىيىسى» گە تەۋە دەپ ھېسابلانغان بولسا، بۇ سەنئەتنىڭ 15 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى چارىكىدىكى تەرەققىياتىنى ۋە تاكامۇللاشقان دەۋرىنى ياراتقان سەنئەتكارلارنىمۇ مىنىياتۇر تارىخچىلىرىغا ئوخشاش «بېھزاد مەكتىپى» دېمەستىن، «ئەلىشىر ئاكادېمىيىسى» گە تەۋە دەپ نام بېرىش لازىم؛ چۈنكى بۇلاردىن پەقەت دەرۋىش مۇھەممەد تۈركىيلا بېھزادنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋە ئىز باسارى، باشقىلىرى بولسا مىرەك نەققاش بىلەن شاھ مۇزەپپەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى قىلىپ كۆرسىتىلىۋاتىدۇ. بۇ سەنئەتكارلارنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن ئورتاق خۇسۇسىيەتلەر ئۇلار ئىچىدىكى بىرەرسىنىڭ خىيالەن باشقۇرۇپ قويغانلىقى بولماستىن، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىشىغا قاراپ باشقۇرغان ۋە ئۇلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھۆكۈمران بولغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن كېلىپ چىققان كۈچلۈك (تەسىرى چوڭ) بىرەيلەننىڭ ئادا قىلىشىغا تاپشۇرۇش زۆرۈر بولۇپ، بۇمۇ سۇلتان ھۇسەيىن بىلەن ئەلىشىر، بولۇپمۇ ئەلىشىر ئۆزى ئادا قىلغان ئىدى. جالايىرلىقلاردىن شەخسەن ئۆزلىرىمۇ رەسسام بولغان سۇلتان ئۇۋەيس بىلەن ئوغلى سۇلتان ئەھمەدنىڭ ۋە خېلى كېيىنكى دەۋرلەردە سەمەرقەندتە تېمۇرنىڭ خۇسۇسىي رەسسامى بولغان ئابدۇلھەي مۇشاۋۋىر ئەلىشىرنىڭ نەزەرىدە «مانى نەققاش» دەرىجىسىدىكى ئىدىئال بىر ئۇستاز ئىدى. ئەلىشىر دەۋرىدىكى ھېرات مىنىياتۇرچىلىقىدا شۇ زامان ئىتاليان سەنئىتىدىكى كۇتروكېنتو (quatrocento) ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىنى كۆرگەنلەرمۇ بار ئىدى. شەخسەن ئەلىشىرمۇ ئۆز زامانىسىدىكى سەنئەتكارلارنىڭ «ختا (چىن)» ۋە «پەرەڭ» ئۆرنەكلىرىدىن پايدىلانغانلىقىنىمۇ ئاز - ئازدىن قوبۇل قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ («مەھبۇبۇل - قۇلۇب» 119 - بەت). ئېھتىمال فاتىھ زامانىسىدا ئىستانبۇلدا كۆرۈنگەن (تۇرغان) سەنئەتكارلارنىڭ ھېراتقا بىۋاستە تەسىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن. 1494 - يىلى ھېراتقا بىر مۇنچە پەرەڭ (فرانسۇز) لەرنىڭ كەلگەنلىكى مەلۇم (خاندەمىر Ⅲ 3، 255 - بەتلەر). ئەلىشىرنىڭ نەزەرىدە ئىدىئال سەنئەت چىن رەسساملىرى ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەلىشىر يىپەك رەخت ئۈستىگە ئىشلەنگەن رەسىملەرگە قارىتا ھەيران قالغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق، ئىزھار قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. خۇسۇسىي كۇتۇپخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان ھاجى مۇھەممەدنىڭمۇ ئەلىشىرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلاردىن ئىكەنلىكى مەلۇم (باخشىلاردىن ھاجى مۇھەممەد ئۇيغۇر، سۇلتان ھۇسەيىننىڭ قول ئاستىدىكىلەر تىزىملىكىدە بار؛ بۇنىڭ ئۈچۈن مۇئىزۇل - ئەنساب، بىبلىئوگرافىيە، نات، ئان ج. فوند. پىرسان،

نومۇرى 68گە قارالسۇن). بۇ زاتنىڭ چىن ئۇسلۇبىدا فەغفۇر (چىن ئۇسلۇبىدىكى جانان چىنىلەر) ئىشلىگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ (خاندەمىر Ⅲ 3. 342). ئەلىشىرنىڭ كۆتۈبخانىسىدا ئىشلىگەن رەسساملار سەنئەتتە تولۇق مەنىسى بىلەن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مىللىي روھىنى جارى قىلدۇرغان ئىدى؛ شۇ زاماندا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن ئەسەرلەر تېمۇرىيلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر بولۇپمۇ ساراي ھاياتىنىڭ ھەممە گۈزەللىكلىرىنى ۋە ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى جانلاندۇرغان ئىدى.

ئەلىشىرنىڭ ئۆزى شەخسەن باشقۇرغانلىقى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بىناكارچىلىق ئەسەرلىرىدىن ئەڭ ھەيۋەتلىك بولغانلىرى ئۆز داچىسى ئەتراپىدىكى «قۇدسىيە» جامەسى بىلەن «ئىخلاسىيە» مەدرىسەسى ۋە «شىفائىيە» دوختۇرخانىسى ئىدى. جامەسىنى ئۇنىڭ «قوشكېزەك قېرىنداش» بولغان ئېگىز ئىككى مۇنارىسىنى ۋە مەدرىسەنىڭ چىرايلىقلىقىنى ئەلىشىر ئۆز شېئىرلىرىدا جانلاندۇرغان (تەسۋىرلىگەن) ئىدى. مىرخاند بۇلارنى ئەلىشىرنىڭ ئىشتىياقىغا قاراپ يارىتىلغان شاھ ئەسەرلەر دەپ خاراكتېرلەندۇرگەن ئىدى. بۇلاردىن، ھازىرغا قەدەر ھېچقايسىسى يېتىپ كېلەلمىگەن ئىدى. زامانىمىزغا قەدەر مۇھاپىزەت قىلىنغان ئەسەرلىرى ھېرات جامەسى كەبىرىنىڭ 1498 ـ يىلى ياسالغان يېڭى تاقى بىلەن يەنە ئەلىشىر تەرىپىدىن رېمونت قىلىنغان ئايۋانلار، ئەبۇل ۋەلىد مازىرىدىكى خانقاھ بىناسى ۋە تاقى، سەنگى بەست ھارجەرد، نىشاپۇر ۋە راباتى ئىشقتىكى بىنالاردىن ئىبارەت. بىراق بۇلار، تېخىچە ھېچقاندىقى تەتقىق قىلىنغىنى يوق. ئەلىشىر تەرىپىدىن ياسالغان بۇ بىناكارلىق ئەسەرلىرىنى 1923 ـ يىلى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا ئالغان تەسىراتىم بويىچە شۇ زامان: «بۇ ئۇلۇغ شائىر ۋە سەنئەتكارنىڭ شېئىرلىرىنى، ھەل بېرىلگەن ھەم زىننەتلەنگەن جىلدلەر ئىچىدە بىزگە مىراس قالدۇرغان مەسنەۋىلىرىنى، ئۇنىڭ ئىلھامىدىن بارلىققا كەلگەن بۇ تەڭداشسىز سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن بىرگە تەتقىق قىلىش كېرەك، چۈنكى مۇشۇنداق بولغاندىلا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان بولىدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. ئەلىشىر بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ھىمايە قىلغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئەدەبىياتى گۈزەل ـ سەنئەت ۋە بىناكارلىق ئەسەرلىرى بىلەن تېمۇرىيلار زامانىسىدا، بولۇپمۇ چىن ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىدا سەمەرقەند، كېش، يەسسە ۋە ھېراتتا تەرەققىي قىلغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر كۇلتۇرى (مەدەنىيىتى) نىڭ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە تاكامۇللاشقان دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى.

## بىبلىئوگرافىيە:


1. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بىرلىن مۇزېيىدا ساقلانغان ئەدەبىي تەرجىمىھالى.

2. تۈرك. ت ر ج. نەجىب ئاسىم، «مۇھاكىمەتۇل-لۇغەتەين» (مۇقەددىمە، ئىستانبۇل، 1315).

3. بۈيۈك تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر شائىرى مىر ئەلىشىر نەۋائى، بەش يۈز يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن (ئىسمائىل ھەبىب، بەكىر چوبانزادە، مىرزا مۇھسىن ئىبراھىمى ۋە مىرزا جەلال يۈسۈفزادەلەرنىڭ ماقالىلىرى)، باكۇ، 1926.

4. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بارتولد مۇزېيىدا ساقلانغان سىياسىي بايانلىرى.

5. ۋالتېر ھىنز، ھېرات بىلەن ھۇسەيىن بايقارا ۋە تېمۇر
(Abhandlungen für die Kunde des Morgenlandes, Leipzig, 1937, XXII, 8);

6. ئې.بېرتېلس، نەۋائى ۋە ئەتتار (سبورنىك «مىر ئەلىشىر»، لېنىنگرات، 1928، 24 ـ، 82 ـ بەتلەر).

7. ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان، «ئەلىشىر بەگنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى». (ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشر قىلغان ئەسەرلەر بىلەن بىرگە نەشر قىلىنغان). ئەلىشىرگە ئائىت بىبلىئوگرافىك مەلۇمات ئۈچۈن ...

«تۈرك ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 1 ـ توم 349 ـ بەتتىن 357 ـ بەتكىچە «ئەلىشىر» ماددىسىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

# ئىسلامىيەتتىكى ئاياللار ۋە 21 ـ ئەسىردىكى خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ تەقدىرى①

يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى

## 3

غەرب مەدەنىيىتىنىڭ زەربىسى ۋە تۈرتكىسىدە مۇسۇلمان ئالىملىرى ۋە مۇتەخەسسىلىرىنىڭ «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» لەرنى قايتىدىن شەرھىلەپ، ئىسلام دۇنياسىغا يېڭى روھ ئاتا قىلىشى بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن ۋە ھەممىدىن بەك ئويغىتىلغان مىسىر ئاياللىرى ئۆتمۈشتىكى بېكىنمىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ جەمئىيەتكە يۈزلەندى. جەمئىيەتتىكى يۇقىرى تەبىقە ئاياللىرى ئالدى بىلەن مىسىر ئاقسۆڭەك بۇرژۇئازىيىسى رەھبەرلىك قىلغان 1919 ـ يىلىدىكى ئەل ـ ۋافد پارتىيىسى ئىنقىلابىغا قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇرا قاتلامدىكى ئاياللارنى ئويغاتتى. ئايال ئەدىب ئەشرەۋى (1879 ـ 1947) بىلەن مەلىكە خافۇنى نەسەپ (1886 ـ 1918) لەر شۇ دەۋردىكى ئويغانغان ئاياللارنىڭ ئەڭ بالدۇرقى نادىر ۋەكىللىرى ئىدى. ئۇلار يازغان ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇق مەنپەئەتلىرى توغرىسىدىكى ماقالىلەر ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئۇلارنىڭ ماقالىلىرى ئىسلامىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان بولۇپ، شەرىئەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ھەم كەلسە ـ كەلمەس تالاق قىلىش، ئاياللارنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ ئۆيگە بەند قىلىپ قويۇش، جەمئىيەتكە ئارىلاشتۇرماسلىق قاتارلىق بەزى ئىجتىمائىي ئادەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئاياللارنىڭ مائارىپتىن ئەرلەر بىلەن ئورتاق تەربىيىلىنىش ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلدى. 1923 ـ يىلى ئۇ يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئېلىپ تاشلاپ، ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ «ئەرەب ئاياللىرى ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى» نى قۇردى. بۇ جەمئىيەت ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت تەرەپلىرىدىكى ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارغا سىياسىي ھوقۇق بېرىشنى، ئۇلارنى سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈشنى، قىزلارنىڭ نىكاھلىنىش يېشىنىڭ ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 1924 ـ يىلى ھۆكۈمەت قانۇن ماقۇللاپ، قىزلارنىڭ نىكاھلىنىش يېشى ئۆلچىمىنى ئون ئالتە ياش قىلىپ بېكىتتى. نىكاھ ئىشلىرىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشى كۆپلىگەن ئالىم، جەمئىيەتشۇناس ۋە دىنىي زاتلارنىڭ نەزەرىدە شەرىئەتنىڭ ئىشى بولۇپ، «قۇرئان» نىڭ 65 ـ سۈرە 4 ـ ئايىتىدىكى ياش قۇرامىغا يەتمىگەن ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىش ھەققىدىكى بايانلارغا ئاساسەن نىكاھنىڭ ئەڭ تۆۋەن يېشى بېكىتىلمىدى. بۇ جەمئىيەت كۆپ خوتۇنلۇققا چەك قويۇش ۋە ئۇنى تەلتۆكۈس ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1930 ـ، 1940 ـ يىللىرى مىسىردا يەنە بەزى ئاياللار تەرىپىدىن بەزى تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىقى، خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. ئەمما، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ئۈستىگە ئالغان ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر بولغانلىقتىن، ئۇلار بيۇروكراتلىق قىلىپ، ھەقىقىي مەسىلە سادىر بولۇۋاتقان ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ ئارىسىغا بارمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان چوڭ ـ چوڭ شەھەرلەر بىلەنلا چەكلىنىپ، كەڭ يېزا ـ قىشلاقلارغا كېڭىيەلمىدى. ئۇلار خوتۇن ـ قىزلار مەسىلىسى گەۋدىلىك بولغان، ئاھالىنىڭ كۆپ سانلىقىنى تەشكىل قىلىدىغان يېزا ـ قىشلاقلار بىلەن قالاق رايونلارغا سەل قارىدى. 1949 ـ يىلى دەريا شەفىق خانىم «نىل دەرياسى قىزلىرى جەمئىيىتى» دېگەن جەمئىيەتنى قۇردى. بۇ شۇ چاغدىكى ئەرەب ئاياللىرى ئۈچۈن سىياسىي ھوقۇق تەلەپ قىلغان بىردىنبىر

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

جەمئىيەت ئىدى. ئۇلار ناھايىتى ھېسسىياتچان ۋە ئاسان ھاياجانلىنىدىغان كىشىلەر بولغاچقا، پائالىيىتى ناھايىتى رادىكال تۈس ئالغان ئىدى. ئۇلار پارلامېنتقا باستۇرۇپ كىرىپ، مەجلىسنىڭ ئېچىلىشىغا كاشىلا سالدى. ھەتتا ئاچلىق كۈرىشى ئېلان قىلدى. ئاياللار تەشكىلاتلىرى ۋە جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان پائالىيەتلىرى قىسمەن ئىسلاھاتچىلار، جەمئىيەتشۇناسلار، سىياسىئون ھەم دىنىي ئالىملارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئاياللارغا بولغان مائارىپ تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈردى. 1873 ـ يىلى ئىسلاھاتچى تەقتەۋى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئەلى بارىك دېگەن زات بىلەن ئىككى جايدا قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى قۇرغان بولسىمۇ، شۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئۇ مەكتەپنى داۋاملاشتۇرالمىغان ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاياللارنىڭ بىلىم ئېلىشـــــغا قارىتا ئىنسانلارنىڭ تونۇشىدا زور ئىلگىرىلەش ھاسىل بولدى. بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى كىشىلەر ئاياللارنىڭ مائارىپتا تەربىيىلىنىشىگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. ئۇلار ئۆز قىزلىرىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىشىدىن ئېپتىخارلىنىدىغان ۋە ئالىيجانابلىق ھېس قىلىدىغان بولدى. ئاياللارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىشى مىسىر ھۆكۈمران دائىرىلىرى ۋە غەيرىي ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىڭ بىردەك دىققىتىنى قوزغىدى. شۇ چاغدىكى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى ئەھمەد رەفىق ئەپەندى تولغىما قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كونسېرۋاتىپلار ۋە ئۆكتىچىلەرنىڭ بۇ ئىشقا كاشىلا سېلىشىنـــى تـــوسۇپ قـــالدى. 1928 ـ يىلى مىسىر ئۆزىنىڭ تۇنجى قىز ستودېنتلىرىنى كۆردى. مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا قىزلاردىن تۇنجى تۈركۈم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئىلگىرى مىسىر ئاياللىرى ئاغرىپ ئۆلۈشكە رازى ئىدىكى، ھەرگىز ئەر دوختۇرلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ كېسىلىنى كۆرسەتمەيتتى. ئەمدى ئايال دوختۇرلار مەخسۇس ئاياللارنىڭ كېسىلىنى كۆرىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مىسىردىكى تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۈنسايىن كۆپەيدى. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا قاراشلىق ئايرىم ئىنستىتۇت ۋە مەكتەپلەرمۇ قىز ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. بۇ تارىختىن بۇيانقى ئىسلام ئەنئەنىچى كۈچلىرىنىڭ قورغىنى بولغان ئەزھەرگە ئوخشاش مۇشۇنداق ئىلاھىي جايدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، كېيىنچە بارا ـ بارا شەرق مۇسۇلمانلىرىنىڭ سىياسىي مەدەنىيەت تۈرمۇشىغا يېڭى قان بولۇپ كىردى.

1923 ـ يىلى تۈركىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى غەلىبە قىلدى. بۇنىڭ رەھبىرى ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال (1881 ـ 1938) ئىدى. ياش تۈركلەر پارتىيىسى ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان مەزگىلدە قىلىش پىلانىغا ئېلىنغان، ئەمما ئۇرۇش تۈپەيلىدىن قىلىنماي قالغان ئىسلام شەرىئىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئۇنىڭ ئورنىغا دىنىدىن خالىي سوتنى دەسسىتىش، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۇزۇمىنى يولغا قويۇش، ئاياللارنىڭ تېببىي مەكتەپ ۋە سەنئەت مەكتەپلىرىگە كىرىپ ئوقۇشىغا ۋە ئاياللار ئازادلىقىغا ئائىت كىتابلارنى نەشر قىلىشقا رۇخسەت قىلىش، پەننىي مەكتەپ ئېچىش قاتارلىق ئىشلار مۇستاپا كامال دەۋرىدە ئىشقا ئاشتى. مۇستاپا كامال سۇلتانلىق ۋە خەلىپىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئارقىدىنلا ئەدلىيە ۋە مائارىپنى دىنىدىن ئايرىۋېتىشكە قارىتا قەتئىي چارە قوللاندى. دىن ۋە ۋەخپە ئىشلىرى ۋازارىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، مەدرىسىلەرنى پېچەتلىدى. شەرىئەت ۋە «شەرئى مەھكىمە»لەرنى، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى، شۇنداقلا تالاق تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. ئۇ تۈركىيە جەمئىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان نادانلىق، خۇراپاتلىق، ئاياللارنى كەمسىتىش قاتارلىق ئىللەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مىللەتنى تەرەققىياتقا باشلاش ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بولغان ئاياللارنى ئاۋۋال نادانلىقنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، ئۇلارغا ھوقۇق بېرىش، ئۇلارنى ئويغىتىش، ئۇلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ: «ئەگەر دۆلەتتە نادانلىق ھۆكۈم سۈرسە، ئالدى بىلەن ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدا ئەۋج ئالىدۇ. ئاياللىرىمىز ئەرلىرىمىزگە قارىغاندا بەكرەك ئويغىتىلىشى، تېخىمۇ مەدەنىي بولۇشى، تېخىمۇ ياخشى ئۈچۈرلار بىلەن تەمىنلىنىشى كېرەك. ناۋادا ئاياللار بىز بىلەن تەڭ ياشاپ دۆلەتنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە سەنئەت ئىشلىرىغا قاتنىشالىسا ھەم ئۆزى قاتنىشۋاتقان پائالىيەتلەر ئىچىدىن ئۆزى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاق ئۆلچىمىنى تاپالىسا، ئۇنداقتا مۇتلەق تەرىقەتچىلىك يولىغا ماڭغانلارمۇ ئۇلارنى ھۆرمەتلەيدۇ»، «ئەگەر بىر جەمئىيەت ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن ئەر ـ ئاياللىرىنى ئورتاق ئاتلاندۇرمىسا، بۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. ئىلمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتقا ئېرىششى ھەمدە مەدەنىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس»، «چوقۇم ئېتىراپ قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېرەككى، بىز يەر شارىدا كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مەھسۇلاتى. ناۋادا بىر دۆلەت پەقەت بىرلا جىنسنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ھازىرقى زامان مەدەنىيلىك دەرىجىسىگە يەتمەكچى بولىدىكەن، بۇ ھالدا ئۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ»، «ئانىلىق بۇرچى ئاياللارنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى. بىر ئانىنىڭ قورسىقى بىر ئادەمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەربىيە سورۇنى ئىكەنلىكى ئەسكە ئېلىنغاندا، يۇقىرىقى مەسئۇلىيەتنىڭ مۇھىملىقىغا ئاپىرىن ئوقۇماي بولمايدۇ» دەپ قارىدى.

مۇستاپا كامال ئائىلىۋى تۇرمۇشقا ۋە ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى ئەر ـ ئاياللارنىڭ مەجبۇرىيەت ـ ھوقۇقلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. ئۇ «ئائىلىۋى تۇرمۇش مەدەنىي بولۇشنىــــڭ ئاساســـى، تەرەققىيپەرۋەرلىك بىلەن ھوقۇقنىڭ ئۇلى. ناچار ئائىلىۋى تۇرمۇش چوقۇم ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى زەئىپلىككە ئېلىپ بارىدۇ. ئائىلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەر ـ ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ئائىلىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشى كېرەك» دەپ ھېسابلىدى. 1925 ـ يىلى «ئائىلە قانۇنى» ماقۇللىنىپ، مەملىكەت بويىچە ئاياللار ئازادلىقى تەكىتلەندى ۋە كۆپ خوتۇنلۇق، تالاق، شۇنىڭدەك خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان، غورۇرىنــى دەپسەندە قىلىدىغان كونا ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مۇستاپا كامال ئاياللارنــڭ چۈمبەل ئارتىشىنى ياقلىمايتتى. ئەكسىچە، ئۇنداق قىلىشنى مەدەنىي دۆلەتتىكى ئانىلار ۋە قىزلارنىڭ غەلىتە، ياۋايى قىلىقلىرى دەپ قارايتتى. ئەمما، بۇ ئۇلۇغ ئىسلاھاتچى تۈركىيە جەمئىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى شەرئىيەتچىلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشى ھەم ئاۋام خەلقنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بۇ كونا ئەنئەنىدىن چەك ئايرىماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دەسلەپتە قولىدا «ئامانلىق ساقلاش قانۇنى» ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىدىغان «مۇستەقىل سوت» دەك كۈچلۈك قورال تۇرغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، مەخسۇس قانۇن چىقىرىپ چۈمبەل ئارتماسلىقنى قاتتىق تەكىتلىيەلمىدى. ئاياللارنىڭ مەستۇرە بولماسلىقــى ھەققىدىكى ئىسلاھات چوڭ شەھەرلەردىكى بىلىملىك ئادەملەر تەرىپىدىن تېز قوبۇل قىلىنــدى، ئەمــمـا يېزا ـ قىشلاقلاردا بولسا، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بەك ئاستا بولدى. كېيىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كۆتۈرۈلگەن غەربلەشتۈرۈش شامىلىدا ئاياللارنىڭ چۈمبەل ئارتماسلىقى زورلۇق ۋاستىسى بىلەن قاتتىق تۈزۈم قىلىپ بېكىتىلدى. مۇستاپا كامالنىڭ ئىسلام دىنىنى «تۈركىيىنىڭ دۆلەت دىنى» لىك ئورنىدىن چىقىرىپ تاشلىشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن غەربچە كىيىنىش، ياسىنىش، دورامچىلىق شامىلىدا زىيالىيلار غەربلەشتى، ئەمما كەڭ خەلق ئاممىسى يەنىلا ئىسلامىيەت ئەنئەنىسىدە قېلىۋەردى. گەرچە تۈركىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ۋە ئۇ ئېلىپ بارغان ئىسلاھات پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى بويىچە بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات دېيىلسىمۇ، ئەمما غەرب دۇنياسىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» بىلەن كېلىشەلمەيدىغان جايلىرىنىڭ بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇ پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا يېرىم ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ يولباشچىسى مۇستاپا كامال بولسا خۇددى مۇھەممەد رەشىد رىزا ھەزرەتلىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك، «بىر ئۇلۇغ ئادەمنىڭ بەختسىز بولۇپ قالغىنى ئۇنىڭ ئىسلام دىنى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنىڭ بەك ئازلىقىدا. ناۋادا ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ چىن مەنالىرىنى ئوبدان بىلگەن بولسا ئىدى، ئۇنداقتا خەلققە كېرەكلىك، خەلق سۆيىدىغان ئادەمگە ئايلانغان بولاتتى».

مۇستاپا كامالنىڭ ئىسلاھاتى دىنىدىن خالىيلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى گەرچە تۈزۈم جەھەتتىن ھەل قىلغان بولسىمۇ، ئالتە يۈز يىلدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئىدىيە قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش شەكلىگە ئايلانغان ئىسلام ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتەلمىدى. تۈركىيىدىكى باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ تېزلىشىشى، غەربچە تۇرمۇش شەكلى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ئىجتىمائىي چىرىكلىشىشنىڭ كۈچىيىشى، جىنايەت (مۇقەددەس دىنىي قانۇنغا قارشى جىنايەت ۋە دىنىدىن خالىيلاشتۇرۇلغان ئۆرپ ـ ئادەت ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنغا قارشى جىنايەت) ئۆتكۈزۈش سالمىقىنىڭ ئېشىشىغا ئوخشاش بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئالدىدا كىشىلەر بارغانسېرى غەربلىشىش يولى تۈركىيىگە ماس كېلەمدۇ ـ يوق، زامانىۋىلىشىشتا ئىسلام دىنىنى قۇربان قىلىش كېرەكمۇ ـ يوق، ئىسلام دىنى زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتىغا ماسلىشالامدۇ ـ ماسلىشالامدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. نەتىجىدە مەھمۇد ياشارنىڭ ئېيتقىنىدەك، تۈركىيىنىڭ ئەھۋالى «كاپىتالىستىك تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى تەرىپىــدىن بۇزۇۋېتىــلگەن كۈندىن باشلاپ، دىن تۆۋەن

قاتلامدىكىلەرنىڭ ئادىل ئىجتىمائىي تەرتىپ ئىزدەشتەك ئىلغار تۇيغۇسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلۈك ئىپادىسىنى تاپتى» . 1946 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇستاپا كامالچىلارنىڭ زورلۇق بىلەن كۈچەپ يولغا قويغان غەربلەشتۈرۈش سىياسىتىگە قارىتا تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ نارازىلىقى كۈچىيىپ كەتكەنلىكتىن، شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان پارتىيە خەلقنىڭ بېسىمى ئاستىدا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دىنىي دەرسلىكلەرنىڭ ئۆتۈلۈشىگە يول قويدى ھەم ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا دىنىي فاكۇلتېت تەسىس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىمام ۋە خاتىپ تەربىيىلەيدىغان مەكتەپلەرمۇ قۇرۇلدى. 1950 ـ يىلى ئەرەب تىلىدا ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىندى. ئۇلاپلا ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا «دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى مۇستاپا كامال ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابقا باغلاپ قويۇش توغرا ئەمەس، دۆلەتنى چوقۇم ئىسلام دىنىغا تايىنىپ قۇتۇلدۇرۇش كېرەك» دەيدىغانلار چىقتى. 1970 ـ يىللاردىن بۇيان ئىسلام دۇنياسىدا ئىسلام ھەرىكىتى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى. ئىران ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىن تۈركىيىلىكلەرنىڭ دىنىي تۇيغۇسى روشەن دەرىجىدە كۈچەيدى. تۈركىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مىسىر زۇلھوم كىتابخانىسىدا ھۆمەينىنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ مىقداردا سېتىلدى. 1982 ـ يىلىدىكى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇندا «دىنىي دەرس چوقۇم مەكتەپلەرنىڭ مەجبۇرىي ئوقۇيدىغان دەرسى بولۇشى كېرەك» دەپ ئوچۇق بەلگىلەندى. 1983 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەرباجان رەھبەرلىكىدىكى گۈللىنىش پارتىيىسى «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» — ئىسلام قائىدىسى بويىچە دۆلەت باشقۇرۇشنى، ئىسلام ئەللىرى بىلەن بىرلىشىپ ئامېرىكا ۋە غەربكە تاقابىل تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 1987 ـ يىلى ئەنقەرە، ئىستانبۇل قاتارلىق شەھەرلەردىكى قىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بېشىغا ياغلىق ئارتىپ دەرسخانىغا كىرىشنى تەلەپ قىلىپ نامايىش ئۆتكۈزگەندە ئۇلارنى ئىران پارلامېنتى قوللىدى. تۈركىيىدە يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنى غەرب تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن غەرب كۆز قاراشلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇشتا قورال قىلغان ئىدى. مۇستاپا كامال ئىسلاھاتىدىن كېيىن دىنغا بولغان ئېتىبارسىز سىياسەت بۇ دۆلەتنى غەربكە يېقىنلاشتۇرغان، تۈركىيە ئۆزىمۇ ئۆزىنى غەرب دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى، دېگەن بولسىمۇ، ئەمما غەربتىن ئۆگىنىپ كۈچىيىپ بېرىۋاتقان بۇ دۆلەتنى نۇرغۇن غەربلىكلەر ئۆگەيلەپ ئارىغا ئالمىدى. ھازىر تۈركىيە سىياسىتىنى ئەرەب ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا ھەم دىنىي ئۆزلىرىگە روھىي تەسەللىي قىلىش تەرىپىگە يۈزلەندۈرمەكتە.

1926 ـ يىلى ئىران شاھى رىزاخان تەرەققىياتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىنىڭ نادانلىق، خۇراپاتلىق، قالاقلىق، قاتماللىق ۋە كوناپەرەسلىك بىلەن ئاياللارنى كەمسىتىش ئىكەنلىكىنى بايقىدى. رىزاخان بىلەن مۇستاپا كامالنىڭ ئوخشاشلىقى كۆپ ئىدى. ئۇ 1934 ـ يىلى مۇستاپا كامال بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ئەنقەرەنى زىيارەت قىلدى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن چۈمبەلنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇ يىلى مەلىكە شەمسە پەھلىۋى تۇنجى ئاياللار كۇلۇبى قۇرۇپ قىزلاردىن ئىزچىلار تەشكىللىدى. قىزلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇشى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدا خىزمەت قىلىشى تۈزۈملەشتۈرۈلدى. قىزلار ۋە قىز ـ ئوغۇللار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. ئەمما، ئاياللارغا .سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقى بېرىلمىدى. قانۇندا ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ ھوقۇقتا ئوخشاش ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە ھېچنېمە دېيىلمىدى. يېڭى نىكاھ قانۇنى ماقۇللىنىپ قىزلارنىڭ نىكاھ يېشىنىڭ تۆۋەن چېكى ئون بەش ياش قىلىپ بېكىتىلدى. نىكاھتىن بۇرۇنقى سالامەتلىك تەكشۈرتۈش ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ئوخشاش يانداشما تۈزۈملەرمۇ ئورنىتىلدى. رىزاخان موللا ـ ئىشانلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۇرمۇشىدىكى ئىمتىيازلىرىغا چەك قويۇپ، موللىلارنىڭ شەرىئەتتە دەۋا سورىشىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، مائارىپقا ئارىلىشىشى چەكلەندى. 1941 ـ يىلى رىزاخاننىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد رىزا پەھلىۋى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەخت ۋارىسى قىلىپ بەلگىلەندى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان ئوتتۇز يەتتە يىل داۋامىدا ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن ماڭدى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. 1970 ـ يىللاردىن باشلاپ ئىراندىكى دىنىي كۈچلەر ۋە سىياسىي پارتىيىلەر ئۇنىڭ غەربلىشىش سىياسىتىگە قارشى كۈرەش قىلىپ ئاخىر 1979 ـ يىلى ئۇنى ئاغدۇرۇۋەتتى. ئاياتۇللا روھۇللا ھۆمەينى تەختكە چىقتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقى كونا ئىزىغا قايتتى.

ئافغانىستان شەرىئەتنى ئاساس قىلغان ئىسلام دۆلىتى بولۇپ، ئۇنىڭ قانۇنىغا كۆرە، ئاياللار ئېرى ئۆلسە ئۆزىنىڭ رازى بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ئېرىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ بىرىگە مەجبۇرىي ھالدا

www.uyghurkitap.com


خوتۇنلۇققا بېرىلەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ تارىخى ئۇزاق بولغان بىر ئادىتى ئىدى. كابول ئەمىرى ئابدۇررەھمانخان (1844 ـ 1901) زامانىسىدا بۇ ئادەت ئۆزگەرتىلدى ۋە يېڭى قانۇن ماقۇللىنىپ، ئاياللارنىڭ كىمگە تېگىش ـ تەگمەسلىكى ئۇلارنىڭ ئىختىيارلىقىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ئۇ مائارىپ ۋە سەھىيە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ فېئودال كۈچلەر بىلەن خوراپىي موللا، ئىشانلارنىڭ ھوقۇق ـ ئىمتىيازلىرىنى چەكلىدى. ھەبىبۇللاخان زامانىسىدا ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. 1919 ـ يىلى ئامانۇللاخان تەختكە چىققاندىن كېيىن 1924 ـ يىلى تۈركىيىلىك مەسلىھەتچىلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېڭى «مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى» نى يولغا قويدى. ئەمما، نادان ـ قالاق، خوراپىي، مۇتەئەسسىپ موللىلار تەرىپىدىن رەت قىلىندى. 1927 ـ يىلى ئامانۇللاخان خوتۇنى سۇرەييە بىلەن بىللە ھىندىستان، مىسىر، ئىتالىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، روسىيە، تۈركىيە ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئاپتوموبىل بىلەن زىيارەت قىلدى. ئۇ يەتتە ئاي داۋاملاشقان بۇ خەلقئارالىق سەپىرىدە تەرەققىي تاپقان ياۋروپا ئەللىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىكى ئۆزگىرىشلەردىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى. خانىش سۇرەييە ئىلگىرى سۇرىيىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ئالىي مەلۇماتلىق ئايال بولۇپ، ئافغانىستان ئاياللىرىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن ئايال داھىي ئىدى. ئامانۇللاخان 1928 ـ يىلى سىۋاستىپولدا قۇرۇقلۇققا چىقتى ۋە تۈركىيە ھەربىي پاراخوت، ئايروپىلانلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئىستانبۇلغا كەلدى. ئۇ ھەيدەر پاشادا تۈركىيە ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنىڭ، شۇنداقلا تۈركىيە ھەربىي ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان ئافغانىستانلىق ياش ئوفىتسېرلارنىڭ پاراتىنى قوبۇل قىلدى. ئەنقەرەگە كەلگەندە ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە ئامانۇللاخاننىڭ تەرەققىياتقا يۈزلەنگەن بۇ غەلىبىلىرىگە تەنتەنە قىلدى. لېكىن، ئامانۇللاخاننىڭ ياۋرۇپا، مىسىر، تۈركىيە، ئىران قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلىشى ۋە خوتۇنى سۇرەييەنىڭ بېشىغا ياغلىق ئارتمىغان ھالدىكى كۆرۈنۈشلىرى ئافغانىستان موللىلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئامانۇللاخان ئافغانىستانغا قايتىپ كېلىپ ئۇدا بەش كۈن نۇتۇق سۆزلىدى. سۇرەييە بېشىغا ياغلىق ئارتماي جامائەت سورۇنلىرىغا چىقتى، زىياپەتلەرگە قاتناشتى. ئامانۇللاخان دۆلەتكە قايتقان چېغىدا موللىلار ئۇنى سوراق قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ بولغان ئىدى. ئۇلار خانىش، خېنىملارنىڭ ئاۋام ئارىسىدا ياغلىق ئارتماي ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. 1928 ـ يىلى ئامانۇللاخان دىنىي كۈچلەر تەرىپىدىن كېلىۋاتقان قارشىلىقلارغا پىسەنت قىلماي پارلامېنت تەشكىللەپ، كۆپ خوتۇنلۇققا چەك قويدى. ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ئىچىدىن ئىككى خوتۇنلۇق بولغانلىرى سېزىلسە خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگۈزۈپ بوشىتىۋېتىلدى. گەرچە پارلامېنت قىزلار ئون سەككىز ياشتا، ئوغۇللار يىگىرمە ئىككى ياشتا نىكاھلىنىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، دېگەن قانۇن تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ماقۇللانماي بىردەك قارشىلىققا ئۇچرىدى. ئامانۇللاخان مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىش، زامانىۋى بىلىملەرنى ئوقۇتۇش، ئوقۇش پۇلى ئەرزان بولۇش، كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىدىن ئوقۇش پۇلى ئالماسلىق قاتارلىق سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى. خوتۇنى سۇرەييە خانىم سەككىز يۈز نەپەر قىز ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان قىزلار مەكتىپى قۇردى. ئەمما، ياۋروپانىڭ «ئۇسۇلى جەدىد» لىرى بويىچە قىزلارنى تەربىيىلەش دېگەن سۆز دەرھال قارشىلىققا ئۇچرىدى. موللىلار ئامانۇللاخاننىڭ چۈمبەلنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، خوتۇن ـ قىزلارنى ياۋروپانىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئوقۇتۇش دېگەن سىياسىتىنى رەت قىلدى. .ئەكسىچە ئۇنى «كاپىر» ۋە «دەھر»لىكتە ئەيىبلەپ تەنقىد ئاستىغا ئالدى. 1929 ـ يىلى ئامانۇللاخان ئامالسىزلىقتىن بايانات ئېلان قىلىپ ئىسلاھاتتىن ۋاز كەچتى ۋە ئافغانىستاندا تۇرالماي ياۋروپاغا كەتتى.

1953 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مۇھەممەد داۋۇدخان سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ئافغانىستانغا باش ۋەزىر بولدى. ئۇ تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا «ئىسلام ئۆلىمالىرى جەمئىيىتى» نىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش مەقسىتىدە شۇ چاغدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا دىنىي ئالىملاردىن تاللاپ ئادەم قويۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، كابۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىسلام فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ خادىملىرىنى تولۇقلىدى. ئۇنىڭ دىنىي ئىسلاھاتى ئاياللارنى ئازاد قىلىش، ئاياللارنى ئۆيدىن تالاغا چىقىپ، كەسپىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشقا رىغبەتلەندۇرۇش، ھەر خىل ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قاتناشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسى ۋە رىغبىتى ئاستىدا بىر تۈركۈم يېڭى زامانچە كىيىم كىيگەن مۇسۇلمان

قىزلار ئايروپىلان ۋە تېلېفونخانىلاردا پەيدا بولدى. 1958 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە خوتۇن ـ قىزلار چۇمبەللىرىنى ئېلىۋېتىپ، تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئەمما، بۇ ئىش دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىراق، قارشىلىق داۋۇدخان تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. قارشىلىق باستۇرۇشتىمۇ قاتتىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن 1963 ـ يىلى داۋۇدخان خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ چەت ئەلگە قاچتى. 1973 ـ يىلى، يەنى ئون يىلدىن كېيىن داۋۇدخان سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ جۇمھۇرىيەت قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ تەختكە چىقىپلا ئىسلامنى گۈللەندۈرۈش نامى بىلەن ھوقۇق تۇتتى، ئەمما غەربلىشىشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى. 1978 ـ يىلى مۇھەممەد تەلئەت سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، دۆلەت نامىنى ئافغانىستان دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتىدى. داۋۇدخان بۇ سىياسىي ئۆزگىرىشتىكى ساراي ئېتىشىۋازلىقىدا ئوق يەپ ئۆلدى.

1927 ـ يىلى تۈركىيە، 1956 ـ يىلى تۇنىس ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىپ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى چەكلىگەندىن سىرت، سۈرىيە، مىسىر، ماراكەش، ئىراق، پاكىستان، ئىران قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىدە 1950 ـ يىللاردىن بېرى ئېلان قىلىنغان قانۇنلاردا بىر خوتۇنلۇق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا چەك قويۇش، شارائىتى بارلىرىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىغا رۇخسەت قىلىش بەلگىلەندى. ئىراننىڭ سابىق رەئىس جۇمھۇرى راپسان جانى 1989 ـ يىلى تېھراندا ئېچىلغان دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيىدا «كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسىنى قانۇن ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى يوق. شەرىئەت ۋە قەدىمكى كلاسسىك ئەسەرلەردە ئۇنىڭغا قارىتا ئېنىق بەلگىلىمە بار. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ھېچكىم كۆپ خوتۇن ساقلاشنى خالىمايدۇ. گەرچە ئۇ قانۇندا يول قويۇلغان ئىش بولسىمۇ، بىز نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى تەشەببۇس قىلمايمىز ھەم خالىمايمىز» دېدى. دەرۋەقە ئىسلامىيەتتىكى ئاياللار مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم بىر شاخچىسى بولغان كۆپ خوتۇنلۇق ھادىسىسى يالغۇز ئىسلامىيەتنىڭلا مەسىلىسى بولۇپ قالماستىن، ئادىمىزات دۇنياسى ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ مەۋجۇد بولۇپ كېلىۋاتقان قەدىمكى ئادەت ئىدى. يەھۇدىي دىنىدا ئىبرايلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ نۇرغۇنلىغان خوتۇنلىرى بولغان، ياقۇپ پەيغەمبەر ئىككى خوتۇن ساقلىغان، داۋۇد پەيغەمبەرنىڭ كۆپ خوتۇنلىرى بولغان. سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ خوتۇنلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، خوتۇنلىرى يەتتە يۈزگە، چۆرە ـ كېنىزەكلىرى ئۈچ يۈزگە يەتكەن. نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، كاتولىك دىنى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى چەكلىمەيدۇ، ئىنكارمۇ قىلمايدۇ. ئۇلار 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا چەك قويۇشقا باشلىدى. ئىسلام دىنى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى تەشەببۇس قىلمايدۇ، بەلكى ئالدىنقى شەرت ئاستىدا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويىدۇ. خوتۇنلارنىڭ سانىنى تۆت ئىچىدە كونترول قىلىدۇ ھەم ئۇلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. قەيتلەرگە كۆرە، ئىسلام دىنى ئەمدىلا مەيدانغا كەلگەن چاغدا بەزى ئەرەبلەرنىڭ خوتۇنلىرى ئونغا يەتكەن بولۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۇنى تۆتكە ئازايتقان. ئىسلام دىنى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان تۇنجى دىن ئەمەس، بەلكى كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ ئۇنى ئىنسانلار قوبۇل قىلالىغۇدەك دەرىجىدە قېلىپلاشتۇرغان تۇنجى دىن. كۆپ خوتۇنلۇق مەسىلىسى «قۇرئان كەرىم» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا، فىقھى ئالىملىرى «قۇرئان» تەلىماتىدا قەتئىي چەك تۇرىدۇ. ئۇنى چەكلەش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە بىۋاستە، ئاشكارا ھېچنېمە دېمەيدۇ. پەقەت جەمئىيەتشۇناسلار بىلەن پسىخولوگىيە ئالىملىرىلا ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ياكى تەكشۈرگەن ئەھۋاللىرى بويىچە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش بىلەن كۆپ خوتۇنلارنى بېقىپ تەربىيىلەشنىڭ ئىنسانلارغا ئەپكېلىدىغان ئاقىۋىتى، زىيىنى ۋە خەتىرى ئۈستىدە پىكىر قىلىشىدۇ. شۇڭلاشقا، كۆپ خوتۇنلۇق ھادىسىسى يۇقىرىقى سەۋەبلەرگە يەنە غەربكە ئېچىۋەتكەنلىك سەۋەبىنىمۇ قوشۇپ، زىيالىيلار ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. 19 ـ ئەسىردىن باشلانغان ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىدىن بۇيان بەزى ئالىملار، يازغۇچىلار ۋە ئاياللار ھەرىكىتى داھىيلىرى كۆپ خوتۇنلۇققا چەك قويۇشنى، چەكلەشنى مۇراجىئەت قىلدى. دىنىي زاتلاردىن خېلى كۆپ ساندىكىلەرمۇ بۇ مەسىلىنى تەرەققىيپەرۋەرلىك بىلەن زامانغا لايىق شەرھىلىدى. ئەمما، ئەنئەنىچى مۇسۇلمان ئالىملىرى «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» لەردىن كۆپ خوتۇنلۇققا يول قويۇلۇش ھەققىدە سەۋەب ۋە ئاساسلارنى تېپىپ چىقىپ كۆرسەتمەكتە.

www.uyghurkitap.com



1979 ـ يىلى ماقۇللانغان مىسىرنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ بەلگىلىمىلىرىدە ئەرلەر ئىككى ـ ئۈچ ياكى تۆت خوتۇن ئالسا، بىرىنچى خوتۇنىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يېتىدۇ، شۇڭلاشقا بىرىنچى خوتۇن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، ئەرلەرنىڭ قوشۇلۇش ـ قوشۇلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر قازى بىرىنچى خوتۇنىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش تەلىپىنى تەستىقلىشى كېرەك، دەپ بېكىتىلدى. ئەمما، بۇ قانۇن ئەنئەنىچى دىنىي ئالىملارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا پارلامېنت 1984 ـ يىلى ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزدى. بۇ پۇتكۇل ئەرەب ئىسلام جەمئىيىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىش بولۇپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ قانۇن تۈزۈش تارماقلىرى ھەرقانچە كۈچىگەن بىلەنمۇ بۇ چەكلەنگەن رايونغا كىرەلمىدى. ئەكسىچە كىرگەنلىرى ۋە كىرىشكە ئۇرۇنغانلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئىسلاھات ـ مۇۋەپپەقىيەت، ئىسلاھات ـ مەغلۇبىيەت، يەنە ئىسلاھات يەنە مۇۋەپپەقىيەت، يەنە ئىسلاھات يەنە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

## 4

ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ۋە ھەممىدىن مۇھىم مەجبۇرىيىتى ئائىلىدە بولۇشى لازىم. پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش تەڭرىنىڭ ئاياللارغا ئاتا قىلغان ئالىي، مۇقەددەس ۋەزىپىسى؛ ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىنى يارىتىدۇ. مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنى يېتەكلەيدۇ؛ بۇ شەرەپلىك، مۇقەددەس ۋەزىپىنى ھېچكىم ئۇلارغا ۋاكالىتەن ئۆتەپ قويالمايدۇ. ئەمما، بۇ ئاياللارنى ئائىلىگە بەند قىلىپ قويۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ؛ ئۇلار ئائىلىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن بوش ۋاقىتلىرىدا ياكى ئىقتىدارى يار بەرگەن ئەھۋالدا ئەرلىرىنىڭ رۇخسىتى بىلەن جەمئىيەتكە چىقىپ خىزمەت قىلسا بولىدۇ، ئەرلەر قىلغانلىكى ئىشنى ئاياللار قىلالايدۇ، بەلكى ئەرلەر قىلالمىغان ئىشلارنىمۇ ئاياللار قىلالايدۇ، دېيىش ئاڭلىماققا ناھايىتى دانادەك تۇرسىمۇ، ئەمما تازا مۇكەممەل پىكىر ھېسابلانمايدۇ؛ ئاياللار چوقۇم فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك شارائىت بىلەن ھېسابلىشىش لازىم؛ ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئىشلىگەندە ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلىشى، شەرمى ھايانى بۇزۇپ، ناشايان ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ئاياللارنىڭ خىزمەت قىلىش مەسىلىسىدە مۇسۇلمان ئالىملىرى ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى بۇزىدىغان ياكى قاتتىق كۈچ ۋە ئىرادە تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانماسلىقى، مەسىلەن، ئارمىيە، ساقچى، ئەدلىيە قاتارلىق ساھەلەردە خىزمەت قىلماسلىقى كېرەك. ئاياللار نازۇك ۋە تەۋازۇ كېلىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشلارنى قىلسا روھىي يۈكى ۋە بېسىمى ئارتىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ رەئىس جۇمھۇر (ئىمام) ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىدەك ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك، بۇنداق ئىشلار ئۇلارنىڭ قىلىشىغا باب كەلمەيدۇ، دېيىشىدۇ. ھەدىستە دېيىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىرانلىقلارنىڭ ئۆزلىرىگە كىسرانىڭ قىزىنى پادىشاھ قىلىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندا: «ئايال كىشىنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمران قىلغان خەلق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ» دېگەن. بەزى مۇسۇلمان ئالىملىرى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئاياللارنىڭ خىزمەتكە قاتنىشىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىرقانچە ئەسىرنىڭ ئالدىدا ئاياللار ئائىلىدە گىلەم توقۇش، كەشتە ئىشلەش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى. ھازىر ئىسلام دۇنياسى سانائەت تەرەققىياتىغا ھەم تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭدى. بۇنىڭغا زور تۈركۈمدىكى ئىقتىدارلىق تالانتلىقلار كېرەك. ئاياللارنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش لازىم، ئۇلارنىڭ رولىنى جارىي قىلدۇرۇش كېرەك. شارائىتى بار بەزى ئاياللار ئائىلىدىن چىقىپ جەمئىيەتكە يۈزلەنسە، تېخىمۇ كۆپ ياش قىزلار ئالىي مەكتەپلەرگە كىرسە، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئاياللار سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولسا، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن، سىياسىي ساھەلەردە ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. ئەمما، ئاياللار قانداق قىلىپ ھەم ئائىلىدىكى، ھەم جەمئىيەتتىكى ۋەزىپىلىرىنى تەڭ ئادا قىلالايدۇ؟ بۇ مەسىلىدە ئالىملار يەنىلا ئەنئەنىۋى قاراشنى ئاساس قىلىدۇ.

ئالىملار ئاياللارنىڭ مائارىپتا تەربىيىلىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. ئەمما، ئاياللارنىڭ مائارىپ سەۋىيىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن خىزمەتكە قاتنىشىش، ۋەزىپە ئۆتەش ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك

بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئاياللار تەربىيىسىنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، بالىلىرىنى تەربىيىلەشتە. ئاياللارنىڭ خىزمەت قىلىشى ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتىدۇ. بەزى ئاياللار دەسلەپتە جەمئىيەتكە چىققاندا جان بېقىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. لېكىن، توي قىلغاندىن كېيىن ئەرلىرى ناھايىتى باي بولۇپ، خىزمەت قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئەھۋالدىمۇ ئەرلىرىدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇپ قالماسلىق ئۈچۈن خىزمىتىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئالىملار بۇنداق ئەھۋالنى ئەر - ئاياللىق ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنىڭ ۋە چۈشىنىشنىڭ كەملىكىدىن دەپ قارايدۇ. بۇنداق ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرى ئالدىدىكى ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىدۇ، ئىقتىسادىي ئۇنۇم قوغلىشىدۇ. ئائىلىق ئىش ھەققى ۋە مال - دۇنيادىنمۇ مۇھىم تۇرىدىغان ئەر - ئاياللىق تۇرمۇش پەرزەنت تەربىيىسى ۋە ئائىلە ئىللىقلىقىغا سەل قارايدۇ ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئائىلىلەردىن چىقىپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىشى غەربنى دورىغانلىقنىڭ نەتىجىسى. ئەمەلىيەتتە، شەرق ئاياللىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىسىدىن ياتلىشىۋاتقان ۋاقتى دەل غەرب ئاياللىرىنىڭ خىزمەت دېگەن نەرسىدىن ۋاز كېچىپ، ئائىلىلىرىگە قايتىشىنىڭ تازا تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋرى بولىدۇ. ھازىر غەربتىكى بەزى ئالىملار ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىشىنى ئۇلاردىكى ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق ئېڭىنىڭ ئىنكاسى، ئۇ ئائىلىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ، دەپ تەنقىدلەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى بەزى ئالىملار ئاياللار يېرىم كۈن ئىشلىسە، سەھەر تۇرۇپ كەچ قايتمىسا (گەرچە مائاشى بۇنىڭلىق بىلەن ئازلاپ كەتسىمۇ)، ئاياللار ئايال ئىشچىلار كۆپرەك بولغان جايلاردا بالىلار باغچىسىغا ئوخشايدىغان ئەسلىھەلەرنى قۇرۇپ، ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ غېمىنى يەڭگىللەتسە، قىرىق ياشتىن ئاشقان ئاياللار دەم ئېلىشقا چىقسا، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاياللار ئائىلىلىرىگە قايتىشقا رىغبەتلەندۈرۈلسە، دېگەنگە ئوخشاش تەكلىپلەرنى بېرىدۇ. ئالىملار ئاياللارنىڭ خەيرى - ساخاۋەت ئورۇنلىرىدا، بالىلار باغچىلىرىدا ئىشلىشىنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ. ئەنئەنىچى فىقھى ئالىملىرى ئاياللارنىڭ قەھۋەخانىلاردا، ناخشا - ئۇسسۇل سورۇنلىرىدا ئىشلىشىنى، ئەرلەرگە كاتىپ بولۇشىنى قەتئىي راۋا كۆرمەيدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەرەققىيپەرۋەر دىنىي ئالىملار ئاياللارنىڭ جامائەت سورۇنلىرىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىنى رەت قىلمايدۇ، بەلكى رەسۋا، ناشايان قىلىقلار بولمىسىلا ئۇنى شەرىئەتتە رۇخسەت قىلىنغان ئىش دەپ قارايدۇ. ئالىملارنىڭ بۇ مەسىلىنى قانداق مۇھاكىمە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ھەم ئائىلىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، ھەم جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت مۇشەققەتلىك بىر ۋەزىپە ئاياللارنىڭ ئالدىغا قويۇلماقتا. بۇ يالغۇز مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ ئالدىغىلا قويۇلغان مەسىلە بولماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مەسىلە. زاماننىڭ تەرەققىياتى ئاياللاردىن ئۆزىنىڭ ساپاسىنى قاتتىق ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلماقتا. «ئاياللار ۋە ئىران ئىنقىلابى» دېگەن كىتابتا نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، ئىراننىڭ سابىق رەئىس جۇمھۇرى راپسان جانى: «ئاياللار تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە مائارىپ تەربىيىسى ئېلىشى كېرەك. دارىلمۇئەللىمىن، داۋالاش، ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ھەرقايسى ساھەلەر تەقۋادار ئاياللارنىڭ قاتنىششىغا ۋە خىزمەت قىلىشىغا موھتاج»، «ئاياللار بىرقەدەر يۇقىرى بولغان مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ساپاسىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ھەرخىل ۋەزىپىلەرنى ئۆتىسە بولىدۇ، مەسىلەن، مىنىستىر، ھاكىم، ئادۋوكات، مەسلىھەتچى، مىنىستىر ياردەمچىسى، زاۋۇت باشلىقى، مەكتەپ مۇدىرى دېگەنگە ئوخشاش. بۇ جەھەتتە شەرىئەتنىڭ ھېچقانداق بولمايدۇ دەيدىغان بەلگىلىمىسى يوق»، «ئاياللار سايلامغا قاتنىششى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىششى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشى، ھەرقايسى پارتىيە، گۇرۇھلار ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە قوللىشى، تېخىمۇ كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر خادىملارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشى لازىم» دەيدۇ. ئادەتتە ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىدىغان ئاياللارغا قارىتا مۇسۇلمان ئالىملىرى ۋە ئۆلىمالەر ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ. راپسانجانى مۇنداق دېگەن: «ئاياللار جەمئىيەتكە چىقىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى پاك تۇتۇشى، جەمئىيەتكە چىرىكلىك ياكى يامان تەسىر ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلار ۋە ئامىللاردىن ساقلىنىشى، ئۆزى دۇرۇس، شەرمى ھايا بىلەن پاك تۇرۇشى، جەمئىيەتنى سۇزۇلدۇرۇپ پاكلاشتۇرۇشى، بۇ جەھەتتە جەمئىيەتكە باشلامچىلىق قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك.» شۇنداق بولغاندىلا ھېچكىمنىڭ پىكرى چىقمايدۇ.

بۈگۈنكى شەرق ئاياللارنىڭ ئاياللىق ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش ۋە ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇش چوقان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سادالىرى ئىچىدە تۇرماقتا. بۇ چوقاننى كۆتۈرگۈچىلەر ئەرلەر ۋە ئاياللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىسلام نامى ئاستىدا ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشى ئاللىقاچان ئىشقا ئاشتى، دەپ نادان ۋە ئەخمەقلەرچە ۋەز ـ نەسىھەت قىلماقتا. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يامان نىيەتلىك كىشىلەر، بەزىلىرى بولسا ئىسلام دىنىدىن بىخەۋەر ئادەملەر بولۇپ، يەنە بەزىلەر ئىسلامىيەت ئاياللارنىڭ دۈشمىنى، ئىسلام دىنى ئاياللارنى ھايۋاندەك پەس كۆرىدۇ، ئاياللارنى ئەرلەرنىڭ ھاۋايى ھەۋىسىنى قاندۇرىدىغان ئويۇنچۇقى دەيدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ ياۋروپالىقلارنىڭ يامان نىيەت بىلەن قىلغان ھۇجۇملىرىدىن ئىبارەت، خالاس.

ئىسلامىيەت ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن تەڭ ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشى 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن ياۋروپا ئاياللىرى ئارىسىدا ئىشقا ئاشتى. فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئاياللار «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك» دېگەن ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە «تالادىكى ئىشلارغا ئەرلەر، ئۆي ئىشلىرىغا ئاياللار خوجايىن» دېگەن كونا ئەنئەنىۋى قاراشنى بۇزۇپ تاشلاپ، جەمئىيەتكە چىقىپ ئىنقىلابقا قاتناشتى. بولۇپمۇ 1789 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىردىكى ۋېرسالغا ھۇجۇم قىلىشتا ئاياللار تېخىمۇ زور رول ئوينىدى. 1791 ـ يىلى ۋە 1793 ـ يىلىدىكى ھەرىكەتلەرگە ئاساسەن دېگۇدەك ئاياللار قاتناشتى. ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتىنى غەربلىكلەر ئادەتتە ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتى دەپ ئاتايدۇ، بۇ ھەرىكەت ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش باراۋەر ئىجتىمائىي ئورۇنغا، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ھوقۇقىغا ئېرىشىش يولىدىكى كۈرىشى ئىدى. تارىختا بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئاياللارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن باشلامچىلىق ۋە ئاقارتىش رولىنى ئوينىدى. كىشىلەر ئادەتتە ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكىدا باشلانغان دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ مۇقەددىمىسى ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىش ھەرىكىتى ۋاقتىدىلا ئېچىلغان ئىدى. بۇ ھەرىكەتتە ئاياللار گۈزەللىك بىلەن ئەقىل پاراسەتنىڭ سىمۋولى بولغان مۇقەددەس ئانا بۈۋى مەريەم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ قايتىدىن ئۇلۇغلاندى. دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى تۈنجى بولۇپ، ئاياللار مەسىلىسىنى ناھايىتى مۇھىم بىر ئىجتىمائىي مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يالغۇز باسىرت (چېركاۋدىكى دىنىي خادىملار) نىڭ نىكاھلىنىشىنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بەس ـ مۇنازىرە پەيدا قىلىپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئەنئەنىۋى نىكاھ كۆز قارىشىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە ئۆرپ ـ ئادەت جەمئىيىتىگە قاراتتى. ئاقارتىش ھەرىكىتى بۇرژۇئازىيىگە ئىلاھىي ھوقۇقلار ئىچىدىن ئاياللار ھوقۇقىنى بايقاتقۇزدى. غەربنىڭ بۇرژۇئا ئاياللىرى كىشىلىك ھوقۇقى ئىچىدىن ئاياللار ھوقۇقىنى بايقىدى. شۇڭا، بۇرژۇئازىيە «كىشىلىك ھوقۇقى»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن غەربتىكى ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتىنىڭ داھىيلىرى «ئاياللار ھوقۇقى خىتابنامىسى»نى جاكارلىدى، بۇنىڭ بىلەن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

ئىنقىلابنىڭ دەسلىپىدە بەزى يۇرەكلىك ئاياللار «ئۆتۈنۈشنامە» يېزىپ، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا سالغان زۇلمى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: «سىلەر بەزى چىرىك كۆز قاراشلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدىڭلار، ئەمما ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ ئومۇملىشىپ كەتكەن بىر تەرەپلىمىلىكلەرنى ساقلاپ قېلىپ، پادىشاھلىقنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاھالىنى تېگىشلىك ئورۇن، غورۇر ۋە شان ـ شەرەپنىڭ سىرتىدا قالدۇردىڭلار، ھەتتا ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن تەڭ تۇرىدىغان ھوقۇقلىرىنى تارتىۋالدىڭلار ... سىلەر مۇستەبىتلىكنى بىتچىت قىلدىڭلار ... ئەمما ئون ئۈچ مىليون قۇلنىڭ بوينىغا ئون ئۈچ مىليون ئىستىبدات تەرىپىدىن سېلىنغان تۆمۈر زەنجىرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈردىڭلار» دېدى. ئاياللار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بەزى گېزىت، كىتابچىلار ئاياللار ھوقۇقى مەسىلىسىنى چۆرىدەپ تەكلىپ ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، 1791 ـ يىلىدا جاكارلانغان ئاساسىي قانۇندا يىگىرمە بەش ياشتىن يۇقىرى ئەرلەرنىڭلا گىراژدانلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولالايدىغانلىقى بەلگىلىنىپ، ئاياللارنىڭ گىراژدانلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەنلىنىش دېگەن ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلاندى. ئاياللار بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. 1791 ـ يىلى 9 ـ ئايدا داڭلىق ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتى داھىيسى ئورنفو. د. گورىي مەشھۇر «ئاياللار ھوقۇقى خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلدى. 1792 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇلار «كىشىلىك ھوقۇقى خىتابنامىسى»غا ئاساسەن ئۈچيۈز ئون توققۇز ئايالنىڭ ئىمزالىشىدا قانۇن پالاتاسىغا نامە سۇنۇپ، ئاياللاردىن قوغدىنىش ئارمىيىسى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 4 ـ ئايدا «جىنسىي زوراۋانلىق»قا قارشى كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئايال پائالىيەتچى ئەتافارمۇ ئاياللارنىڭ ئۆزىدىن بېرى تارتىۋېلىنغان تەبىئىي ھوقۇقىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا

قانۇن پالاتاسىغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلەپ، «ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئىنقىلابنىڭ خەتىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان تۇرۇقلۇق نېمىشقە ئىنقىلاب مېۋىسىدىن ئەرلەرگە ئوخشاش بەھرىلەنمەيدۇ؟ ئەرلەر ئازادلىققا ئېرىشىپ، ئاياللار نەچچە مىڭ يىل بىر تەرەپلىمە مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغان قۇل پېتى قالىدۇ؟» دېدى. 1793 - يىلى 5 - ئۆكتەبىر كۈنى «ئىنقىلابىي جۇمھۇرىيەتچىلەر ئاياللار كۇلۇبى» قۇرۇلۇپ «يېڭى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەرلەرنىڭ سايلام ھوقۇقى ھەققىدىكى شەرتلەر ئاياللارغىچە كېڭەيتىلىشى كېرەك» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، ئەپسۇسلىنارلىقى 1793 - يىلى 6 - ئايدا جاكارلانغان يېڭى ئاساسىي قانۇندا قېپيالىڭاچ ھالدا: «ئاياللار، گۇناھكارلار ۋە مېيىپلار گىراژدان ھېسابلانمايدۇ. ئۇلار ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن گىراژدانلارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىدىن بەھرىمەن بولمايدۇ» دېيىلدى. 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاساسىي قانۇنچىلارنىڭ كاتتىۋېشى مارا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. گورېي ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى «ئاياللارنىڭ جامائەت تۇرمۇشىغا ئارىلىشىشىنى توسقانلىقىنىڭ نەتىجىسى» دەپ ئاتىدى ھەم «ئاياللاردىكى شان - شەرەپ ئىشكى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىشكى، پۇرسەت ئىشكى يېپىۋېتىلگەندىن كېيىن سىلەر ئاياللار ئۈچۈن گۇناھ ئىشكىنى ئاچتىڭلار» دېدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى يوللۇق ئىدى. ئەمما، ئاساسىي قانۇنچىلار مارانى ئۆلتۈرگەن قاتىل بىلەن ئاياللارنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىنى بىرلەشتۈرۈۋېلىپ، خەلقنىڭ قاتىلغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى بارلىق ئاياللارغا كېڭەيتتى. شۇنداق قىلىپ 10 - ئايدا پارىژدىكى بارلىق ئاياللار كۇلۇبلىرى پۈتۈنلەي تاقىۋېتىلدى. كۇلۇب رەھبەرلىرى قولغا ئېلىندى. 11 - ئايدا بىر تۈركۈم ئايال سىياسىئون ۋە ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتىنى تەشكىللىگەن پائالىيەتچىلەر ئۆلتۈرۈلدى. ئاياللارنى چەكلەش، بېسىش بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ 3 - يىلى 4 -، 5 - ئايلاردا «ئاياللار ئەرلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز سىرتقا چىقمىسۇن» دەپ جاكارلاندى. 20 - ماي كۈنى خەلق كوممۇنىسى ئاياللارنىڭ گېزىت - ژۇرنال چىقىرىشىنى مەنئى قىلدى. 24 - كۈنى 5 دىن ئارتۇق ئايالنىڭ بىر يەرگە كېلىپ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشى چەكلەندى. شۇنىڭ بىلەن كوچىغا چىقىپ كەتكەن ئاياللار قايتىدىن ئائىلىگە قايتۇرۇپ كېلىندى. «ئاياللار ھوقۇقى خىتابنامىسى» نىڭ ئاپتورى ئاياللار ئۈچۈن چوقان كۆتۈرۈپ، ئاياللارنى ئويغىنىشقا چاقىردى. گەرچە ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتى مەغلۇب بولغان بولسىمۇ، بۇ ھەرىكەتكە قىبلىنامە بولغان «ئاياللار ھوقۇقى خىتابنامىسى» ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكىنى تەلەپ قىلغان تۇنجى مۇكەممەل خىتابنامە دەپ قارالدى. ئەمما، بۇ ئەسلىدىنلا مۇكەممەل بولمىغان بىر قاراش بولۇپ، ئىنسانچىلىقتىكى مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا يېتەرلىك ئەمەس ئىدى.

ئاياللارنىڭ بۇ ئىنقىلاب ئارقىلىق ئېرىشكىنى نېمە بولدى؟ ئۇلار نەچچە سائەتلەپ ئارتۇق ئىشلەيدىغان بولدى. ئاياللىق غورۇرى ئوخشاشلا دەپسەندە قىلىنىۋەردى. ئۇلار ئائىلىنىڭ شادلىقىدىن مەھرۇم قالدى. ئاياللار ئائىلىدە ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرسا، بالا تۇغسا، بالا تەربىيىلىسە، پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن بىللە باياشاد، خۇشال - خۇرام ھالدا تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزسە بولاتتى. شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قەدىر - قىممىتىنى ھېس قىلغان بولاتتى. بۇلار ئىشقا ئاشمىدى، ئەكسىچە ئىشقا ئاشقىنى ئەرلەرگە ئوخشاش كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ زاۋۇتلاردا ئىشلەش بولدى. بۇ ئاياللار ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئىدى.

سانائەت ئىنقىلابىغا ئەگىشىپ يېزىلاردىكى ئۆزگىرىشمۇ شەھەرلەردىن قېلىشمىدى، ئائىلە پارچىلىنىشقا باشلىدى. ئائىلىنى باغلاپ تۇرغان مۇناسىۋەت ئۈزۈلدى. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە ئەمگەكچى خەلق ئۆزئارا ھەمكارلىق ئاساسىدا بەرپا قىلغان يېزا - سەھرا تۇرمۇشىنى تاشلاپ، شەھەرلەرگە كۆچۈپ كىرىپ، ھەركىم ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىدىغان شەھەر تۇرمۇشىنى كەچۈرۈشكە باشلىدى. شەھەردە ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق ئىدى. پۇل تېپىشتىن بۆلەك ھېچكىم ھېچكىمگىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئەخلاق مىزانلىرىغا ئەمەل قىلىدىغان ئادەم قالمىدى. ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئۇچرىشىش پۇرسىتى بولغانلىكى يەردە جىنسىي تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئەخلاق دېگەنلەر بىلەن كارى يوق ئىدى. ئائىلە قۇرۇش، ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش دېگەنلەر ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ ئېڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. سانائەت ئىنقىلابى ئاياللار ۋە بالىلارغا ئۆزىنىڭ جىسمانىي ئىقتىدارى قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىدىكى ئېغىر ئەمگەك مەجبۇرىيەتلىرىنى يۈكلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاياللار ناھايىتى چوڭ بەدەل تۆلىدى ۋە ئاياللىق شۆھرىتىدىن مەھرۇم قالدى. پسىخىكا ۋە ماددىي جەھەتتىكى بەھرىمەنلىنىشلەرگە ئېرىشەلمىدى. ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرىنى پەرۋىش قىلىدىغان، تەربىيىلەيدىغان

www.uyghurkitap.com



ۋە قامدايدىغان مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ يوقاتتى. قاۋۇل، كۈچتۈڭگۈر ئەركەكلەر نومۇس قىلماي، ھەتتا ئاياللىرى، ئانىلىرىنى ئۆزلىرىنى بېقىشقا زورلىدى.

بىز نېمىشقا بۇنداق ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ ئولتۇرمايمىز. چۈنكى، ھەممىگە ئايدىڭكى، ياۋروپالىقلار ناھايىتى ئاچكۆز، جاھىل، ياخشىلىققا يامانلىق قايتۇرىدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئەزەلدىن ئادەمنى ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ ھۆرمەتلىمەيتتى. باشقىلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى رەھىمدىللىك بىلەن ئەپۇ قىلىشنى بىلمەيتتى. ئالىيجاناب ئەمەس ئىدى. كۆز يۇممايمىزكى، قەدىمكى يۇنان ۋە رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئاياللارنىڭ ئورنى ناھايىتى قىسقا بىر مەزگىل ياخشىلاندى. ئەمما، مۆجىزە خاراكتېرلىك بۇ ئىش ئاياللارنىڭ ئورنىنىڭ ھەقىقىي ياخشىلانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. شۇ ۋاقىتتا چوڭ ـ چوڭ شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان بىر نەچچىلا ئايال ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە تايىنىپ، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئورۇنغا ئېرىشكەن ئىدى. چاكىنا شەھۋانىي بايۋەچچىلەر ئۇلارنى ئويناپ كۆڭلىنى ئېچىش، جىنسىي لەززەتنىڭ تەمىنى تېتىش ئۈچۈن، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۇلارغا چاۋاك چالدى. بۇ ئاياللار چاكىنا، سۆلەتۋاز، ئالدامچى، مەسخىرىۋازلارنىڭ دامىغا چۈشكەن ئىدى. بۇ ئاياللارنىڭ تېگىشلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقىنىڭ ئەمەس، ئەكسىچە تاسادىپىيلىقىنىڭ، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا مەدەنىي كەمستىش، مەدەنىي خورلۇقنىڭ نەق ئۆزى ئىدى.

تارىخ، جۇغراپىيە، ئىقتىساد، ئىدىيە، قانۇن جەھەتلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئاياللارنىڭ ياۋروپا ئاياللىرىدەك قولىغا قورال ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ ئۇلارنىڭ شەرق ئاياللىرى ھوقۇقى ھەرىكىتىنى قوزغاپ، غەربكە ئەگىشىپ كوچىغا چىقىپ چوقان ـ سۈرەن سېلىشىنىڭ ھاجىتىچۇ؟ ئاياللار ھەرىكىتى قانداق تەرەققىي قىلىدۇ؟ ئىسلاھات نەگە بارىدۇ؟ مانا بۇ بۈگۈنكى كۈندىكى ئىسلامىيەت دۇنياسىدا قاتتىق مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان مەسىلە. ئوخشاشمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى ئاياللاردا ئوخشاشمىغان مەسىلىلەر بولىدۇ. ئاياللار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇرىدىغان يىگانە شەخس ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت گەۋدىسىنىڭ تېخىمۇ ئالىيجاناب بولغان مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە بولۇپ مەۋجۇت بولغانـــكەن، ئۇلار مۇشۇ گەۋدىگە بويسۇنىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدىكى ئاياللار ئۆزىگە خاس ئائىلە ۋە خۇسۇسىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ھازىر غەرب ئاياللىرى كۆپىنچە زامانىۋىلىشىشنىڭ ئۈلگىسى، ئۇلار ھۆر ۋە مۇستەقىل ياشايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئەمما، غەرب ئاياللىرىنىڭ بۇ ئۈلگىمى كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان ئەر ـ ئاياللىرىنىڭ نەزەرىدە بىر خىل خەتەر ۋە ئاپەت ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، 19 ـ ئەسىردە ياۋروپادا «ھايۋانلار ئىنسانىيەتكە يېقىن» دۇر دېگەن يەكۈن مەيدانغا چىقتى. 1895 ـ يىلى چارلىز دارۋىن ئىنسانلار ھايۋاندىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دېگەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئىلمىي ھالدا شەرھىلىدى. گەرچە دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئىنسانىيەتنى قورقۇنۇچلۇق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئەسلىدىنلا ياۋايىلىق دەۋرىدە بەك ئۇزاق ياشاپ كەتكەن غەربلىكلەرنىڭ مېڭىسىدە تېز چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى بۇ ئەخمىقانە كۆز قاراشنى قوبۇل قىلالايدىغان ھالەتكە كەلتۈردى. ھازىرقى غەرب دۇنياسىدىكى «تەبىئەتكە قايتىش» ھەرىكىتى دەل مانا مۇشۇ «ئادەم تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان ھايۋان» دۇر دېگەن كۆز قاراشنىڭ مەھسۇلى. ھازىرقى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ قانۇنى رەزىللىكنى تېزگىنلەشكە مەسئۇل، ئەمما رەزىللىكنى ئۆزگەرتمەيدۇ. پاھىشىۋازلىق ئۇ يەرلەردە بىر خىل قانۇنلۇق كەسىپ دەپ قارىلىدۇ، ھۆكۈمەت جازانە ئۈچۈن پۇل تارقىتىدۇ، قىمارغا يول قويىدۇ، ھاراق چەكلەنمەيدۇ، بۈگۈنكى كىنو ئىشلىرى رەزىللىكنىڭ ئانىسى، ئۇ تېخى دۆلەت بايلىقىنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلىدۇ. سېرىق ئەدەبىيات ۋە باشقا بۇيۇملار ئاممىنى زەھەرلەپ تۇرىدۇ، ئەمما دۆلەت ھۆكۈمرانلىق ئورۇنلىرى بولسا بۇ ئىشلارنى ئىنتايىن ئاز سۈرۈشتە قىلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر تارىخ ئالىمى ل. س. كىچاۋرىنوك (L. S. ctavrianoc) ئۆزىنىڭ «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» دېگەن كىتابىدا: «باي، سېھرىي كۈچكە ئىگە ئامېرىكىدا بىز قۇياشنىڭ يورۇق ئەمەسلىكىنى، خەلقىمىزنىڭمۇ بەختلىك ئەمەسلىكىنى بايقىدۇق. ئەكسىچە، بۈگۈنكى ئامېرىكا داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان دۆلەت بولۇپ، نۇرغۇن ئېغىر مەسىلىلەر كۈنسايىن چوڭقۇرلاشماقتا. ئۆتكەن بىرقانچە يىلدا ئۇ دۇنيادىكى 1 ـ ھەقدار دۆلەتتىن 1 ـ قەرزدار دۆلەتكە ئايلاندى. ئىشچىلار ئىشسىز قالدى. دېھقانلار ئېكىنزارلىقلىرىدىن ئايرىلدى. مۇساپىرلار كوچىلارنى ماكان تۇتتى.

ئۆز ۋۇقىنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەبىدىن ئاچارچىلىق پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى. ھاراق بىلەن زەھەرلىنىش، زەھەر چېكىش، بويىغا يەتمىگەن قىزلارنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قېلىش، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتى كۈنسايىن ئۆرلىدى» دەپ يازىدۇ. ئۇ دۆلەتلەردە ئەخلاق پەسلىشىپ رەزىللىكلەر دائىم ئۆسۈپ تۇرىدۇ. بازارلاردا جىنسىي تۇرمۇشقا ئائىت ياسالما كۆرۈنۈشلەر، جىنسىي ھەۋەسنى قوزغاتقۇچى Pickupme لەر، ياشلىقنى ئۇرغۇتقۇچى ۋە گۈزەللەشتۈرگۈچى دورا دېگەندەك بىر نېمىلەر كەڭتاشا سېتىلىدۇ، بۇنداق نەرسىلەرنى ياسايدىغان دورا زاۋۇتلىرى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا نۇرغۇن پارا بېرىدۇ ياكى ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى پارتىيىگە نۇرغۇن مال ـ دۇنيا ھەدىيە قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەرىمانە تۆلەشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. غەرب دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان ئەخلاق ۋە روھىي كىرىزىس بىر قىسىم كىشىلەرنى قايتىدىن يەنە باشقا بىر خىل تۇرمۇش شەكلى ئۈستىدە پىكىر قىلىشقا، ئەر ـ ئاياللارنىڭ روھىي دۇنياسى ياكى جەمئىيەتتىن باشقا بىر مۇناسىۋەتلەرنى ئىزدەشكە، ئائىلە، شەخس، تۈزۈم قاتارلىقلاردىن يېڭى ئۈمىدلەرنى كۈتۈشكە ئۈندۈرماقتا. ئىسلام ئەنئەنىچىلىرىنىڭ ئىرادىسىنى ئاساس قىلغان بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى ئۆز دۆلەتلىرىدىكى ھۆكۈمرانلار قاتلىمىنىڭ غەربلىشىشكە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قەتئىي چەك ـ چېگرا ئاجرىتىپ، غەربنىڭ نەرسىلىرىنى چىرىكلىك ۋە شۇملۇق دەپ قارىماقتا.

زامانىمىزدىكى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىچە، ھازىرقى ئەھۋال تارىختىكى ئىلگىرى ئاللا تەرىپىدىن جازالانغان قەۋملەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۈگۈنكى ئىنسانلار ئېتىقاد، ئىش ـ ئەمەل، غايە، ئەخلاق جەھەتتە ئاللادىن يىراقلاشتى. ناۋادا ئىنسانلار توغرا يولغا قايتىپ كەلمەيدىكەن، ئاللانىڭ جازاسى ھامان كېلىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا غەرب مەدەنىيىتى ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز، ناچار نەرسە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر. ھازىر ئەخلاق، يەنى ھەرقايسى دىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرى (پەيغەمبەرلىرى) چىڭ تۇرغان نىشان ۋە ۋەزىپىلەر تەلتۆكۈس يوقىتىلدى. ئەكسىچە، ئەخلاقسىزلىق غەربنىڭ ماددىچىلىق ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان مەينەت تۇپرىقىدا يىلتىز تارتتى. ئۇ ئالىيجاناب ئەخلاقنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ، ئەكسىچە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھۇلىنى تەۋرىتىدۇ. «تۆت كوچا ئاغزىدا تۇرۇۋاتقان ئىسلامىيەت» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ئەسەد مۇنداق دەيدۇ: «غەربنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى بىر ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش مەنپەئەتپەرەسلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان يېڭى ئەخلاق كۆز قارىشىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىجتىمائىي ماددىي باياشاتلىق بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىدار بولغان بەزى قىلمىش ۋە ئۇقۇملار، مەسىلەن، تېخنىكا قابىلىيىتى، مىللىي ھېسسىيات دېگەنلەر ئېتىبارغا ۋە ماختاشقا سازاۋەر بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتى مۇۋاپىق دەپ ھېسابلاندى. لېكىن، ساپ ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە ياتىدىغان قىممەت قارىشى مەسىلەن، كۆيۈمچانلىق، ھېسداشلىق بولسا تېز نابۇت بولماقتا. چۈنكى، ئۇ جەمئىيەتكە كۆزگە كۆرۈنگۈدەك ماددىي مەنپەئەت ئەكەلمەيدۇ دەپ قارالدى»، «شەرم ـ ھايا، ئىپپەت ـ نومۇس، ئەدەپ ـ ئەخلاق، دىيانەت، ۋاپادارلىقلار رىۋايەتكە ئايلىنىپ، پەقەت مىللىي ماددىي باياشادلىق بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئەخلاق ئۇقۇمىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى. دىن تەشەببۇس قىلغان گۈزەل ئەخلاق تەدرىجىي ھالدا غەربلىكلەر تەشەببۇس قىلغان شەخسىي ئەركىنلىككە يول بوشاتتى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھەم جىنسىي ھەۋەسنى تېزگىنلەپ، ئۆز مەيلىگە بېرىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئوخشاش ئىشلار ئانچە مۇھىم ئەمەس بولۇپ قالدى». خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى رىچارد رومبىتۇن «ئازغۇنلۇق دۇنياسىدىكى مائارىپ» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا مۇۋاپىق بىرقانچە سۆز تېپىپ بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزنى سۈرەتلەپ بېرىمىز دېسەك، پەن ـ تېخنىكا دەۋرى، ئىجتىمائىي ئىنقىلاب دەۋرى، ئەخلاق نورمىسى يوقالغان دەۋر دېگەندەك ناھايىتى نۇرغۇن سۆزلەر بار. بۇ ئىسىملار ئىچىدە ھېچبىرى دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئېچىپ بېرەلمەيدۇ ھەم شەرھىلەپمۇ بېرەلمەيدۇ. پەقەت ‹ئەخلاق نورمىسى يوقالغان دەۋر› دېگەن ئۇقۇملا بۈگۈنكى رېئاللىققا سەل ـ پەل يېقىن تۇرىدۇ»، «21 ـ ئەسىرنىڭ قىلمىشلىرى بۇرۇنقى بارلىق ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارنىڭ مۇستەھكەم ھۇلىنى بۇزىدۇ، بۇنداق زەربە ئالدىدا دىنىي ئېتىقاد سۇسلىشىدۇ، ئائىلىي تۇرمۇش نىشانى تۈگىشىدۇ، ئەھۋال بارغانسېرى ناچارلىشىدۇ». ئالىملارنىڭ قارىشىچە، غەرب دۇنياسىدىكى ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى ياشلاردىكى ئالىي غايە ۋە نىشانلارنىڭ يوقىلىشىدا، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ يۈرۈشنى تۇرمۇش پرىنسىپى قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل تۇرمۇش شەكلى (ئۇسلۇبى) دىن بىلەن مائارىپقا سەل قارايدۇ، ئائىلە مۇناسىۋىتى

ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت دېگەنلەرگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئۈمىدسىزلىك ۋە ئاچكۆزلۈك ئىچىدە شەخسىي ئارزۇ - ئارمانلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن جان تىكىپ ئىلىشىدۇ. نىكاھتىن بۇرۇنقى جىنسىي تۇرمۇش، نىكاھلىق تۇرۇپ ئاشنا ئويناش قاتارلىقلار نورمال ئىش دەپ قارىلىدۇ. پاھىشە ۋە كوللېكتىپ پاھىشىۋازلىق قىلىش، كوللېكتىپ نىكاھلىنىش ئەۋج ئالىدۇ. جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى نوپۇسنىڭ ئاۋۇشىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئاتىسىز تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ نىسبىتى ئۆرلەيدۇ. بەچچىۋازلىق يامراپ ئەيدىز كېسىلى ئىنسانىيەتكە تەھدىت سالىدۇ. هاراقكەشلىك، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، سېرىق كىتاب ژۇرناللار ھەر دائىم ياشلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىرادىسىنى چىرىتىپ كاردىن چىقىرىپ تۇرىدۇ. پۈتكۈل غەرب دۇنياسى ئومۇمىيۈزلۈك چىرىكلىشىشكە يۈزلىنىدۇ. بۇ ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتە غەربلىشىشكە قارىتا قاتتىق چەك قويۇشىدىكى بىردىنبىر مۇھىم سەۋەب بولۇپ، ئۇ دائىم بۇ ئىككى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا كېلىشمەسلىك، زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. مىللىي گۈزەل ئەخلاقنىڭ كۆندىن - كۈنگە بۇزۇلۇپ يوقىلىشى ئىنسانلارنىڭ سۆزۈك سۇدەك ساپ ۋە مىللىي، دىنىي ھېسسىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ساپ ھېسسىيات ماددا تەرىپىدىن بۇلغانغاندا ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك چىقىدۇ. ئائىلە مۇناسىۋىتى بۇزۇۋېتىلسە، ئەر - ئاياللار، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، مېھرى - شەپقەت تۈگەپ، مەنپەئەت ئالماشتۇرۇش بىلەن ھاۋايى - ھەۋەسنى قاندۇرۇش ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى بەلۋاغقا ئايلىنىدۇ. خۇددى بىر غەرب سىياسىيونىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك دوستى بولمايدۇ، ئۆمۈرلۈك دۈشمىنىمۇ بولمايدۇ، پەقەت ئۆمۈرلۈك مەنپەئەتلا بولىدۇ.

نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن فرانسىيىلىك يازغۇچى ۋە تاشقىي كېسەل دوختۇرى ئالېكسى كاررىل ئەپەندى جانسىز ئىلىمنىڭ جانلىق ھاياتلىقلارغا زور مەنپەئەت ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە ھەم بۇ ئارقىلىق ئېغىر پاجىئەلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى زامان تۇرمۇشى ئىنسانلارنى بەكمۇ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. ئۇ ئىنسانلارنى ۋاستە تاللىماي پۇل تېپىشقا چاقىرماقتا. بۇ ۋاستىلا بولىدىكەن ئۇلارنىڭ دوزاختىن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئىنسانلارنى دائىم غىدىقلايدىغان نەرسىلەرنى ئىزدەپ تېپىشقا، خىيالىغا كەلگەننى قىلىشقا، شەھۋانىي ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئۇ زورلۇق، ئىنتىزام، جاپا - مۇشەققەت، شۇنىڭدەك قىيىنچىلىق ۋە ھېرىش - چارچاش دېگەنلەرنىڭ چەكلىمىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ» ، «ھازىرقى دۇنيا قانچىلىك تەرەققىي قىلىشىدىن قەتئىينەزەر مەنىۋى جەھەتتە زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ياۋايىلىققا قاراپ ماڭماقتا. ئېچىنىشلىقى شۇكى، ئۇلار ئىلىم - پەننىڭ ئۆزىنىڭ بىقىنىدىلا ھۇجۇم ئىستىھكاملىرىنى قۇرۇپ بولغانلىقىنى بىلىشمەيدۇ. ئۇلار ئازراقمۇ مۇداپىئەلىنىش تەييارلىقىنى كۆرمىگەن. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ئىلگىرىكى مەدەنىيەتكە ئوخشاشلا بەزى ياشاش شارائىتلىرىنى ئىجاد قىلدى. ئەمما، تېخى ھازىرغىچە چۈشىنىپ بولالمىغانلىقىمىز سەۋەبىدىن ئۇ تۇرمۇشنىڭ نەق ئۆزىنى ھالاك قىلماقتا. شۇ سەۋەبتىن بىز ئىجتىمائىي پەننىڭ ماددىي ئىلىمدىن كۆپ ئارقىدا قېلىشىدەك بىر پاجىئەنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتۇق» . ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى مەدەنىيەت ئاساسەن دېگۈدەك غايىلىك، ئەقىل - پاراسەتلىك، باتۇر ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقالمايدۇ. ھەممىلا دۆلەتتە دېگۈدەك ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇۋاتقان رەھبەرلىك قىلغۇچىلاردا ئىقتىدار ۋە ئەخلاقتا كۈندىن - كۈنگە بوشىشىپ كېتىش مەۋجۇت. دۆلەتنىڭ مالىيەسى، سانائەت ۋە سودا ئاپپاراتلىرى كۈندىن - كۈنگە زورايماقتا. بۇ ئاپپاراتلار يالغۇز ئۆز دۆلىتىنىڭ شارائىتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قوشنا ئەللەر ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىدا ھازىر تېز سۈرئەتلىك ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھۆكۈمەت شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىدە بىردەك مەسىلە مەۋجۇت. بەزى كۈچلۈك دېموكراتىك دۆلەتلەرمۇ دائىم ھايات - ماماتلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ ھەم ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. بىز شۇنى بىلدۇقكى، گەرچە ئىنسانىيەت بارلىق ئۈمىدىنى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن كۈتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەدەنىيەت ئۇلارغا ئەقىل - پاراسەتكە باي باتۇر رەھبەرلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئازغان ئىنسانلارنى خەتەرلىك يولدىن قايتۇرۇپ كېلىپ ھىدايەتكە يېتەكلەلەتكۈزەلمىدى ... شۇڭا ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىگە ئېغىر تەھدىت سېلىۋاتقان نەرسە ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سىياسىي داھىيلىرىدا ئەقىل ـ پاراسەت، ئەخلاقنىڭ كەملىكى، شۇنىڭدەك نادان ۋە بىلىمسىزلىكى بولۇپ تۇرماقتا».

نوبېل ئىلىم ـ پەن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن رىنىي دوب ئۆزىنىڭ «ئىنسانلاردىكى ئادىمىيلىك» دېگەن كىتابىدا ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشى بىلەن پسىخىكىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئەكس ئەتكەن كرىزىس ئامىللىرى ھەققىدە توختىلىپ، يېڭىچە بىر ئۈمىدسىزلىكنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ كلاسسىك دەۋر ئېتىقاد، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە رومانتىك دەۋرى بولۇپ، ئىنسانلار ئۇ دەۋردە ئاشۇنداق تۇرمۇشنى قوغلىشاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلەتتى. بۈگۈنكى دەۋر بولسا ئاتوم دەۋرى، ئالەم بوشلۇقى دەۋرى، ئىلىم ـ پەن دەۋرى، شۇنداقلا يەنە غەم ـ ئەندىشە، تەشۋىش دەۋرى. بۇ دەۋردە ماددىي تۇرمۇشنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىپ، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تونۇتمىدى. نۇرغۇنلىغان تەرەققىي تاپقان ئەللەردە خېلى كۆپ مەسىلىلەر، يەنى ئىرقىي كەمسىتىش بىلەن كۈرەش، شەھەر مەدەنىيىتىدىكى بىدئەتچىلىك، ئادىمىيلىكنىڭ ياتلىشىشى، ئادىللىقنىڭ ئىنسان قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، ئاتوم ئۇرۇشى تەھدىتى قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت. ھازىرقى زاماندىكى ئەندىشىنىڭ مەنبەسى ھەربىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كۆڭلىگە ئايدىڭ. دىنىي ھېسسىيات بىلەن ئەنئەنىۋى جەمئىيەت قارىشى ئاللىقاچان مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتتى. ئۆرپ ـ ئادەت ۋە دىنىدىن ئىبارەت ئىككى ساھە ئادەملىرى بىردەك تەڭرى ئۆلدى دەپ ۋارقىراشماقتا. ئىنسانلار خۇددى پالاقسىز كېمىدەك ئۆزىنى باشقۇرالماي قالدى، دەيدۇ. پسىخولوگلار، ئېتنىكشۇناسلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، پسىخىكا كرىزىسى كىشىلەر بىلەن كىشىلەر، ئادەملەر بىلەن تەبىئەت كۈچلىرى ئارىسىنى يىراقلاشتۇرۇپ مۇناسىۋەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ھازىرقى ئادەملەر ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ. گەرچە كىيىم كىيىپ غىزالانسىمۇ، ئەمما ھايۋانلاردا ئەسلىدە بار بولغان ئەڭ ئەقەللىي قابىلىيەت ۋە ئالاھىدىلىكتىنمۇ مەھرۇم قالدى، ئىنسانلار بارغانسېرى ئۆزىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ماددا ۋە روھتىن ئىبارەت ئۇنىڭ ئىككى چاقىنىڭ ئىلگىرىلىشىنىڭ نەتىجىسى. ئۇنداق بولمايدىكەن بۇ جەمئىيەت كېسەل تەگكەن، ساغلام بولمىغان جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتى مانا مۇشۇ ئىللەتنى بايقىغاندىن كېيىن چىقىش يولى ئىسلامىيەتتە دەپ ھېسابلايدۇ. تارىخشۇناس، پەيلاسوپ ۋە سىياسىئونلار دۇنيادىكى ئازغۇنلۇقلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ چىقىش يولىنى ئىزدىمەكتە. چىقىش يولى نەدە؟ قانداق قىلىپ ئىنسانىيەتنى ھازىرقى زامان ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ ئازغۇنلۇقلىرى ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ؟ جىنىس كىلەيىر دېگەن ئادەم ئۆزىنىڭ «نادان ئادەملەر» دېگەن كىتابىدا ئىنسانشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش، ھەيكەل ياسىغاندەك ئادەمنى قايتىدىن ياساش، ئىنسانلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆزىنى چۈشىنىدىغان قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ھازىرقى زامان ئىسلام ئالىمى سەئىد قۇتبىنىڭ قارىشىچە، يالغۇز ئىنسانشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان قەلبىنىڭ مەنىۋى پائالىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىر يول تېپىش لازىم، ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، نېمىنى قىلسا بولىدىغانلىقى، نېمىنى قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈشتە بىر قېلىپ (ئۆلچەم) بولۇشى كېرەك. ئۇ سانائەت ئارقىلىق بەرپا ئېتىلگەن ماددىي مەدەنىيەت بارلىق گۈزەل ھېسسىيات، تۇيغۇ، سەزگۈنى نابۇت قىلىپ، سەنئەتلىك، دىنىلىق بولغان مەنىۋى پائالىيەتنى بوغۇپ قويىدى. شۇڭا، روھىي ئېتىقادلىق ئورنى بولغان بىر خىل تۇرمۇشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئۇ بولسىمۇ دىن، دىن روھنىڭ ھەرىكىتى، ئەخلاقنىڭ مەشىقى بولۇپ، ئاخىرەتلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. مىسىرلىق ئالىم مەۋلانا ئەبۇئەلا مەۋدۇدى (1903 ـ 1979) ئۆزىنىڭ «بىز ۋە غەرب مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابىدا ئەنگلىيىلىك ئالىم راۋىد روسىننىڭ كۆز قارىشىنى ئىستاتا كەلتۈرىدۇ. راۋىد روسىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ھىندىستاندىكى كالكوتتا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا ئىلىم ـ پەن ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. ئەمما، ئەنئەنىۋى دىنلارنىڭ بىرقانچە ئەۋلاد كىشىلەرگە بولغان تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇردى. ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بارلىق چىرىكلىك ۋە چۈشكۈنلۈكلەرنىڭ يېرىمىنى مۇشۇ سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن دىنىنىڭ سۇسلىشىشى كۆپىنچە ھاللاردا ئىلىم ـ پەننىڭ قۇدرىتى ۋە رولىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن ئەخلاققا سەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەتتا بەزى چاغلاردا ئىلىم ـ پەن ئىنسانىيەتكە بەخت ئاتا قىلالماستىن، بەلكى ئۇنى يوقىتىدۇ. مەدەنىيەت ئېلىپ كەلگەن ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنىڭ چىقىش يولى يەنىلا دىندا. ئەمما، ھازىرقى ئادەملەر تەجرىبە ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئۆلچەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، يەنى دىنىي ئېتىقادى خېلى كۈچلۈك ئادەملەرمۇ دىنىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىدىغانلىقىنى شەرھىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دىن ئۆزىنىڭ دىنلىق يۇقىرى ئورنىنى ۋە تەسىرىنى ساقلىشى، روھىي ھال جەھەتتىن ھازىر مەۋجۇت بولۇۋاتقان بارلىق مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتكەنىدى. مەۋدۇدى ئۇنىڭغا باھا بېرىپ: «بۇ يالغۇز رۇسىندىن ئىبارەت بىرلا ئادەمنىڭ بايقىغىنى ئەمەس، بەلكى ياۋروپا، ئامېرىكا شۇنىڭدەك غەربتىكى بارلىق تەرەققىي تاپقان ئەل خەلقلىرىنىڭ ئورتاق بايقىغىنى. بۇنىڭغا بۇددا دىنى، كاتولىك دىنى ۋە ھىندى دىنلىرىنىڭ ئامالى يوق. پەقەت ئىسلام دىنىلا كەلگۈسىنىڭ مەدەنىيىتى» دەيدۇ.

## 5

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغان بىر مىڭ ئۈچيۈز يىللىق تارىخىدا ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» دىكى خوتۇن ـ قىزلار ھەققىدە نازىل بولغان بۈيۈك ئايەتلەرنىڭ قانچىلىك ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئىجتىمائىي ھاياتقا تەدبىق قىلىنىغانلىقىغا بىر نىمە دىمەك تەس. ئۆتۈپ كەتكەن مىڭ يىلنى قويۇپ تۇرۇپ تونۇگۇنكى 20 ـ ئەسىرگە كۆز يۈگۈرتسەك، بۇ ئەسىردە خوددى بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن (1933 ـ 1995) نىڭ «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» ناملىق ئەسىرىدە قەيت قىلغىنىدەك: «نۇر ۋە سايىلەر، ئىززگۇ ۋە قاباھەت، مەرىپەت ۋە جاھالەت كۈرىشىدە يەنىلا قارا سايىلەر، قاباھەتلىكلەر بىلەن جاھىلىيەت غالىب كەلدى. مەرمەر مۇنارلار، كاھىشلىق قۇببىلەردە تۈۋلانغان ئىززگۇ ئەزانلار، مېھراب ئاستىدا ئوقۇلغان سۈرە ـ ئايەتلەر ۋە پاكلىقتا، ئالىيجانابلىقتا دەۋەت قىلغۇچى ھەدىس ـ ھېكمەتلەر سۇنايىنىڭ پىلىدەك تارقىلىپ كېتىۋەردى» . يەنە ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901 ـ 1933) نىڭ ئېيتقىنىدەك: «مەدەنىيەتتىن بىخەۋەر شەخسىي مەنپەئەت زىللىتىگە بويالغان بېخىل بايلار خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويۇشتەك خوتۇن قەھرىمانلىقى بىلەن پەخىرلەندى. يىگىرمە ـ ئوتتۇزلاپ نىكاھ ئىگىسى بولغانلىقىدىن خوش بولۇپ سۆزلەشتى. ئۇلار مەدەنىي مائارىپ، دارىلتام دېگەنلەردىن تامامەن بىخەۋەر، دۇنيادىن بىخەۋەر ئىدى. دىنىي ئالىملىرىمىزدىن تېخى ئۇمىد يوق بولۇپ، مۇنەۋۋەر ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئىلىم ئوقۇتۇشتىكى كۆز قاراشلىرىدا پەقەت دىنىي ئىلىمنى ئاساسىي ئىلىم دەپ، پەن ئىلىمىگە تۆۋەن نەزەر بىلەن قارىدى. ئۇلارنىڭ مۇنداق زىيانلىق قاراشلىرى نەتىجىسىدە ياش ئەۋلادلىرىمىز ئىلىم ـ پەندىن مەھرۇم قېلىپ يامان ئاقىۋەتلەرگە ئۇچرىدى» . بۇ ئەسىردە بىز مىللەتتىن ئەرەب، پارس، تۈرك، ھىندى، تاتار ۋە تۇڭگان ئالىملىرى تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنغاندەك دىن بىلەن پەن، دىن بىلەن ئاياللار مۇناسىۋىتى خۇسۇسىدا مەخسۇس مۇتالىئە سورۇنلىرى، نەشر ئەپكارلىرى، ئەسەرلەر ۋە مەدرىس ـ مەكتەپلەر مەيدانغا كەلمىدى. گەرچە «ئاللاتائالا بۇ ئىسلام ئۇممىتى ئۈچۈن ھەر يۈز يىل بېشىدا دىننى يېڭىلىغۇچىلارنى كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ» دېگەن ھەدىستە ئېيتىلغىنىدەك، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئابدۇقادىر داموللا (1862 ـ 1924) ، چىڭگىزخان داموللا (1912ـ1952) ، نەسۇھا داموللا (1888 ـ 1955) ، ئابدۇجېلىل داموللا (1896 ـ 1937) ۋە شەمسىددىن داموللا (1882 ـ 1936) غا ئوخشاش مىسىر ۋە ئەرەبىستانلاردا دىنىي ۋە پەننىي بىلىم تەھسىل قىلغان ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋۇجۇدقا كېلىپ خەلقنى نادانلىق، قالاقلىق ۋە خار ـ زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، تەرەققىيات يولىغا باشلاش ئۈچۈن ئەر ـ ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەرىزلىكىنى، خوتۇن ـ قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپ ئېچىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار ئەمەلىلا ئىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما دىنىنىڭ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ھەم تەرەققىياتنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. بۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىلا ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن چوڭ بىر بەختسىزلىك ئىدى. ئۇيغۇر ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىز باسارى بولۇشقا مۇناسىپ ئالىملىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن «قۇرئان» ۋە رەسۇلۇللانىڭ كۆرسەتمىسىنى خالايىققا ئەينەن يەتكۈزىدىغان، ئۇلۇغ پېشۋالارنىڭ تەلىماتىنى مەجلىس،

سورۇنلاردا بايان قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىغا ياخشى ـ يامانىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي تەربىيە بەرگەندىن تاشقىرى زامانىۋىلىشىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىدىغان يولباشچىسى بولماي، تەپرىقچىلىق، مىللىي زۇلۇم، دىنىي كەمسىتىش، نادانلىق ۋە خار ـ زەبۇنلۇقنىڭ ئاسارىتىدە چارەك ئەسىرنى ئۆتكۈزدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ ئەللىك يىلدا ئىسلام دىنىنى ئۆزىگە يېتەكچى ۋە يېرىم يېتەكچى قىلغان مىللىي زۇلۇمغا قارشى خام «ئىنقىلاب» دىن بىرقانچىسى بويىدىن ئاجراپ كەتتى. ئالىم، ئۆلەما، سىياسىيون ۋە پىداكارلىرىدىن ئايرىلىپ چوپانسىز پادىغا ئوخشاپ قالغان بۇ خەلق ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتمىگەن، غەربنىڭ ماددىچىلىق ئىدىيىسىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ كۆكۈزچىلىق تەلىماتىغا ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلغان بىر تىپتىكى ئۆرپ ـ ئادەت ھاكىمىيىتىنى قارشى ئالدى. مۇسۇلمانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي قانۇنى، شۇنداقلا ھەرىكەت مىزانى بولغان «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» ئاساسىدا دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش، ئىسلامىيەتچە مائارىپ، ئەخلاق تەربىيىسى يۈرگۈزۈش ئىشى بۇ ھاكىمىيەتنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭلا باشلانغان ۋە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆلۈنۈپ كەلگەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كرىزىسلار تۈپەيلىدىن ئېتىباردىن يىراقلاشتى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ يۇقىرىلىرىدىن بولغان ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئەر ـ ئاياللىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ھەرقانداق ئىنسانغا كېرەك بولىدىغان دىنىي مەدەنىيەتنىڭ سىرتىدا قالدى. سىياسىي ھاكىمىيەت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ماددىچى پروفېسسورلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە تۈزۈلگەن قىزىل كونسپېكتىن ئەللىك يىل دەرس ئۆتتى. ئۇلار كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇستقۇرۇلمىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا قوبۇل قىلغان زىيالىيلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەربىيىلەپ چىققان ئوقۇغۇچىلىرى خۇددى زامانىمىزنىڭ مۇتەپەككۇرى ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ «ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار» ناملىق ماقالىسىدا كۆرسىتىلگەندەك: «ئالىي مائارىپ ھاياتىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۆز خەلقى ئارىسىدا خىزمەت قىلدى. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ كادىرلار قوبۇل قىلغان ئىدىيە يەرلىك خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيىسىگە نىسبەتەن يېڭى ۋە ئۆزگىچە بولغاچقا، كادىرلار بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەر مەۋجۇت بولدى ـ دە، كادىرلار بىلەن خەلق ئاممىسى گويا ئىككى سىنىپ كىشىلىرىدەك بولۇپ قېلىشتى». دۆلەت ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېگەننى ماددىچىلىق ئاساسىدا ھەرقانچە كۈچەپ شەرھىلىگەن ۋە تەشۋىق قىلغان بولسىمۇ، قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى ئېتىقاد ئاساسىدا چۈشەندۈرۈشكە ئاجىز كەلدى. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىسىنى سىستېمىلىق ھالدا تەتقىق قىلىپ، مەيدانغا كەلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئاينىۋاتقان جەمئىيەتنى ئۇكۇشاش ئىدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا ھاكىمىيىتىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى، دۆلەت رەئىسى ليۇشاۋچى (1898 ـ 1969) پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە قىلغان سەپىرىدە ئاپتونوم رايونىمىزغا كەلدى ۋە بۇ يەردىكى ئىش باشقۇرغۇچى ۋەلىلەرنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزم تەتقىقات ئورنى قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈۋاتىمىز، دېگەن دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قەتئىي ھالدا: «سىلەر ئۇنى قۇرماڭلار، ئۇنداق ئورۇندىن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىكى ھەربىر ئۆلكىدە بىردىن جەمئىي يىگىرمە نەچچىسى بار، سىلەر ئىسلام پەلسەپە تەتقىقات ئورنى قۇرۇڭلار، چۈنكى بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەر قەدىمدىن تارتىپ شۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن» دېدى. مىڭ ئەپسۇس، ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئىدولوگىيە تەرەققىيات تارىخىدىن تولۇق خەۋىرى بار، ئوقۇمۇشلۇق بۇ سىياسونىڭ ئىسلامىيەتكە بولغان تاڭ تەيزۇڭ (597 ـ 649) چە ھېسداشلىق قىلىش مۆتىدىل سىياسىتى ئارىدىن بىر ـ ئىككى يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا سىياسىي رەقىبلىرى تەرىپىدىن ئۇنىڭ جىنايىتى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىسلام پەلسەپە تەتقىقات ئورنى قۇرۇلمىدى. ئىسلام پەلسەپىسىمۇ تەتقىق قىلىنمىدى. ئەكسىچە، شەخسىنىڭ خۇدانى چۈشىنىش ۋە سېغىنىشتىكى ھوقۇقى تالان ـ تاراجغا ئۇچراپ، ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بۈيۈك ئوقۇشلۇقى بولغان مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم» كۆيدۈرۈلدى. خەلق «تاكى 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر ئاڭ فورمىسى ئۈچۈن ياشىدى. مىليونلاپ ئىنسان ئاڭ فورمىسى ئۈچۈن بولغان كۈرەشتە ئۆلدى. مىليونلاپ ئىنسان ئاڭ فورمىسى ئۈچۈن ياماق چاپان، ياماق ئىشتان كىيگەن ھالدا قەھرىمان بولدى. مىليونلاپ ئىنسان ئىجاد قىلىش، بايلىق يارىتىشقا تېگىشلىك مېڭىسىنى ئاڭ فورمىسى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنىڭ جابدۇقلىرىغا

ئايلاندۇرۇپ، ئادىمىيلىككە ياتىدىغان تەبىئەتتىن مەھرۇم بولدى».

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن زامان ئۆزگىرىپ، ئەينى چاغدا ليۇشاۋچىنىڭ گۇماشتىسى دەپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈرۈلگەن دېڭ شياۋپىڭ (1904 ـ 1997) قايتا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. ئۇنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن ئون يىل داۋاملاشقان سىياسىي بوھراندا قاتتىق ئۇۋالچىلىققا قېلىپ بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن ليۇشاۋچى ۋە ئۇ باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ھاكىمىيەتنىڭ ئالىي ھوقۇقدارلىرى ئاقلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. دېڭ شياۋپىڭ «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» مۇھاكىمە دولقۇنى قوزغىدى ۋە ئۇلاپلا ئىدىيە ئازادلىقى ھەرىكىتىنى باشلاپ ئۇزۇن يىل قۇلۇپلاقلىق تۇرۇپ دات بېسىپ كەتكەن دۆلەت دەرۋازىسىنى «ئىسلاھات» ئاچقۇچى بىلەن غەربكە قارىتىپ ئاچتى. 1980 ـ يىلى ئۇ «پارتىيە لۇشيەنىدە چىڭ تۇرايلى، خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلايلى» ناملىق ئەسىرىدە ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا: «ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەقىدە قىلىۋالماسلىق لازىم» دەپ كۆرسەتتى. بۇ «ھەقىقەتنى نەدىن تاپىمىز؟» ناملىـــق ئوبزوردا قەيت قىلىنغىنىدەك «ھازىرغىمۇ، كەلگۈسىگىمۇ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگىمۇ، ھەتتا شەخسنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغىمۇ مەڭگۇ باب كېلىۋېرىدىغان ئىلمىي قاراش» ئىدى. 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا بېرىلگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» تا «دىنشۇناسلىق» نى ئۆز ئىچىـــگە ئالغان ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە تەتقىقاتنى پائال قانات يايدۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ھەققىدىكى تەتقىقات قانات يېيىپ «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەرەبچە ۋە خەنزۇچە باسمىسى جۇڭگودا ئارقا ـ ئارقىدىن نەشرىدىن چىقتى.

1981 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىسلامىيەتنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ئالتۇن دەۋرى بولدى. بۇ سائادەتلىك يىللاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىستېداتلىق ئالىمى، مۇتەرجىمۇلقۇرئان مۇھەممەد سالىھ قارىيھاجىم ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىلىرىنى توغرا، روشەن ۋە تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئۇيغۇرچە بىر تەرجىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تەشنا ۋە ئارزۇمەند ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم بىر ئېھتىياجنى نەزەردە تۇتۇپ، كۆپ يىللار رىيازەت چېكىپ، جاپا ۋە مۇشەققەتلىك ئەمگەك سەرپ قىلىپ، نۇرغۇن سەئىي ئىجتىھاتلار كۆرسىتىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمنىڭ روشەن تەرجىمە ـ تەپسىرىنى يېزىپ چىقتى ھەم پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا يۇكسەك ئىناۋەتكە ئىگە «سەھھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى» ناملىق ھەدىس كىتابىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشى پەقەت زامانىمىزنىڭلا ئۈمىد ـ ئارزۇسى بولۇپ قالماستىن، شۇنداقلا مىڭ يىللار داۋامىدىكى ئۇزۇن تارىخىي جەريانلاردا ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭمۇ ئارزۇ ـ ئارمانى، ئۈمىدى ۋە ئىستىكى بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمما نېمىشقىكىن، ئەخلاقسىزلىققا قاتتىق چەك قويۇلغان سىياسىي ھەرىكەتلەر زامانىسىدا ئەخلاقنىڭ دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم» كۆيدۈرۈلگەن بولسا، ئەخلاقنىڭ مىزانى بولغان «قۇرئان كەرىم» نىڭ نەشر قىلىنىشىغا يول قويۇلغان ئىسلاھات دەۋرىدە ئەخلاقسىزلىق ئەۋج ئېلىپ «مۇقەددەس كىتابلاردىكى قىيامەت تەسۋىرىنىڭ ئالامەتلىرىنى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى رېئال تۇرمۇشتىن يەتكۈدەك ئۇچرىتىشتى».

بۈگۈنكى كۈندە ئاتالمىش ئاياللار ئازادلىقى، ئاياللار ھوقۇقى، ئاياللار ئەركىنلىكى دېگەندەك شۇئار، ھەرىكەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، باراۋەرلىك، ھوقۇق جەھەتلەردە خوتۇن ـ قىزلارغا مەلۇم دەرىجىدە ئىجابىي نەتىجىلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ ئانىلىق مەسئۇلىيىتىگە سەل قارايدىغان، كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ھەتتا بالا تۇغۇشنى خالىمايدىغان، نومۇس قىلىدىغان، تۇغۇپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلىدىغان بەزى لەنتى «ئانا» لارمۇ مەيدانغا كەلدى. بۈگۈنكى زامانچە «تەربىيە كۆرگەن» ئاياللاردا «ئائىلە قەپىسى»، «ئوچاق بېشى»، «بۆشۈك» يېنىدىن قۇتۇلۇپ، «ئۆز قىممىتى» نى نامايان قىلىشنى قارىغۇلارچە قوغلىشىدىغان بىشەملىك شەكىللەندى. شۇ سەۋەبلىك خوتۇن ـ قىزلار (بەزى) ئائىلە ئىشلىرىنى ئاياللارنى تۇگەشتۈرىدىغان ئاۋارىچىلىق دەپ ھېسابلاپ، ئەنئەنىۋى گۈزەل ـ ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تەربىيە ئۇسۇللىرىمىزغا «ئەركىنلىكنى بوغقانلىق» دەپ ئۆكتەملىك بىلەن ھۇجۇم قىلماقتا.

ھازىر سودا بىلەن ئەخلاقنىڭ بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەسلىكى گەۋدىلىك ئىش بولۇپ قالدى، تېز

سۈرئەتتە باي بولۇش دەۋرى پۇل ئۆچۈن مۇسابىقىلىشىدىغان تەۋەككۇلچىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىستېمالچىلاردا قانداق يامان تەسىر قالدۇرۇشتىن قەتئىينەزەر، بازارلىرىمىز ئاياللارنىڭ ئەۋرەت لاتىسى بىلەن ئەمچەك خالتىلىرىغا توشۇپ كەتتى. جىنسىي ئاجىزلىقنى داۋالاش دورىلىرىنىڭ ماركىسى بىلەن ئىشتانسىز خوتۇنلارنىڭ سۈرەتلىرى ھەيۋەتلىك ئېلان تاختىلىرىدىن ئورۇن ئالدى. «بازار دېگەن ئۇقۇم كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئەسەبىيلىك دەرىجىسىگە يېتىپ، ھەممە ئادەم جۈملىدىن، ھەممە خوتۇن ـ قىزلار «سودىگەر» بولدى. كىشىلەر ئۆز ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە ئىنساننىڭ ئىززىتى دائىرىسىگە كىرىدىغان ۋۇجۇد بايلىقلىرىنىمۇ بازارغا يۈزلەندۈردى. كېلىشكەن بەدەن، دىلرەبا كۆز، ئوتقاشتەك لەۋلەر مۇلازىمەتچىلىكنىڭ ئەڭ گۈزەل ئېلېمىنتلىرىغا ئايلاندى» (ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار»). ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى پۇل تېپىپ جان بېقىشنىڭ دەسمايىسى قىلىندى. «ئاياللار شەھەر ھاياتىدىكى كۆزنى ئەڭ چاقنىتىدىغان ھەم ئەڭ كارغا كېلىدىغان ۋاستە بولدى»، «ئەرلەر گۈزەل ئاياللار ئارىسىدا تۇرۇپ ۋاپا تەشۋىشىدە، ئاياللار قاۋۇل ئەرلەر ئارىسىدا تۇرۇپ باياۋان چاڭقاقلىقىدا» قالدى. (ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئەركەك سۈنى كۆپرەك ئىچەيلى»). «ئاكىسى بارسا پۈتمەيدىغان ئىش سىڭلىسى بارسا ھەل بولىدىغان، ئەر كىشى كىرسە تەتۈر قارىغان باشلىق خوتۇن كىشى كىرسە دەس تۇرىدىغان بولدى» (ئابباس مونىياز: «پاجىئەنىڭ يەنە بىر يۈزى»). «ئۇيغۇر مىللىي پسىخىكىسىدا ئائىللىق غورۇرنىڭ قورغىنى بولمىش ھايا زامانىۋى مەدەنىيەت كەلكۈنلىرىنىڭ شىددىتى ئالدىدا ئاستا ـ ئاستا غۇلاپ، ئاياللارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى زىننەتلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. ئائىللىق گۈزەللىك شائىرلارنىڭ نەزىرىدىكى مۇقەددەسلىكتىن خىزمەت، سودا، مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى كاتالىزاتورغا ئايلاندى. غەربچە كىيىنگەن مودا قىزلار ئىگىسىگە خىيانەت قىلىپ نۇرغۇنلىغان كۆزلەرنى ھارامدىن ئوۋلاپ ماڭىدىغان بولدى. ئەرلەرنىڭ نەزەرىدە ئاياللاردىكى گۈزەللىك ۋە ئىپپەت ئىستېمال بويۇمىغا ئايلانغان بولسا، ئاياللار ئۇنى ۋاستە قىلىپ ئەرلەردىكى پۇل، ھوقۇق، نام ـ شەرەپ ۋە ئىمتىيازلارنى ئىستېمال قىلىدىغان بولدى» (ئابدۇقادىر جالالىدىن: «تىلەمچى ئايال، مودا قىز ۋە ئىستېمال»). «سىنقويغۇ، سىنئالغۇ ئاپپاراتلىرىنىڭ تارىلىشى، CD، VCD، LD پىلاستىنكىلىرىنىڭ شىددەت بىلەن ئومۇملىششى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى غەربچە مۇھەببەت شەكلى، تۇرمۇش شەكلى، غەربچە مۇناسىۋەت شەكلى، غەربچە قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا تولدۇرۇۋەتتى ۋە ياشلارنىڭ ئېڭى، قىممەت قارىشىنى تېز ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. نەتىجىدە، بىر ئائىلىدە ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاقىي نىزامدا سۈركۈلۈش پەيدا بولۇپ، ئاتا ـ ئانا ۋە بالا ھەمجەھەتلىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان مىللىي ئەخلاق ئەنئەنىسى قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلدى. ئائىلە تەربىيىسى (شەھەرلەردىكى مىللىي ئائىلىلەردە ئائىلە تەربىيىسى دېگەن نەرسە بارغانسېرى يوقنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالدى)، مەكتەپ تەربىيىسى قاتارلىقلار جەمئىيەتتىكى چىرىكلىكلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۈنۈم بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. يىگىتلەر نىكاھقا كەلگەندە قىزلىق ئىپپەتكە قاتتىق دىققەت قىلىشتىن سەل قاراشقا ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزلىق ئىپپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنىڭ تىجارەت شەكلى سۈپىتىدە ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىپپەتكە قويۇلىدىغان نازۇك تەلەپنى مۇجمەللەشتۈرۈۋەتتى» (ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار»).

ماددىي بەھرىمەنلىنىش، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىش، پۇلپەرەسلىك ھازىر غەرب دۇنياسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېڭىدا ئەڭ چوڭ ئەنگۈشتەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ نىشاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە ئەڭ يۇقىرى تېز سۈرئەتنى قوغلىشىدىغان ئىنسانلار گۆرۈھى بارلىق ئەقىل ـ پاراسىتىنى رەھىمسىز ئىشلارغا سېلىپ، ئۇنى ئىجاد قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە يوللىرىغا قاراتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇسۇل ـ چارىلەر ئاستا ـ ئاستا مەقسەتكە ئايلىنىپ قالدى. ھەقىقەت ئىنسانلارغا ئىلمىي كەشپىياتلارنىڭ ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىلمايدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ قوللىنىشتا ياخشى ـ يامان ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ھازىر بىز تېز سۈرئەتتە دۇنيانىڭ بارلىق جايلىرىنى ساياھەت قىلالايدىغان بولدۇق. ئەمما، مۇقەددەس تاۋاپ رايونلىرىنىڭ شۆھرىتى كەملەپ كەتتى. چۈنكى، «ئارىلىق» نىڭ ئۇقۇمى يوقىلىپ، ناھايىتى يىراق دەپ قارالغان ئەللەرمۇ بوسۇغىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئەسلىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق دەپ قارالغان يېڭى قولايلىق شارائىتلار ئەكسىچە رول ئويناپ، ھازىرقى كۈچلۈك رىقابەت ئىچىدە قالدۇردى. ئىلمىي كەشپىياتلارنى

www.uyghurkitap.com

قالايمىقان قوللىنىش نەتىجىسىدە پەن ــ تېخنىكىنىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى بارغانسېرى ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. بۇ خۇددى پاكىزە، ساپ بىر يېمەكلىكنىڭ بۇزۇق ئاشقازانغا كىرىپ زەھەرگە ئايلانغىنىدەك بىر ئىش. ياۋرۇپالىق يوت دېگەن بىر تەبىئىي پەن ئالىمى: «ئىلىم ــ پەن بىزگە خۇددى ئىلاھلاردا بولىدىغان ھوقۇقلارنى ئاتا قىلدى. ئەپسۇس، بىز بۇ ھوقۇقلارنى ئىشلىتىدىغان چاغدا گۆدەكلەر ۋە ياۋايىلاردا بولىدىغان قىلىقلارنى قىلدۇق» دېگەن ئىدى. شۇنداق بولغانلىقتىن، بەزى غەرب دۇنياسى كونتروللۇقىدىكى زور ئىلىم ــ پەن مۇۋەپپەقىيىتى يالغۇز شۇلارنىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پاجىئە ئېلىپ كەلدى. بۇ ھەتتا ئىلىم ــ پەننىڭ ئەڭ قىزغىن ياقلىغۇچىلىرىنىمۇ چۆچۈتۈۋەتتى. بىز ھازىر زەھەرلىك چېكىملىك دەپ ئاتاۋاتقان خروئىن مېدىتسىنادا ئەڭ دەسلەپ بايقالغان چېغىدا ئاغرىق توختىتىش دورىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلەتتى. ئەمما، ئۇنى ھازىر ئىنسانلار ئۆزىنى نابۇت قىلىش مەقسىتىدە رازىمەنلىك بىلەن ئىشلەتمەكتە. ئۇ ھازىر ھەممىدىن بەك بىزنى ۋەيران قىلدى. بىز پروفېسسور يوتنىڭ دېگىنىدەك ئىش قىلدۇق. بىزدە ھازىر شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلار ئىلىم ــ پەن، ھۈنەر ــ سەنئەت، تەنتەربىيە، ئىقتىسادىي دۇنيا، روھىي مەدەنىيەت دېگەنلەرگە قىزىقمايدۇ. ئۇلار كېسەلمۇ ئەمەس، تەبىئىي ئاپەت، ئاچارچىلىققىمۇ دۇچار بولمىغان، ئۇرۇش تەھدىتىگە تېخىمۇ يولۇقمىغان تۇرۇقلۇق، ئۆز ھاياتىنى قەدىرلىمەي، ھايۋانىنىڭ قىلىقلىرى بىلەن ھالاكەت يولىنى ئىزدەيدۇ. ئۇلار زەھەر چېكىپ، خار ــ زەبۇنلۇقتا ياشاپ، مەينەت، پاسكىنا، نىجاسەتلەر ئىچىدە بىئەمان كېتىشكە رازىكى، ئۆزلىرىنىڭ قانداق يارىتىلىپ، مېھرى ــ شەپقەت بىلەن تولغان بۇ ئىللىق دۇنياغا كەلگەنلىكى ۋە قانداق كېتىشى كېرەكلىكى ئۈستىدە قىلچە پىكىر قىلمايدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئىجتىھادلىق قەلەم ساھىبى، جەمئىيەتشۇناس ئەركىن روزىنىڭ «بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار» ناملىق كىتابىدىكى مەلۇماتلارغا كۆرە، «ھازىر بەزى بېدىكلەر خەنزۇ خوجايىنلار بىلەن چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى دەللالغا ئايلىنىپ، چەت ئەللىكلەرگە تونۇشتۇرىدىغان مال ئەۋرىشكىلىرى قاتارىدا ئۆزىنىڭ قىزىدەك، سىڭلىسىدەك قىزلارنى كېرەكتىن چىقىرىۋاتىدۇ. ئۇلار دىنىي ئاڭ، مىللىي ھېسسىيات، ئەرلىك غۇرۇر، قېرىنداشلارچە مېھرى ــ مۇھەببەت، ئىنساپ دېگەنلەرنى قايرىپ قويۇپ، پۇل تېپىش ئۈچۈن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزلارنى ئالداپ ئەپچىقىپ، ھەر جۈمە كۈنى دېڭىز ياقىسىغا ئۈچىدىغان ئايروپىلانلار بىلەن يولغا سېلىپ، پۇتۇشۇپ قويغان خوجايىنلىرىغا سوۋغا بېرىپ، زېمىن كۆتۈرەلمىگۇدەك دەرىجىدىكى چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بۇ سېتىلما، غۇرۇرسىز، دوزىخىي، ئاسىي قىزلار ئىپپەت ــ نومۇسىنى سېتىپ تاپقان ھارام پۇللىرىنى يانچۇقلىرىغا سېلىپ، دۈشەنبە ياكى سەيشەنبە كۈنلىرى خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنە ئايروپىلان بىلەن قايتىپ كېلىپ دەرسخانىلىرىغا كىرىپ ئولتۇرۇشىدۇ. يەنە بەزى بېدىكلەر بىر قىسىم ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئىشسىز، يۆلەكسىز يۈرگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، تەرەپ ــ تەرەپكە قاتراپ ئېلان چىقىرىپ، ھەر خىل ياغلىما سۆزلەر ۋە چىرايلىق ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىپ، قىزلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئالداپ ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى بىر مەزگىل كۆندۈرگەندىن كېيىن ھەر خىل خۇلق، مىجەز ۋە ھۈنەرلەرنى ئۆگىتىپ ھارام مۇلازىمەتكە سالىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ شەخسىي تاپاۋىتى ئۈچۈن قىزلارنىڭ چېھرىدىن، زىلۋا بويلىرىدىن، نازۇك تەنلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ ئېتىقادسىز، ئىمانى يوق قىزلار ئۇ جايلاردا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن «بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي» دەپ ئۆزىنى قويۇۋېتىپ يامان يوللارغا كىرىپ، رەزىل ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇلار دەسلەپتە ھېلىقى ئاتالمىش «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» بېدىكلىرىگە ئەگىشىپ، ھەر خىل مۇلازىمەتلەرگە مەجبۇرلىنىدۇ.

ئاخىر ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تەقدىرگە تەن بېرىپ، تەرەققىي قىلغان جايلارنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ، بەزىلىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ تۈرمىلەرگە سولىنىدۇ، ھەتتا ئانا يۇرتلىرىغا قايتىپ كېلەلمەي ئۆلۈپ تۈگىشىدۇ. بەزى بېدىكلەر شىنجاڭدىن بىچارە بالىلارنى ئالداپ ئەپچىقىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ئاۋۋال زەھەر چەكتۈرۈپ خۇمار قىلىدۇ، ئاندىن ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قاتارلىق ئىشلارغا سالىدۇ. بەزىلىرى شۇ جايدىكى يەرلىك خوجايىنلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، مەخسۇس ئۇيغۇر ئىستېمالچىلارنى تونۇشتۇرىدۇ. بەزىلىرى يەرلىك زەھەر كاتتىۋاشلىرىدىن زەھەرنى توپ سېتىۋېلىپ شۇ جاينىڭ ئۆزىدە چېكىدۇ ياكى ساتىدۇ. ئۇلاردىن بەزىلىرى ھەرخىل جاھىل خاراكتېرلىك جىنسىي كېسەللەرنى، ئەيدىز ۋىرۇسلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. شىنجاڭغا قايتىپ كېلەلىگەنلىرى يەنە ئۆزىگە ئوخشاش نۇرغۇن ئوغۇل ــ قىزلارنى كاردىن چىقىرىدۇ. كىمىكى زەھەر چەكسە ئۇنىڭ ئۆۋالى ئايالىغا، بالىسىغا

بولىدۇ. ئۇلار ياش، نامرات، يوقسۇل پېتى تول قالىدۇ. روھىي زەربىگە ئۇچراپ ئازاب چېكىدۇ. بەزى ئايالار زەھەر چېكىپ تۇتۇلغان ئەرلىرىنى قايتۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل «شەرت»لىرىنى ئورۇندايدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار خورلىنىپ ئېغىر بەدەل تۆلەيدۇ. ئۆزلىرى خالىمىغان ئىشلارنى قىلىشقا، «يول» لاردا مېڭىشقا زورلىنىدۇ. بەزى ئەرلەر پۈتۈن ئۆي - ۋاق بىساتى، مال دۇنيالىرىنى زەھەرگە تېگىشىپ بولغاندىن كېيىن زەھەر سېتىۋېلىشقا پۇلى بولماي، باشقا ئەرلەرنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ خوتۇنىنى شۇ ئەر بىلەن زىنا قىلىپ پۇلىنى ئېلىشقا ۋە ياكى ئايالىنى كوچىغا چىقىپ، تېنىنى سېتىش ئارقىلىق پۇل تېپىپ كېلىشكە زورلايدۇ. بەزىلىرى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ مىڭ بىر مۇشەققەتتە تېجەپ يىغقان پۇلىنى زەھەرگە تېگىشىپ يوقىتىدۇ. ئاتا - ئانىلارغا ئاھانەت قىلىدۇ، تىللايدۇ، قاخشىتىدۇ. ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ بەرمىسە ياكى قاتتىقراق گەپ قىلسا، ئاتا - ئانىسىغا، قېرىندىشىغا ۋەھشىيلەرچە ئېتىلىدۇ، پىچاق كۆتۈرىدۇ».

ھازىرقى كۈندە بىلىم ئېلىش پۈرسىتى ۋە ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەنلىكتىن ياكى «يول ماڭدىغان ئادىمى» بولمىغانلىقتىن، بەھرىمەنلىنىشكە تېگىشلىك ھوقۇق، مەجبۇرىيەت ۋە تۇرمۇش مەئىشەتلىرىدىن قۇرۇق قېلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياكى سەھرا - يېزىلاردا قارا ئەمگەك كۈچى ياكى مەدىكار بولۇپ تۇرۇۋاتقان نى - نى گۈزەل خوتۇن - قىزلار بار. بىز ئۇنداقلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ جاپا تارتىپ يەر تېرىۋاتقانلىقىنى، ئەردىن تەلىيى چىقماي تول ياشاۋاتقانلىقىنى ياكى جان بېقىش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە «خوتۇن» (تول خوتۇن) لۇق، «دېھقان»لىق ۋە «مەدىكار» لىق پۈتۈلۈپ كەتكەن. ئۇلار شەھەر ۋە شەھەرلەشكەن سەھرالاردىكى پۇلدار ئاقسۆڭەك بايۋەچچىلەرگە مەڭگۈ «باۋمۇ» بولىدۇكى، ھەرگىز «خانىم» ، «رەپىقە» بولالمايدۇ. ئەكسىچە، شەھەر ۋە شەھەرلەشكەن سەھرالاردىكى توقلۇقتىن بۇخسۇپ كەتكەن چاكىنا، مەسخىرىۋاز ئايالارنىڭ بەزى چوڭ - كىچىك ئىش باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلار ياكى باي - بايۋەچچىلەرنىڭ خوتۇن - قىزلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان خىش - ئەقرىبالىرى ياكى ئاشنا - ئاغىنىلىرى بولغانلىق سەۋەبىدىن، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ھەر - ھەر غوناندەك ئەركەكلەرنىڭ خانىمى ياكى پەردە ئارقىسىدىكى خانىشى بولۇپ ئىش باشقۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ ھەتتا ھەقلەپ نىكاھلاپ ئالغان ئەرلىرىنىڭمۇ «خوتۇن» دەپ چاقىرىشىدىن ئۆلگۈدەك ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، نومۇس قىلىدۇ. ئۇلارچە بولغاندا ئۇلار «خوتۇن» ئەمەس، بەلكى «خانىم» ياكى «رەپىقە». ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە «خوتۇن»لۇق ئەمەس، بەلكى «ئەتىر» پۇراپ تۇرىدىغان ئەنە شۇنداق پىكاپىتا ئولتۇرىدىغان «خانىم»لىق ۋە «رەپىقە»لىق پۈتۈلگەن. بۇ خوتۇنلار «ئۆزلىرىنى ‹گۈزەل› لەشتۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك پۇل خەجلىگىنىنى، قانچىلىك ۋاقىت ئىسراپ قىلغىنىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ. باللىرىغا كۆيۈنمىگەن، باللىرى سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرەلمىگىنى بىلەن ساتىراشخانىلاردىن قايسىسىنىڭ چاچنى ئوبدان سارغايتىدىغانلىقىنى، قايسىسىنىڭ ئوبدان بۆدرە قىلىدىغانلىقىنى، ھۆسن تۈزەش دۇكانلىرىدىن قايسىسىنىڭ قىسىق كۆزنى بولاق كۆزگە ئايلاندۇرالايدىغانلىقى قاتارلىقلارنى بەش قولدەك بىلىدۇ» . ھازىرقى كۈندە غەربلىكلەرنى دوراپ چاچ بوياش ئەۋج ئالدى. ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، ئۆزگىچە مىللىي گۈزەللىك پەيدا قىلىدىغان ئۇزۇن - بوستان چاچلار يوقالدى. «ئۆسمۈر قىزلاردىن تارتىپ مامىكاپ بولۇپ كەتكەن موماي خوتۇنلارغىچە ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىپ، تىرناقلىرىنى ئۆستۈرۈپ، يۈز - كۆزىنى ئالۋاستىدەك بوياپ يۈرىدىغان بولدى» . مۆھتىرەمە مۇئەللىمە ھۆرنىسا ماموتنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «ئايالارنىڭ گۈزەللىككە بولغان تەقەززالىقىنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە تۈرلۈك ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرى يامغۇردىن كېيىنكى مايسىدەك ئاۋۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار گۈزەللىكتىن يىراقلاشتى، چىن گۈزەللىكتىن بارلىققا كېلىدىغان مۇھەببەت زىلزىلىلىرى قايتا پەيدا بولمىدى. قىز - ئايالار ئۆز گۈزەللىكىگە تاۋار سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ، گۈزەللىك ئىزدەش يولىدا ئاجايىپ - غارايىپ ناجىنس كەشپىياتلارنى ئىختىرا قىلدى. ( ئۇلار گۈزەللىكنى ئۆزىنىڭ قەلبىدىن —— باتىنىي دۇنياسىدىن ئەمەس، تاشقى قىياپىتىدىن —— زاھىرى دۇنياسىدىن ئىزدىدى) . ئۇلار ئايالىق گۈزەللىكنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى دەپ قارىماستىن، بەلكى ئەرلەر دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇشنىڭ قورالى، دەپ قارىدى» .

ھازىرقى كۈندە ئىسكەتخانا (باشقىلار ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرى دەپ ئاتىغان ھۆسن بۇزۇش ئورۇنلىرى) لارنىڭ بارلىققا كېلىشى، نۇرغۇن پۇللارنىڭ ئىسراپ قىلىنىپ، سۈنئىي ياسىنىش، تارتىنىشقا كېتىشى، ئەكسىچە ئۇ خىلدىكى سۈنئىي پەدەزلەرنىڭ تانسىخانا، ئىشرەتخانا، ئاشنىخانا، بەزمىخانىلاردا پۇلدار بايۋەچچىلەرگە ئولپەت بولۇپ بېرىشنىڭ ئېھتىياجى؛ شۇنداقلا قارىماققا باي - باياشادلىق ھەم

توقچىلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە كۈنسېرى كۆپەيگەن ھەيۋەتلىك قاۋاقخانا، رېستۇران ھەم ‹مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش›، ۋۇۋسكىسى بىلەن قەد كۆتۈرگەن مۇلازىمەت مەركەزلىرىدە ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىپپەت سودىسىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقى ئەسكە ئېلىنسا، شۇنداق ئىسكەتخانا، پەردەزخانا ئاچقان، ئىسكەتخانا، پەردەزخانىلەرگە كىرىپ ئۆزىنى پەردەزلەتكەن چاكىنا، لاۋزا، ساياق، بۇزۇق دوزىخىي خوتۇنلارغا «جاھىلىيەت دەۋرى» گە نەپرەتلەنگەندەك نەپرەتلەنگىمىز كېلىدۇ. بەزى خوتۇن ـ قىزلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىتى نېمە؟ ئېنىقكى، ئۆزىنى خورلاش ھېسابىغا ئەرلەرگە ئويۇنچۇق بولۇش. ئەرلەرنىڭچۇ؟ ئۆزىنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ھېسابىغا خوتۇن ـ قىزلارنى دەپسەندە قىلىش. «قىزلىرىمىز مىللەتنىڭ غۇنچىلىرى، ئانا بولغۇچى مۇبارەك كىشىلىرىمىز. ئەگەر يىگىتلىرىمىز قىز قېرىنداشلىرىنى ــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بولغۇسى ئانىلىرىنى دەپسەندە قىلىپ، ‹لەززەت› ھېس قىلىدىغان بولسا، بۇ مىللەت ‹تۇخۇم› دىلا بۇزۇلغان مىللەتكە ئايلانماسمۇ؟! قىزلىرىمىز پۇل ۋە پاراغەت ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئىپپەت سارىيىنى تاماكا ‹كۆلدانى› غا ئايلاندۇرۇۋالسا، ئۇلار مۇھەببەت، ئائىلە، ئانا ۋە چوڭ ئانا بولۇشتىكى پاكلىقتا، مۇقەددەس ئەقىدىدىن ئىبارەت بەختكە يەنە نېمە بىلەن ئېرىشەر؟ ئائىلىلىك تۇرۇپ ‹ئىپپەت سېتىش ماگىزىنى›، ھەتتا گۇرۇھلاشقان ‹ئىپپەت سېتىش شىركىتى›، ئاچقان قىز ـ ئاياللار خەلقىمىز گەۋدىسىگە داۋاملىق زەھەر قۇرتلىرى چېچىپ نېمە ھۇزۇر ئالار؟» (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى بىر ئىللەت»). بۇزۇق ئاياللارنىڭ قەلبىدە پاك مۇھەببەت بولمايدۇ. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتنى بۇلغايدۇ. ئۇلار قۇرت ـ قوڭغۇزدەك يۇرۇپ پۇتكۈل بەختسىزلىكنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ. يالىڭاچ ۋە يېرىم يالىڭاچ يۈرىدىغان، ئۆزىنى ھەر دائىم ھەر خىل رەڭلەردە بويايدىغان، تانسخانا، بەزمىخانىلاردىن كەلمەيدىغان خوتۇن ـ قىزلاردىن ئەركەك تۆكى بار ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شۈركىنىدۇ. ئىپپەت ـ نومۇسلۇق، شەرم ـ ھايالىق خوتۇن ـ قىزلار ئۆزلىرىنىڭ يارىشىملىق، ئادەتتە ـ ساددا كىيىنىشلىرى ۋە گۈزەل ئەخلاقى، نۇرانە چىرايلىرى بىلەن كىشىگە سۆيۈملۈك كۆرۈنىدۇ.

«ھازىر خوتۇن ـ قىزلىرىمىزغا بالا تەگدى» دەپ يازىدۇ خەلق ئوقۇتقۇچىسى ئا. مەتتۇمۇر ئەپەندى «ئۇ تىلەمچى ئەمەس، مېنىڭ سۆيگىنىم!» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئۇلار تېخى تۇغۇلمىغان باللىرىدىن تېنىۋاتىدۇ، سەسكىنىۋاتىدۇ. ئەكسىچە، بالا بېقىشقا ئېرىنچەكلىك قىلغان چوكان ـ خېنىملارنىڭ بەزىلىرى ئاۋستراليە، گېرمانىيەلەرنىڭ پىستە ـ كۈچۈكلىرىنى ئەتىۋارلاپ نەچچە مىڭ سومغا سېتىۋېلىپ بېقىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە غەربلىكلەرنىڭ چېقىر كۆزلىرى، سېرىق چاچلىرى بىز خەقنىڭ قاپقارا قوي كۆزلىرىدىن، قوڭدۇزدەك بوستان چاچلىرىدىن، ئۇلارنىڭ يېرىم يالىڭاچلىقى بىزنىڭ گۈزەللىك ۋە ھايانى بەلگە قىلغان كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزدىن، ھەتتا ئىتلىرىمۇ بىزنىڭ باللىرىمىزدىن ياخشى. بەزى يۈرەك پارىسى بولغان باللىرىنى كۆتۈرۈشكە نومۇس قىلغان ‹چىشى قانجۇقلار›، چاچلىرىنى ئالا ـ تاغىل بوياپ، قاپاقلىرىنى يارىدۇرۇپ، ئەۋرەتلىرىنى ئالقانچىلىك لاتا بىلەن يېپىپ قويۇپ، كۆتى ئوچۇق ھالدا ئىتنى كۆكسىگە تېڭىپ يۈرمەكتە. ئۇلار ساپ قېنىدىن يۇغۇرۇلۇپ، باغرىنى يېرىپ چۈشىدىغان باللىرىنى، بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنى چەت ئەلنىڭ ئىتلىرىغا تېگىشمەكتە. ئۇلار ھازىر مەدەنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەممە نېمىسىنى تېگىشىشكە رازى، ئۇلار ھازىر مەدەنىيەت سارىڭى. ئۇلار ھازىر مەدەنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن تېلېۋىزورلاردا نېمە كۆرسە شۇنى دورايدىغان، رادىئو، ئۈنئالغۇلاردا نېمە ئاڭلىسا شۇنىڭغا خۇداغا ئىشەنگەندىنمۇ بەكرەك ئىشىنىدىغان ماشىنا خوتۇنلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئەمدى ئەتىمىز قانداق بولار؟ بۇ ئۇلۇغ ئاللاغا ئامانەت. ئى خۇدا! خوتۇن ـ قىزلىرىمىزغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئىمان ـ ئىنساپ ئاتا قىلغايسەن!»

قەدىمكى زامان ھىندۇ بەرەھمەنلىرىنىڭ رەھبىرى، پەيلاسوپ بىدپاي ھىندىستان پادىشاھى دابىلشىمغا ئاتاپ يازغان «كەلىلە ۋە دەمنە» دېگەن كىتابىدا شۇ زاماندىكى خوتۇن ـ قىزلار پاجىئەسى ئۈستىدە توختىلىپ، بەش خىل خوتۇن ئۈچۈن غەم يېمەكنىڭ ئەرلەرگە راۋا بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، نەسىبى ئۇلۇغ، ئۆزى ساھىبجامال ۋە پاك بولغان خوتۇنلار؛ ئىككىنچىسى، ئۆزى دانا، ئېغىر بېسىق، ئەقىدىلىك ۋە بىر كۆڭۈللۈك بولغان خوتۇنلار؛ ئۈچىنچىسى، ھەمىشە تەرەپدارلىق، ھاۋادارلىق قىلىدىغان، نەسىھەتگۈي ھەم شەپقەتلىك خوتۇنلار؛ تۆتىنچىسى، يۈزى قۇتلۇق، سۆزى مۇبارەك ۋە ئايىغى يارىشىدىغان خوتۇنلار؛ بەشىنچىسى، ئۆزىگە خاھى زىيان يەتسۇن، خاھى پايدا يەتسۇن، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، قانداق يول بىلەن بولمىسۇن ئېرىگە پايدا يېتىشنى كۆزلەيدىغان خوتۇنلار.

ھازىرقى خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ يۈزلىنىشىدىن قەدىمكى زامانلاردىكىدەك بىرەر پاجىئەنىڭ قايتا تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن ھوش كاللىسى جايىدىكى تەقۋادار ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى ئەنسىرەشمەكتە. بۇ

پاجىئە خوتۇن ـ قىزلار تەبىئىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن، شۇنداقلا ئەرلەر ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن كېلىدۇ. ناۋادا بىر ئەركەك ئۆزىنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى ئالدىدىكى ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۇلارغا ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگەتمىسە، پەرزلەرنى ئادا قىلمىسا، دىن ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى دەپسەندە قىلىپ، پاك، مەسۇم، گۇناھسىز ئاياللىرىنى ھېچبىر بانايى سەۋەب كۆرسەتمەي تۇرۇپلا خورلىسا ياكى ئۇنىڭغا گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا زورلىسا، كوچىغا چىقىرىۋەتسە بىز دېگەن ھېلىقى پاجىئە يۈز بەرمەي قالمايدۇ. ناۋادا بىر خوتۇن ئۆزىنى قونچاقتەك ياساپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى ئالۋاستىدەك بوياپ، بەللىرىنى كەمەر بىلەن باغلاپ، كۆكسىنى تۆگىنىڭ لوككىسىدەك دىڭگايتىپ چىقىرىپ، جەڭگاھقا يارىتىلغان پالۋانلىقتىن قازان بېشىنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئاشپەزلىككە چۈشۈپ قالغان «ئەر»لىرىگە ئوغۇل ـ قىزلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى تانىسخانىمۇ تانىسخانا يۈرسە بىز دېگەن ھېلىقى پاجىئە يۈز بەرمەي قالمايدۇ. ئەگەر ئەرلەر ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» ۋە رەسۇلىللانىڭ سۈننىتى بىلەن خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ، ئۇلارغا ئەدەپ ـ ئەخلاق، ھۈنەر ـ ئىلىم ئۆگەتسە، ئۇلارنىڭ كوچىغا چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالمايدىغان بولسا، ئەجنەبىيلەرنى دوراپ، يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ كوچىغا چىقىپ كەتكەن خوتۇن ـ قىزلارنى توغرا يولغا ھىدايەت يولىغا قايتۇرۇپ كېلىدىغان، ئۇلاردىن سەسكىنىدىغان، نەپرەتلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بىز دېگەن ھېلىقى پاجىئە يۈز بەرمەيدۇ. ئەگەر خوتۇن ـ قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىق تەبىئىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، ھۆرلۈك نامى ئاستىدا ئۆزى بىلگەننى قىلىپ ئەرلەرنىڭ قىلمىقلىرىنى دورايدىكەن ياكى ئائىلىدىكى بۇرچىنى ئۇنتۇپ، ئائىلە ئىشلىرى، پەرزەنت تەربىيىسى بىلەن كارى بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا بۇ مىللەت چوقۇم ۋەيران بولىدۇ. ئۇنىڭ بۈيۈك ئەنئەنىلىرىمۇ يوقىلىدۇ. بۇ يۇنان، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاقىۋىتى.

مۇشۇ ئەسىرىمىزنىڭ بېشىدا ئىستىبداتلىق دىنىي ئالىم ئابدۇقادىر داموللىنىڭ زاماندىشى، بۇخارادا ئون يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان دىنىي ئالىم، قەشقەر خانلىق مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى شەمسىددىن داموللا 1929 ـ يىلى ئەرەبىستانغا قىلغان ھەج سەپىرىدە ئىسلام دۇنياسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دىنىي ئىسلاھاتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ھەم ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دىنىي ئىسلاھ قىلىشنى، ئىسلام شەرىئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇيغۇرچە «قۇرئان تەپسىرى» ۋە خوتۇن ـ قىزلارغا ئاتاپ «مۇھەممەتۇل ـ زەۋجەين» (ئاياللارغا مۇھىم قائىدىلەر) ناملىق ئەسىرىنى يازدى. ئارىدىن توپتوغرا بىر كەم ئەللىك يىل ئۆتكەندە ژۇرنالىست، تارىخچى، ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتچىسى نىزامىددىن ھۈسەيىن (1928 ـ 1998) ئەپەندى «يولسىز ئەقىدە» (1985 ـ يىلى)، «جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا» (1987 ـ يىلى)، «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۇچېرىكلىرى» (1988 ـ يىلى) قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى تۆت يۈز ـ بەش يۈز يىل مابەينىدە ئىسلام ئەنئەنىلىرىدىن چەتنەپ، سەپەر يۈرۈشلىرىگە بىدئەت ئارىلاشتۇرۇپ، ھاياتنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى «جاھىلىيەت دەۋرى» دىنمۇ بەك جاھىلىيەت پېتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈستىدىن شىكايەتلەر قىلىپ، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بۇزغان روھانىي ئىشان ـ سوپىلارغا تۈنجى بولۇپ، توغرىدىن ـ توغرا تىل تەگكۈزدى ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە ئۆزى كېلىپ چىققان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئوپپېراتسىيە قىلدى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى يازغان «بىزدىكى ئىللەتلەر» ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلاردىكى ئەۋھاپەرەسلىك، خۇراپاتلىق، ھاراقكەشلىك، نەشكەشلىك، «ئاق چېكىش» قاتارلىق ئىللەتلەرنى قامچىلاپ، خەلقىمىزنى بۇ ئىللەتلەرگە قارشى مىللەت ھەرىكىتى، خەلق ھەرىكىتى، يۇرت ھەرىكىتى، مەھەللە ـ كوچا ھەرىكىتى، ئائىلە ۋە ئادەملەر ھەرىكىتى قوزغاشقا چاقىرسا، «بىزدىكى ناچار يۈزلىنىشلەر» ناملىق ئەسىرىدە زامانىمىز خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ يېڭى پاجىئەسى ئۈستىدە توختىلىپ، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتلىرى ئۇچۇن چۇقان كۆتۈردى. ئۇنىڭ چۇقان سادالىرى خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مەزگىلىدىكى جىنسىي ئازادلىق تەتۈر قۇيۇنىغا قارشى تۇۋلانغان چۇقانلاردىن پەرقلىق ھالدا ئىسمائىل بەگ غەسفىرىنسكىچە ئىدى. ئۇنىڭ قەيتلىرىدىن كۆرە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خوتۇن ـ قىزلار ئازادلىقى ھەرىكىتىنىڭ داقا ـ دۇمباق سادالىرى ئىچىدە فېئوداللىق ئىدىيىلەرنىڭ ئاسارىتىدىن ئۇيغىتىلغان خوتۇن ـ قىزلىرىمىز گەرچە ھۆرلۈككە چىققان بولسىمۇ، خوتۇن ـ قىزلارنى بوزەك ئېتىدىغان، خورلايدىغان، كەمسىتىدىغان، ياراتمايدىغان روھىي ئىللەت ئۇيغۇر روھىيىتىدىن تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى. جاھىلىيەت بېسىمى، ئەرلەر بېسىمى، ئائىلە بېسىمى، جەمئىيەت بېسىمى مىللەت خاراكتېرلىك خوتۇن ـ قىزلار دەرد ـ ئەلەملىرىنى شەكىللەندۈردى.

ئەمدىلا ئون تۆت ، ئون بەش، ئون ئالتە ياشلارغا كىرگەن قىزلارنى زورلاپ ئەرگە بېرىش، ئەمدىلا بالاغەت يېشىنى ياشاۋاتقان ئون يەتتە، ئون سەككىز ياشلاردىكى قىزلارنى «لايىق چىقماي ئولتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

قاپتۇ» ، «خۇدا ئۇرۇپتۇ» ، «بەختى ئېچىلماپتۇ» دەپ مەسخىرە قىلىش، ھەتتا بەزى قىزلارنى «ساۋاپ» لىق ئۈچۈن «پىر» ، «خوجا» ، «ئۇلۇغ» لارغا دۇئا قىلدۇرۇپ خوتۇنلۇققا تۇتۇپ بېرىش، خوتۇن ـ قىزلارنى خۇسۇسىي مال ئورنىدا كۆرۈپ ئۆيلەرگە دۇملىۋېتىش ئەھۋالى ئېغىرلاشتى. جاھان پۇلغا يۈزلەنگەندىن بۇيان ئاز ـ تولا پۇل ـ ۋەج تاپقان ئاتىكاچى، نادان سۆلەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «قىز ئېلىش» ، «خوتۇننى ياشلاشتۇرۇش» ، «نەدە بولسا شۇ يەردە خوتۇن ئېلىش» تەك ناچار قىلىقلار باش كۆتۈردى. دەرۋەقە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان بۇ رېئاللىقنى ئەقىدە ـ ئېتىقادلىق، ئۆتكۈر كۆزلۈك بۇ پېشقەدەم ئىسلاھاتچى ھېچقانداق مۇبالىغىسىز ھالدا نەق كۆرگەن ئىدى. بىز ئۇ كۆرگەن بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» گە بېسىلغان «ئون ئۈچ ياشلىق چوكانلار» ماۋزۇلۇق ماقالىدىن قايتا كۆردۇق. گەرچە بۇ ماقالىنىڭ مۇئەللىپى بىر غەيرىي مۇسۇلمان مۇخبىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قەشقەرنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا كىچىككى ئون ئۈچ ياش، چوڭى ئون يەتتە ياشلىق بىر يۈز سەكسەن بىر نەپەر قىز بالىنىڭ 1995 ـ يىلىدىن 1997 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەكتەپتىن زورلاپ چىقىرىۋېلىنىپ ئەرگە بېرىۋېتىلگەنلىكى، نەتىجىدە بالىنىڭ بالا تۇغقانلىقى، بالىنىڭ بالا يېتىلىگەنلىكى، بالىنىڭ بالا باققانلىقىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ «مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش دېگەن گەپنىڭ بۇ يەردە بىر جۈملە قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ» دەپ يازدى.

زامانىمىز ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن چىققان يېڭى «جاھىلىيەت دەۋرى» نىڭ كەسكىن تەنقىدچىلىرى ئىچىدە 1996 ـ، 1997 ـ يىللىرى مىسىردىكى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا كلاسسىك ئىسلام دىنى نەزەرىيىسى (ئۇسۇلۇد دىن) بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلغان «تەكلىماكانى» تەخەللۇسلۇق ئالىم ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندىنىڭ قاھىرەدە يازغان «بىزدىكى ئەبگالىق» دېگەن ئەسىرى خوتۇن ـ قىزلار مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنغان بۇ رىسالىمىز ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك. ئۇ بۇ ئەسىرىدە 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۆزى كۆرگەن ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەكتەپ بويىچە ئاتلىنىپ چىقىپ، ھەر كۈنى يېرىم كۈننى سەرپ قىلىپ ئۆيمۇ ئۆي بالا يىغىۋاتقان، مەكتەپكە ئەۋەتمەسلىك ئۈچۈن بالىسىنى يوشۇرۇپ قويغانلارغا ئامال قىلالماي، ئۇلارنىڭ كالا ـ ئېشەكلىرىنى جەرىمانە ئۈچۈن مەكتەپكە يېتىلەپ كېلىۋاتقان بىر ئەھۋال ئۈستىدىن سۆز ئېچىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە «بىز ئۇيغۇر مىللىتى تېخىچىلا جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشاۋاتامدۇق، نېمە؟» دەپ سوئال قويىدۇ ۋە: «بىز ئۇيغۇر مىللىتى مۇسۇلمان مىللەت بولغانىكەنمىز، بۇ شارائىت بىلەن ئىسلامىيەت ئىلمى بويىچە سەۋىيىسى يېتۈك ۋە ئەمەلىيەتچان ئالىملىرىمىز بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ بۇ ساھەمىز تېخىچە بىرىنچىدىن ئاق، ئىككىنچىدىن قاغجىراق ... شۇنداق بولغاچ، شۇ تۇرۇقتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىسلام دىنىنى زامانىۋى ئىلىم ـ پەنگە قارشى قويىدىغان، پەرزەنتلىرىنى پەننىي مەكتەپلەردىن چىقىرىۋېلىپ، دىنىي چالا موللىلارغا تالىپ قىلىپ بېرىشنى ئاشكارا تەرغىب قىلىدىغان قاششاقلىق ئاۋام خەلقنى گاڭگىراتماقتا» دەپ يازىدۇ. قىزلارنى مەكتەپلەردىن چىقىرىۋېلىپ ئوقۇتماسلىق. مەكتەپلەردە ئوقۇغان تۇرۇقلۇق ئىشقا ئورۇنلىشالماسلىق ھادىسىسى ۋە مەكتەپ ھاياتىدا يامان، ناچار نەرسىلەرنى (ئىسلام دىنى بىلەن سىغىشالمايدىغان) ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالغانلىق تۈپەيلىدىن يولدىن چىقىپ كېتىش مەۋجۇت بولماقتا. ئون ئۈچ، ئون تۆت ياشلاردىكى قىزلارنىڭ مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىنىپ ياتلىق قىلىنىشى ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا دائىم سۆزلەپ كۆنۈپ كەتكەن «فېئوداللىق ئىدىيە» دېگەن نېمىنىڭ كاساپىتىدىن ئەمەس، بەلكى غەرب دۇنياسىنىڭ بالىياتقۇ سىرتىدا ھامىلىدار قىلىش، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش چارىلىرى، جىنس ئۆزگەرتىش ئوپېراتسىيىسى دېگەنگە ئوخشاش تەبىئىي قانۇنىيەتكە خىلاپ ئەخمىقانە ئۇرۇنۇشلارنىڭ يامان تەسىرىدە ئەركىن بىرگە يۈرۈش، يالغۇز تۇرۇش، ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى دېگەنگە ئوخشاش قانجۇقلۇقنى بازارغا سالغانلىقى ئۈچۈن ئەنئەنىۋى ئائىلە نىكاھ تۈزۈملىرى بۇزۇلۇپ، ئون ئۈچ، ئون تۆت ياشلىق ئەرسىز ئانا، نىكاھسىز پەرزەنت، ئون ئۈچ، ئون تۆت ياشلىق پاھىشىلەر مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن مەۋجۇت بولماقتا. جەنۇبىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردا خوتۇنلىرىنى «روپاش» . تۇتىدىغان ئەرلەرنىڭ ئاۋۇشى، شۇنىڭدەك يېزا ـ كەنتلەردە ئاۋۇالقىدەك ئەرلەر بىلەن ئاياللار بىللە بارىدىغان مەشرەپلەرنىڭ توگەپ، «بۇۋىم» ، «پىرىم» ۋە ئۇلارغا قول بېرىپ «تەرىقەت» چىلىك قىلىدىغان خوتۇن ـ قىزلارنىڭ كۆپىيىشى ئاتالمىش «ئايالار ئازادلىقى» نى دەستەك قىلىپ، جىنسىي ئەركىنلىك يولىدا ئالدى ـ كەينىنى تەڭ ئېچىۋەتكەن شەھۋانىي ئەر ـ خوتۇنلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن مەۋجۇت بولماقتا.

دىندىن خالىي ئۆرپلەشتۈرۈش، غەربلەشتۈرۈش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى غەيرىي ئىسلام

قىممەت قارشى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى ئىسلامىيەتكە ئېلىپ كىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارشى بىلەن تۇرمۇش ئۇسۇلىغا قاتتىق زەربە بەردى ۋە شۇنداقلا ئەنئەنىۋى جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، ئائىلە، قەبىلە ـ ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ھۇلىنى تەۋرىتىۋەتتى. ئىجتىمائىي سىياسىي بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيە ئاڭ فورمىسىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. غەرب مەدەنىيىتى ئىچىدىكى نۇرغۇن چىرىك نەرسىلەر ئۈزلۈكسىز ھالدا شەرققە ئۇرۇلۇپ ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئاجىزلاتتى. مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇرۇپ ۋە ئازابلىنىپ، ئۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبىنى دىنىي ئاڭنىڭ سۇسلىشىپ كەتكەنلىكىدىن، يوقالغانلىقىدىن، ئۆرپلەشتۈرۈش بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ چېكىدىن ئاشقانلىقىدىن كۆرۈپ، رېئاللىقتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئەڭ بۇرۇنقى دىنىي ئەقىدىلەردىن ئىزدەپ، كۆز ئالدىدىكى ئازابتىن قۇتۇلۇش ۋە مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈمىدىنى ئىسلامىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە باغلىدى. نۆۋەتتە بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ. ئەمما، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن مەنىۋى قۇرۇلۇشنىڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋىتىدە پۇل يەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا، ئەدەپ ـ ئەخلاق بولسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز مىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ئىسلام جەمئىيىتىنى ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئەمەس، غەيرىي ئىسلام ئىدىئولوگىيىسى بىلەن ئىسلاھ قىلىۋاتىمىز. بىلىشىمىز كېرەككى، بۇنداق ئەھۋالدا دىنىي تۈس ئالغان ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئۆزگەرتىش ئىشى شۇ دىنىنىڭ پازىل مۇجەددىدلىرى تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلسە ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىرقەدەر ئاسان بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشنى، سۈركۈلۈشنى، ئاخىرىدا قارشىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. «ئېچىش» (ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان ئېچىش) ئۆز نورمىسىدىن ئېشىپ كەتسە ياكى پاسسىپ ئېلىپ بېرىلسا، «يېپىش» مەيدانغا كېلىدۇ. «يېپىش» ئېچىۋېتىشنىڭ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلىشى بىلەن مەيدانغا چىققان ناشايان قىلىقلارغا قەلب ئىشىكىنى يېپىش دېمەكتۇر. يۈزنى ياپقۇچىلار ئەسلىي مەنىسى بويىچە ھەممە نېمىنى ئېچىۋەتكەن ئەخلاقسىزلار دۇنياسى ئۈچۈن مەۋجۇت. «تىلەمچى ئايالنىڭ يۈزىدىكى تور رومال مىللىي مەدەنىيلىكنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە كۆپ قاتلاملىق مەنىنى ئىشارەتلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا ھايا، ئىپپەت ـ نومۇس، قوغدىنىش، مەككارلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بار» (ئابدۇقادىر جالالىدىن: «تىلەمچى ئايال، مودا قىز ۋە ئىستېمال»). مانا بۇ بىزنىڭ بەزى مۇتالىئەچىلىرىمىزنىڭ تېخى بايقاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىشلىرىنىڭ بىرى.

خوتۇن ـ قىزلارنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى ھەققىدە قايغۇرۇش سىياسىيونلار، ئىسلاھاتچىلار، دىنىي ئالىملار ۋە پۇتكۇل جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان بارلىق خەلق ئاممىسىنىڭلا ئىشى بولۇپ قالماستىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭمۇ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1996 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئابلىمىت ئىمىنىنىڭ «ئەدەبىياتىمىزدىكى بەزى ئىللەتلەر توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ، ئەدەبىياتىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئۆرپ ـ ئادىتى، مىللىي خاراكتېرى، پسىخىكىسى ۋە دىنىي ئېتىقادى بىلەن ھېسابلاشماي، غەربنىڭ نەرسىلىرىنى قارىغۇيۇق قوبۇل قىلىپ، دورامچىلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مىللەت قوبۇل قىلالمايدىغان بىر قىسىم ئىللەتلەر ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى زورمۇ زور سۆرەپ كىرىش، مۇھەببەت تېمىسىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەردە تېخى بىسمىللا دېمەستىنلا ئوغۇل ـ قىزلارنى كۆزۋازلىق، سۆزۋازلىق، مەيدىۋازلىق ئويۇنلىرىغا باشلاپ كىرىش، بۇنىڭ بىلەن مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس تۇيغۇسى، ئىنتىلىش ۋە شەرمۇ ھاياسىنى دەپسەندە قىلىۋېتىش، «ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار» دەيدىغان فېئوداللىق كۆز قاراشلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلالماي، ئانىلىرىمىز، قىز، جۇۋانلىرىمىزنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىززەت ـ نەپسىنى دەپسەندە قىلىشتەك ئەھۋاللار قاتتىق تەنقىد قىلىنغان ئىدى. ھەمدە ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرگۈدەك نازاكەتلىك، ئىپپەتلىك ئاياللارنى يېزىش، ئاياللارنى غەم ـ غۇسسە، چۈشكۈنلۈك، ئاھۇ پىغان ۋە نالە ـ زار بىلەن تولغان پاجىئەلىك دۇنياغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا غايە، ئىستەك بېغىشلايدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان، ئالغا ئىنتىلدۈرۈپ غەيرەت ۋە جاسارەت ئاتا قىلىدىغان، قاششاقلىق، خورلۇق كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، گۈزەل يېڭى دۇنياغا باشلاپ كىرىش مۇراجىئەت قىلىنغان ئىدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 3 ـ ساندا «ئاھ، مۇھەببەت، ئاھ، ياشلىق» ناملىق بىر پارچە ئەسەر ئېلان قىلىندى. ئۇزاق ئۆتمەي ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى ئۇنىڭغا قارشى يېزىلغان «قىزلىرىمىز يىرگىنىشلىك مەخلۇقمۇ ياكى سۆيۈملۈك پەرىشتىمۇ؟» ناملىق «باھا»نى تاپشۇرۇۋالدى. ئاپتور بۇ نامەلۇم ئايال قەلەمكەشنىڭ سوئالىغا شۇ ژۇرنالنىڭ 2000 ـ يىللىق 3 ـ ساندا قىزلىرىمىز «ھەم مەخلۇق ھەم پەرىشتە» دەپ جاۋاب بەردى.

ئايىغى چىقمايدىغانلىقى ئېنىق تۇرغان بۇ كالتە جەڭنىڭ ئەھۋالىنى چىچەنلىك بىلەن كۆزىتىۋاتقان «مەھكىمە شەرئىي» نىڭ «قازى» سى ئۇنىڭغا «ھېچكىم مەخلۇق ئەمەس» دەپ پەتىۋا يازدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەۋا بېسىققان بولدى. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، 1996 ـ يىلى زامانىمىزدىكى يېڭى «جاھىلىيەت دەۋرى» تەقىدچىلىرىنىڭ بايراقدارى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» ، «خوتۇن ـ قىزلار بىزنىڭ ۋەتىنىمىز» ، «ئۇيغۇرلاردا ئانا تەربىيىسى ۋە ئانىلارنىڭ ساپاسى» قاتارلىق ماقالىلىرى جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئەجەللىك مەسىلىلەرگە جەۋانمەردلىك بىلەن جاۋاب بەرگەن ئىدى. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندە 2000 ـ يىلى ئىجتىھاتلىق قەلەم ساھىبى، جەمئىيەتشۇناس جۇرئەت دۆلەت ۋە ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ «بۇلارنىڭ تەقدىرىگە كىم مەسئۇل» دېگەن ئەسىرى بىلەن مۇئەللىمە ھۆرنىسا مامۇتنىڭ «ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى نىمىدە» دېگەن ماقالىسى، شۇنداقلا زامانىمىزنىڭ مۇتەپەككۇرى ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ئۇنىڭغا يازغان «ئەركەك سۈنى كۆپرەك ئىچەيلى» ماۋزۇلۇق «ئىلاۋە» سىنى كۆردۇق. يەنە ئارقىدىن ئۆلاپلا 2001 ـ يىلى خەلقىمىزنىڭ ئىمانلىق يازغۇچىسى ئادىل يىلدىرىمنىڭ «غەلىتە ئۆزگىرىش» دېگەن ھېكايىسى بىلەن ئابدىرېھىم دۆلەتنىڭ ئۇنىڭغا يازغان «ئەخلاقنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ؟» ناملىق تەقرىزىنى كۆردۇق. بۇ ماقالە، ھېكايە، ئوبزور ھەم تەقرىزلەر نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان قەبىھ ئىللەتلەرنى رەھىمسىز پاش قىلىپ، رەسۇلىللا زامانىسىدا ئاللانىڭ ھۆكمى بىلەن يوق قىلىۋېتىلگەن «جاھىلىيەت دەۋرى» گە قايتىدىن قايتىپ كېتىۋاتقان دوزىخىي، گۇناھكار، مۇناپىق ئاسىيلارنى قاتتىق دۇمبالىدى. ئەمما، بىزنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىمىزغا بېغىشلانغان مەخسۇس نەشر ئەپكارلىرىمىز خۇددى «بۇلارنىڭ تەقدىرىگە كىم مەسئۇل» دېگەن ئەسەردە قەيت قىلىنغىنىدەك، ئاياللارغا بۇ خۇسۇستا مەنپەئەتلەنگۈدەك بىر نىمە بېرەلمىدى. سەھىپىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى، يىگىت قانداق قىلغاندا قىزنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، قىز قانداق قىلغاندا يىگىتنى جەلپ قىلالايدۇ، دېگەندەك ئىپپەت سودىسىغا بەردىيۇ، ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى ئۈچۈن مەخسۇس، مۇقىم بىرەر سەھىپە ئاجرىتالمىدى. ئەكسىچە، ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى ھەققىدە ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ يېزىلغان بەزى نادىر ئەسەرلەرنىڭ مۇھەررىرلىرى ئاياللارغا ھەقىقىي كۆيۈنۈشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان بەزى سىياسەتۋازلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنى ئايال‌لار مەسىلىسى مۇتەخەسسىسلىرى دەپ ئاتىشىۋالغان ئايرىم ساندىكى بەزى كىشىلەر مەتبۇئات ۋە باشقا سورۇنلاردا ئاتالمىش تەبىرى ئېنىق بولمىغان «ئايال‌لار ئازادلىقى» نى مۇھاكىمە قىلىش نامى ئاستىدا بىر ـ بىرىدىن چاكىنا، تېتىقسىز، تۇترۇقسىز، بىمەنە سەپسەتىلەرنى بازارغا سېلىپ، جەمئىيەتتىكى بەزى نادان، ساپاسى تۆۋەن دورامچى ئەر ـ ئايال‌لار ئارىسىدا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى. كالللىمىزنى سىلكىۋېتىپ ئويدانراق قارايدىغان بولساق، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەڭدىن تولىسىنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ قەۋمىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى بىلەن ئوينىشىپ قىلىنىۋاتقان بۇ ئاتالمىش «مۇھاكىمە» لەرنىڭ تولىمۇ پۇچەك ۋە باللارچە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئېتىقادنىڭ، ۋۇجۇدىدا ۋىجداننىڭ، يىلىكىدە قۇۋۋەتنىڭ، مەزمۇنىدا ئىستىقلال پىكرىنىڭ كەم بولۇپ، گۆشى بىلەن سۆڭىكى بىر ـ بىرىدىن ئاجراپ كەتكەن زەئىپ مۇتالىئە ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم. بىلىشىمىز كېرەككى، ھەرقانداق زەئىپ مۇتالىئەگە نەجىپ تەپەككۇر ئالەمى يول قويمايدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» دە ھاراق ئىچىش، زەھەر چېكىش، قىمار ئويناش، زىنا قەتئىي مەنئى قىلىنغان ئىدى. ئەمما، ئالالتائالانىڭ ئىنسانلارغا كۆيۈنۈپ قىلغان بۇ نەسىھىتى دىلىنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتكەن ئۇيغۇر ھاراقكەشلىرى دۇنياسىغا قىلچە تەسىر قىلمىدى. «مىللىتىمىزنىڭ ئاتىلىرى ھاراقكەش، ئانىلىرى گىرىمكەش» بولغانلىقتىن، مەسچىد ـ خانىقاھلىرىمىزنىڭ يېنىدا قاۋاقخانىلار بىلەن ھاراق بوتكىلىرى قەد كۆتۈردى، ئىمام، مەزىنلەرنىڭ ئەزان سادالىرى بىلەن رېستورانلاردىكى كەيپچىلىكتىن كۆتۈرۈلگەن قىقاس ـ سۈرەنلەر ئارىلىشىپ كەتتى. نەزىرلەردىكى قارىي قۇرئانلارنىڭ قىرائەت ئاۋازلىرىدىن توي ـ تۆكۈنلەردىن ھېچبىر پەرقى يوق مۇسىبەت زىياپىتىنىڭ ھەزىل چاقچاق، كوت ـ كوت پاراڭلىرى غالىب كەلدى. قەدىم نامەلەرگە كۆرە، ئۇيغۇر ئەدەبىيات سەنئىتىنىڭ مۇقەددەس پىرامىدىسى بولغان ئون ئىككى مۇقام قەدىمدە دۇئا، مۇناجاتتىن كېيىن جەيناماز ئۈستىدە ئېيتىلاتتى. ھازىرقى كۈندە «نوتۇق» ۋە «ھاراق مارشى» دىن كېيىن قاۋاقخانىلاردا ئېيتىلىدىغان بولدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە يېزىلغان بۈيۈك ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» دە قەيت قىلىنغان «شارابتا يۈزىنى يوغان بىنامازلارنىڭ ئەزىز، تەقۋادار بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ خار» لاشقانلىقى ھەققىدىكى ئىبرەتلىك قەيتلەر مىڭ يىللار داۋامىدا تولا شالغۇتلىشىپ ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنىنچى ياكى ئون بىرىنچى ئەجدادلىرىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى ئىدى. ئىسلام دىنى قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت

دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن ئاشۇ شەرىئەت دۇنياسىدىنمۇ ھېچبىر ھېيىقماي يۇققان بۇ كېسەل تا ھازىرغىچە پۈتكۈل غەربىي يۇرتتىكى ماددىچىلار دۇنياسىدىن خاتىرجەم ھالدا ئۆزىگە ئىللىق قونالغۇ تاپماقتا. ھازىرقى ئۇيغۇرلىرىمىز ئەختەم ئۆمەرنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «ھاراق جامائىتى ۋە مەسچىد جامائىتى دەپ ئىككىگە بۆلۈنمەكتە. كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئاتا بىلەن ئانا مەسچىد جامائىتى، ئوغۇل بىلەن قىز ھاراق تانسا جامائىتى بوپقالدى». ھاراق مىللىتىمىزگە نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدى؟ «ئىسلام روھى ۋە بۈگۈنكى رېئاللىقىمىز» ناملىق ماقالىنىڭ مۇئەللىپى ئوسمان ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، ھاراق مىللىتىمىزگە جىسمانىي جەھەتتىكى كېسەللىك، روھىي جەھەتتىكى دۆتلۈك، خامۇشلۇقنى، ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقىنى يوقىتىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىش بىلەن ئىجادىيەت - ئىختىرا ئەتمەكنى خالىمايدىغان لايغەزەل، ھۇرۇنلۇقنى، غەيۋەتخورلۇق، ئىتتىپاقسىزلىق، ئۇرۇش - جېدەلنى، توختىماي يۈز بېرىۋاتقان قاتناش ۋەقەلىرى بىلەن بالا - قازا، ئۆلۈمنى، ئىسراپخورلۇق، ئىقتىسادىي زىيان، كەمبەغەلچىلىكنى، ھاراقنىڭ كەيپچىلىكىدىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان پاسكىنا، مەينەتچىلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەنە شۇ بۇزۇقچىلىقلار سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئائىلىدىن ئىناقلىق، بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ، نىكاھ بۇزۇلۇپ باللار يېتىم قالماقتا. زىيالىيلىرىمىز ۋە ياشلىرىمىز كۈندىن - كۈنگە ئەقىدە - ئىدراكسىز، پۇچەك، چاكىنا، كالۋا، قورقۇنچاق، تۇترۇقسىز، خېنىم مىجەزلەشمەكتە.

ئۇيغۇر مۇسۇلمان يازغۇچىسى ئادىل يىلدىرىم «يايپاڭ چىنە» دېگەن ھېكايىسىدە «قىرلىق ئىستاكان»، «يايپاڭ چىنە» لەردە ھاراق ئىچىپ ئەقىل - ھوشىدىن ئادىشىپ كەتكەنلىكتىن 19 - ئەسىردىكى ئىنىدىن ياشلىرىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقان زامان زەئىپلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: «مۇبادا مەن بۇ ئەلگە خاقان ياكى باش باقان بولۇپ قالسام، ئۇيغۇر ئىسلام قاراخانىيلار قوشۇنلىرى غازات ئېچىپ ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەر يوغان، ھەر ئېسىل بۇتلىرىنى چېقىپ، رەھىمسىزلىك بىلەن تۇپتاراج قىلىپ بولغاندىن كېيىن تېخى يەنە ئۈستىگە چىقىپ چېچىپ قويغاندەك، مۇشۇ قىرلىق ئىستاكانلارنى ئەنە شۇنداق قىلاتتىم. شۇنداق قىلمىلەرنى ئىشلىگەنلەرنى بولسا، دۇنيا ياكى ئامېرىكا تەرەپتىن ‹كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە قاتتىق ئاياغ ئاستى قىلىندى› دەپ ئەيىبلەنسەممۇ بەش يۈز يىللىق كېسۋەتكەن بولاتتىم» دەپ قاتتىق ئېچىنسا، «قىرلىق ئىستاكان» ۋە «يايپاڭ چىنە» لەردە ھاراق ئىچىشنى مودىدىن قالدۇرۇپ، مەخسۇس سۇ ساپلىقىدا ھاراق ئىچىشكە باشلىغان دوزىخىيلارنى كىنايە قىلىپ، «ئۇلار كەينىمدىن چۇرقىراشتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى خۇددى جىن - شەيتانلارنىڭ ... ياق بېشىغا تۇر تېخى ئېسىپ قويۇلغان قەۋمنىڭ نالىسىگە ئوخشايتتى. ئارقامغا قارىمىدىم، خۇددى لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش. چۈنكى، ئارقامغا قارىغان بولسام، ئېھتىمال لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلى بۇزۇق خوتۇنىغا ئوخشاپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى» دەيدۇ. ئەقىدە - ئېتىقادلىق تەقرىزچى ئابدىرېھىم دۆلەت «ئەخلاقنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ؟» دېگەن تەقرىزىدە يەر شارى خاراكتېرلىك روھىي قۇرغاقچىلىقنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال ئەزەلدىن ئېتىقادى سۇيۇق بىز خەققە تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقى ھەم بىزنى كاردىن چىقىرىۋاتقانلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: «جىنسىي بۇزۇقچىلىق جەمئىيەتلىشىپ كەتكەندە بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدىغان نورمال ھادىسە، دەپ قاراش ئەخمىقانىلىق بولىدۇ. مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، بۇ خىل ئەخلاقسىز قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىپ تۇرۇشى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ بۇ ئىشلارنى نورمال ھادىسە سۈپىتىدە ‹توغرا› چۈشىنىپ ئەپۇ قىلىشى. ناۋادا كېيىن ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇپ كەتسە، بەلكىم ئاۋۋال مەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەرك ئېتەرمەن» دەپ يازىدۇ.

بىزدە نېمە ئۈچۈن خوتۇن - قىزلار پاجىئەسى ۋە ئۇنىڭغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەرلەر پاجىئەسى يۈز بېرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى بەزىلەر پاجىئە دەپ تونۇمايدۇ؟ ئىنساننىڭ روھى ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلمىسە، ئۇ ئىنساندا بەزى ئەندىشە، غەم - قايغۇ ۋە بىر نەرسىگە قانائەت قىلالماسلىقتەك ھالەتنى پەيدا قىلىدۇ. بەزى چاغدا ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ بىئاراملىقى ۋە غەم - قايغۇسىنى ئادەملەر كۆڭۈل ئاچىدىغان تاماشا ۋە كەيپ - ساپالاردىن قۇرۇق قالغانلىق سەۋەبىدىن، دەپ گۇمان قىلىپ ئۆزىنى ئويۇن تاماشا، كەيپ - ساپانىڭ قوينىغا ئاتىدۇ - دە، ئاخىر ھاراق ئىچىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۇنيا راھىتىگە قاتتىق بېرىلىدۇ ۋە تىرىشىپ بېقىپ (تىرىشىپمۇ) قولغا كەلتۈرەلمىگەن ئارزۇلىرىغا يېتەلمەي ھەسرەت چېكىدۇ ۋە ياكى ھەممىشە قايمۇققان ھالدا، تاتلىق يېيىش - ئىچىش ئىستىكىدە ئۆز ھاياتىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما، دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك، سۇسلاشمىغان ئادەم دىنىنىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىش داۋامىدا كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى مېھرىبان ئىگىسىدىن تىلەيدۇ، پىكىر ھېسسىياتلىرى ئارام ئالىدۇ ۋە يامان خىيال قىلىشقا ۋاقتى بولمايدۇ. ماددىچىلىقنىڭ يولى «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن بىراقلا يوقىلىدۇ، ئىككىنچى تىرىلمەيدۇ» دېگەن نەزەرىيىسىنى ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە كىرگۈزۈش بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئىنسانلارنىڭ شەھۋىتىنى باشباشتاق قويۇۋېتىدۇ، ئىنسانغا شەھۋىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھېرىسلىق پەيدا قىلىدۇ. ئىنسان ئالدىدا ھالال ـ ھارام، سېنىڭ، مېنىڭ دېگەن نەرسە بولمايدۇ، ھايا ـ نومۇس يوقايدۇ. زۇلۇم بىلەن ئادالەت ئوخشاش بولىدۇ. ھايۋان بىلەن ئىنساننىڭ ئايرىمىسى تۈگەيدۇ. ساراڭلىق ۋە ئاڭسىزلىقتىن مۇرەككەپ بولغان بۇ خەتەرلىك ئىجتىمائىي كېسەل ئىنسانىيەتنى چارىسىز پاراكەندىچىلىك ۋەيرانچىلىققا تاشلاپ قويىدۇ. بۇنداق ۋەيران ھالدا قالغان ئىنسان ئۆزىدە چەكسىز جاپا ـ مۇشەققەتنى سېزىدۇ ۋە دەرد چېكىدۇ، ئۆزىگە ھازىرقىدىن ئەۋزەلرەك بىر ھايات ئىزدەيدۇ. ئەمما، ئۆزى دۇچار بولغان يامان ھالەتتىن قۇتقۇزىدىغان زۇرۇر بىر ياردەمنى تاپالمايدۇ. فرانسىيىلىك تېببىي فىزىئولوگىيە پەنلىرى ئالىمى شارل رىشىيە «ئىنسان روھىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە: «بىز ئۇنداق ـ مۇنداق ئىلىملەرگە ئىگە بولدۇق، دەپ پەخىر قىلغان ئىلمىمىز پەقەت شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلەلەيدىغان ئىلىمدۇر. ئەمما، شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىش تېخى بىزدىن قېچىپ تۇرىدۇ، ھېسسىياتىمىز بىلەن بىلەلمەيۋاتىمىز. جانلىق ۋە جانسىز ماددىلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋاتقان قانۇنىنىڭ ھەقىقىي تەبىئىتى تېخى ئەقلىمىزگە يېقىن كەلگىنى يوق» دېگەنىدى. روھىي پرىنسىپلار بەدەننىڭ تەلەپ ئارزۇلىرىدىن، لەززەتلىرىدىن كۆپ قىسمىنى قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇنداق پىداكارلىق راھەتپەرەس، نازۇچى ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. راھەتپەرەسلىك كىشىنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئۆز راھىتىدە داۋام قىلىشقا ئامراقلىقنى زىيادە قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۆزىگە كىرەكلىك ئىلىم ئۆگىنىشتىن ئىبارەت يېڭى تەرەپلەرگە قاراپ باقمايدۇ. مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، ئىلگىرىلەشكە ۋە گۈللىنىشكە ئېلىپ بارىدىغان ئامىللارغا نەزەر سالمايدۇ. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە راھەتپەرەس، ئىسراپخور كىشىلەرنى ئىسلاھاتنىڭ (تۈزۈش، ياخشىلاشنىڭ) دۈشمەنلىرى، ھەر زامان ھەقنىڭ ئالدىنى توسىدىغان قارشى كۈچ، دەپ قارايدۇ. فرانسىيىلىك ئالىم مۇنتىيوسكونىڭ قارىشىچە، راھەتپەرەسلىك كىشىنى ۋەتەن سۆيۈشتىن يۈز ئۆرۈتىدۇ. ئېسىل، ئىناۋەتلىك ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ شەخسىي تەمەلىرى ئارقىسىدىن ماڭىدىغان قىلىپ قويىدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ قارىشىچە، راھەتپەرەسلىك پۈتۈن ئۈممەتنى يوقىتىدۇ. ھەرقانداق مىللەت ئىچىدە راھەتكە بېرىلىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى شۇ مىللەتتە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يوقسۇل بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. مىللەتنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرمۇش ئېھتىياجىغا لازىملىق نەرسىلەرنىڭ قىسلىشىپ، قىممەت بولۇپ كېتىشى مىللەت ئىچىدىكى ھالاۋەتپەرەس بايلارنىڭ بۇزۇپ ـ چېچىشى تۈپەيلىدىن بولۇپ، بۇ ئەھۋال كەمبەغەللەر بىلەن راھەتكە بېرىلگەن بايلار ئارىسىدا ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ، ئاخىر پۈتۈن جەمئىيەتنى خاراب قىلىدىغان كۆرەشلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. پۇل ـ مال ئىنساننى ئۆزىگە شۇنداق قۇل قىلىۋالىدىغان نەرسىكى، ئۇ نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. ئۇلار پۇل ـ مال جۇغلاشقا ۋە پۇل ئارقىلىق راھەت كۆرۈشكە، پۇل تويلاش يولىدا كىشىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىدۇ. پۇل ـ مال پۈتۈن ھېسسىياتنى ئېلىپ كەتكەندە ئۇ ئىنساننىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ. ئەمەل ـ مەنسەپپەرەسلىكمۇ بۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ. بەزىلەر ئۆز قېرىنداشلىرىغا زۇلۇم قىلىش ھېسابىغا ئىمانىنى، ۋىجدانىنى، ئىنسانلىقنى تەرك ئېتىپ، زۇلۇم ئىستىبدادىغا قولچوماق بولىدۇ. بەزى كىشىلەر ئىشق ـ مۇھەببەت ئالدىدا مەغلۇب بولۇپ زەئىپلىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پۇلنى، مەنسەپنى ۋە مۇھەببەتنى ئىلاھ دەپ تونۇيدۇ. فرانسىيىلىك پەيلاسوپ ئاۋغۇست ساباتىئەر «دىن پەلسەپىسى» دېگەن كىتابىدا: «دىن بىئاراملىققا دۇچار بولغان ئىنساننىڭ روھى بىلەن شۇ ئىنسانغا مەخپىي بولغان ۋە ئىنسان ئۆزىنى ئۇنىڭغا تەۋە دەپ تونۇغان، مېنىڭ تەقدىرىم ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى ئاستىدا دەپ ئەقىدە قىلغان قۇدرەت ئارىسىدىكى ئالاقە مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. دىن ئىنسان روھى ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنىڭ كېلىپ چىققان ئەسلىگە ئۆزىنى ئېتىش ئارقىلىق ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلىدىغان بىر جانلىق ئەمەلىي ھەرىكەت بولمىغۇچە دىن بولالمايدۇ» دېگەنىكەن. بىز جاھاننىڭ بۇزۇقچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ۋە پۈتۈن ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ۋەيران بولۇش سەۋەبلىرىنى ئۆزىدىن ئىزدىمەي، باشقا سەۋەبلەردىن كۆرۈۋاتقانلىقىغا قاراپ ھەيران قالىمىز. ئۇلار «ھەقىقەتنى نەدىن تاپىمىز؟» دېگەن ماقالىدە قەيت قىلىنغاندەك، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بارلىق چۈشكۈنلۈك، تەركىدۇنيالىق، ئىنتائەتمەنلىك، ھورۇن ـ ئاڭقاۋلىق، تىرىشماسلىق، دۇنيانى بىلىشكە، ئۆزىنى ئىپادىلەشكە، ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلىشقا ئىنتىلمەسلىكتەك سەۋەبلىكلەرنى دىنغا ئارتىپ قويۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئادەملەر ۋۇجۇدىدىكى رەزىللىكلەرنى تاشقى دۇنيادىن ئىزدەيدۇ، ئۆز جېنىدىن، ئۆز روھىدىن ئىزدىمەيدۇ. بۇلاردا زادى نېمە كەم؟ بۇلاردا روھىي ئېتىبارلارغا ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر ئېتىقاد كەم. ھىندىستاننىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئۇلۇغ شائىرى، يازغۇچىسى، پەيلاسوپى ۋە مەشھۇر جامائەت ئەربابى

رابىندرانات تاگور (1861 ـ 1941) روھىي ئېتىبارلارغا ئەھمىيەت بەرمەستىن ماددىي ئىلىم ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ھازىرقى مەدەنىيەتنى تەنقىد قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن بىرقانچە سائەت ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلىرىغا: «ئىلمىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈشلەر تەبىئەتنىڭ بەزى ھۆكۈملىرىنى تۈزىتىدۇ، ياخشىلايدۇ. لېكىن ئىنساننى ئىمتىيازلىق بىر ھايۋان قىلىدۇ، خالاس. ھەر شەخسكە مۇستەقىل بىرلىكتەك روھىي كاملىلىق تەرەپكە يول كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. مېنىڭچە روھىي كاملىلىق ماددىي ئىلگىرىلەشكە باغلىق ئەمەس. روھىي كاملىلىق ئەبەدىي بىر جەۋھەر بولۇپ، مەيلى بىز ماددىي تەرەققىياتتا كېيىن قالغان بولايلى، مەيلى ئىلگىرىلىگەن بولايلى، ئۇ بىزنىڭ جېنىمىزغا ئورناشقاندۇر. بىز كۆچىمىزنىڭ يېتىشىچە شۇ ئەبەدىي جەۋھەرنى ئۆز جېنىمىزدىن ئىزدىشىمىز، بىزدىكى ئەمەلىي ئىپادىلىرىنى ۋە بىز بىلەن باشقىلار ئارىسىدا شېرىك بولغان كۈچلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشىمىز لازىم» دېگەنىدى.

ئەخلاق ئىلمى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى تەكشۈرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىتا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. ئىشلاردا مەقسەت قىلىشقا تېگىشلىك غايىنى ئىزاھلايدۇ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئەخلاق بۇزۇلۇپ، ئەخلاق ئىلمى زەئىپلەشسە، مىللەت ۋەيران بولىدۇ. پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «مىللەتنى يالغۇز توپ زەمبىرەكلا ئەمەس، چېكىملىك نەيزىسى، ئىچىملىك رومكىسى بىلەن بۇزۇقچىلىقمۇ خار ـ زەبۇن قىلالايدۇ. ئىمان ـ ئېتىقادلىق، غورۇر ـ ۋىجدانلىق ئەركەكلىرىمىز ۋە ئىپپەت ـ نومۇسنى جېنىدىن ئەزىز بىلىدىغان قىز ـ ئاياللىرىمىز ئارىسىدىن بىر تۈركۈم قەھرىمانلارنىڭ چىقىپ ھەممە ئۇنۇملۇك ۋاستىلار بىلەن (زەھەرلىك چېكىملىك ۋە جىنسىي چىرىكلىكتىن ئىبارەت) بۇ ئىككى ‹قىيامەت بورىنى›، سىياقىدىكى ئىپلاس ھادىسىنى چەكلەشكە جان ـ پىدا قىلىشلىرىنى تارىخىمىز تەقەززا قىلماقتا» . گەرچە «غەربكە بۇرۇلۇپ قارىساق، غەرب ئۇپۇقىدىن مۇشۇ ئەسىر بېشىدىكى مەرىپەتچى زاتلىرىمىزغا ئىلھام بېغىشلىغان ھېلىقى ئۈرنەكلەر جىلۋىلەنمىگەن، شەرققە تىكىلىپ قارىساق، شەرق ئاسمىنىدا كۆرۈنگىنى پەقەت غايە بوھرانلىرى، ئاقچا سارا سىملىقى بىلەن مەي سىمفونىيىسى» بولغان بولسىمۇ، «مىللەتنى قايتا ئويلاندۇرۇپ، ئۇنى قايتا ئويغىتىپ مىللەت گەۋدىسىدىكى ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۇرۇنسىز مەغرۇرلۇق سېپىپ ياتقان بىر قاتار ئىللەت ۋە زەئىپلىكنى يېڭىپ، مىللەتنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى مۇجەسسەملىكىنى كۈچەيتىپ، مىللەتنى قابىل ۋە قادىر ئېتىنىك تۈركۈمگە ئايلاندۇرۇشنى نىيەت قىلغان (بىر تۈركۈم) مۇنەۋۋەر كىشىلەر ئەھلى» ھازىر يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار مۇشۇ رىسالىمىزدە نام شەرىپى، ئىجاد مېھنەتلىرى زىكىر قىلىنغان خوتۇن ـ قىزلار مەسىلىسى مۇتەخەسسىسلىرى بولۇپ، سانىنىڭ ئازلىقىغا قارىماي، شەھەر ـ قەسەبەلەرنىڭ ئاۋاتلىششى مەزگىلىدىكى ئىنسان قەلبىنىڭ نامراتلىششى ئۈستىدە قاتتىق رىيازەت چېكىپ سەيئى ـ ئىجتىھاتلار قىلماقتا.

ئىسلام دىنى كامالەتكە يەتكەن مۇكەممەل بىر دىن بولسىمۇ، نادان خەلقلەر، بىدئەت ئەھلىلىرى تەرىپىدىن خۇراپاتلىقلار، ۋەھىمىلەر قوشۇلۇش ئېھتىماللىقى ھەرقاچان، ھەر زامان بولۇپ تۇرغان ۋە تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاتائالا ھەربىر ئەسىردە رەسۇلۇللانىڭ ئەلچىلىكىدىكى ساپ دىنىدىن خەۋىرى بار ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار دىنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ ۋە بىلدۈرىدۇ.

گەرچە 21 ـ ئەسىردە بىز ئويلىغان ۋە ئويلىمىغان، تەسەۋۋۇر قىلغان ۋە قىلمىغان بۇزۇق ئىللەت، بىدئەت زىللەت، شۇنداقلا خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ يېڭى ـ يېڭى پاجىئەلىرى ھايات ياشاۋاتقانلىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتقىدەك دەرىجىدە مەيدانغا كەلسىمۇ، ئەمما بىز 20 ـ ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ مۇجەددىدى رىزائىددىن بىننى پەخرىددىن ھەزرەتلىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك، شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ئىسلام دۇنياسىدا بولغان ھەر تۈرلۈك ھادىسىلەر، مەزھەپلەر ۋە مەسىلەكلەرنى يوقىتىپ، مۇسۇلمانلارنى «قۇرئان» ۋە «سۈننەت»كە ئەمەل قىلدۇرىدىغان دىن مۇجەددىدلىرىنىڭ زۇھۇر ئېتىشىگە ئىمانىمىز كامىل ۋە ئۈمىدىمىز زوردۇر. خەير، ئۈممەت ئۇنىۋانى بىلەن مۇشەررەپ ئەتكەن بۇ نەجىب قەۋمنى ئاللاتائالا مۇشۇ ھالەتتە قويماس ھەم كونا ـ يېڭى خۇراپاتلىق قاراڭغۇلۇقلىرىدا ئادىشىپ يۈرۈشلىرىگە رىزا بولماس. بەندىلەر شۇ مۇجەددىدلەرنىڭ خىزمەتلىرى سەۋەبىدىن رەسۇلۇللانىڭ توغرا يولىغا قايتسا، ئاداشقان باللارنىڭ ئانىلىرىنى تاپقان سائەتلىرى كەبى شادلانسا ئەجەب ئەمەس.

ھىجرىيە 1422 ـ سىنە جەمادىيەلئاخىرنىڭ 18 ـ كۈنى
مىلادىيە 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى